
ISSN 1002-9044




1996 11

ISSN 1002-9044

# تارىم ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن خېرىدارى، تەشۋىقاتچىسى، تارقاتقۇچىسى. تەھرىر بۆلۈمىمىز سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاپ، داۋاملىق ئاكتىپ مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزغا رەھمەت — ھەشقاللا ئېيتىدۇ.

ژۇرنىلىمىز ھەر خىل ياش، ھەر خىل كەسىپ ۋە ھەرساھەدىكى كىتابخانلارنىڭ ئوخشاشمىغان قىزىقىشى، تەلەپ-ئارزۇسى، ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىتابخانلار ۋە كەڭ ئاپتورلارغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە يېڭى-يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ئۆز سەھىپىسىنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، «يېڭى رومانلىرىن تاللانما»، «لەززەت»، «ئۆرنەك»، «ئەسەر ۋە نەزەر»، «ئەدىبلەر سۆھبىتى»، «ئاپتور، ئەسەر، مۇھەررىر»، «ياش ھەۋەسكارلارغا مەسلىھەت»، «يېڭى لەتىپىلەر»، «تۇنجى قەدەم»، «ئاپتور ۋە ئەسەر»، «ئەسەر ۋە باھا»، «ئىجادىيەت مۇنبىرىدە»، «ئالقىش ۋە ئۈمىد»، «بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز»، «خاتىرە ۋە ئەسلىمە»، «كىتابخانلاردىن خەت»، «مەشھۇر يازغۇچىلار ئىزىدىن»، «كلاسسىك ئەدەبىياتتىن نەمۇنە»، «مىراس جەۋھەرلىرى»، «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن»، «مۇھاكىمە ۋە تەقرىز»، «مەسەل ۋە ساتىرا»، «بالىلار ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن»، «تەرمە گۈللەر» «پېشقەدەملەر مۇنبىرى» قاتارلىق سەھىپىلەردە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ھوزۇرىڭىزغا تەقدىم قىلدى. ژۇرنىلىمىز كېلەر يىلى بۇ سەھىپىلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، سىزنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. 1997 - يىللىق سانلىرىغا 1996 - يىلى 1 - نويابىردىن باشلاپ ھەرقايسى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى 4.00 يۈەن، يېرىم يىللىقى 24.00 يۈەن، بىر يىللىقى 48.00 يۈەن.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66-58.

چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: M4461

ھۆرمەت بىلەن

**تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1996 - يىل ئۆكتەبىر

# تارىم

ئايلىق

ئەدەبىي ژۇرنال

46 - يىل نەشرى

11

1996


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدىرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرى ئەسەرلەر


روزى هوشۇر........ قەھرىمانىنىڭ ئوغلى (پوۋېست)............. 4
مالىك كېۋىر.......... باھار ئاپتىپى (ھېكايە)................. 70
تۇرسۇنجان ھاشمى...... قانۇن دەرۋازىسى ئالدىدا (ھېكايە).......... 84
سۇلتان ھاشىم...... خەير-خوش، يەر شارى (فانتازىيلىك پوۋېست)... 97
ئابدۇۋەلى قادىر..... كەڭسايدىكى قانلىق جەڭ (تارىخي ئوچېرك).... 126


## شېئىرلار


مەھەممەتجان راشىدىن... غەزەللەر............................ 57
مۇسا ئەھەد.......... كىيلەر شوخۇپ بىر دەستە زەر نۇر........... 61
ئابلىز هوشۇر........ بىر ئۆمۈر پەرۋانىمەن...................... 62
ئابدۇرېھىم زۇنۇن..... سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى.............. 64
ئادىل تۇنىياز........ مۆجىزىلەرنىڭ تىكچىنى سۆككەندە........... 65
ئابدۇرېھىم سىدىق..... رۇبائىيلار.............................. 66
تۇراپ ھەسەن......... ئىسسىقلىق يەتكۈزگىن قىشتا ئوت بولۇپ...... 67
ئابدۇسەمەت خېلىل..... ئۆتۈنۈش................................ 68
ئەزىزجان هوشۇر....... پاتماي قالدى قەلبىمگە سۆيگۈ.............. 68
ئابدۇللەھەد قادىرى.... غەزەللەر.............................. 87
تەلئەت قادىرى........ تاغ قەلبىدە............................ 89
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم..... چىمەنلەر جىلۋىسى...................... 90
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم.... سۆيگۈ تۇمارى.......................... 90
ئابلىمىت سەمەت...... كۆكۈل سۈرەتلىرى........................ 93
ئابلەت ئەخمەت....... بەختلىك ياشاشقا كۆپ ئەجرە كېرەك.......... 95
ئەخمەتجان ئىمىن ئارمانى... ئىككى شېئىر......................... 96

# بۇ سانىدا

## يېڭى قەدەملەر مۇنبىرى


مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى........ شېئىرلار.................... 134


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئەخمەتجان قۇربان......... بېخىل ۋە بوغا (چۆچەك).................138
هاجى ئەخمەت كولتېكىن..... يۇمران گىياھلار (شېئىرلار)...............142


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مەھەممەتتۇرسۇن ئىبلى........ ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار.................. 146


## ئەدەبىيلەر سۆھبىتى


شۆيەن............. هازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت خاتىرە ئەسەر-لەردىكى توقۇلما ۋە ساختىلىقلار......... 152


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


كىتاب خەۋەرلىرى........................ 159


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: پەرھات ئىبراھىم، زۇلپىيە ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتور: قىيۇم تۇرسۇن

روزى هوشۇر



# قەھرىماننىڭ ئوغلى

(پوۋېست)

## 1. باب

ئۇ ئاغرىققا چىدىماي توۋلىۋەتتى. جان ئاچچىقىدا قولى بىلەن يوتىسىنى مەھكەم قاماللىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پۇرچاقتەك ياش تامچىسى جىرغىپ چىقتى. چىرايى ئوتتا قورۇلغان تېرىدەك پۈرۈلدى، چېكە تومۇرلىرى شىددەت بىلەن لوقۇلدايتتى. ئۇ بودۇر-چوقۇر قىيا تاشنىڭ يۈزىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر ھازاغىچە قىمىرلىماي ياتتى. كېيىن كۆزلىرىنى زورغا ئاچتى ۋە بىر قولى بىلەن ئاپتوماتىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى. ئاندىن قاتتىق يارىلىنىپ، ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئۆز يارىسىنى يالاۋاتقان بۆرىدەك بويىنىنى تەسلىكتە سوزۇپ يوتىسىغا ئاغرىق، ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قارىدى.

ئۇنىڭ يوتىسى تىزىنىڭ بىر غېرىچ ئۈستۈن يېرىدىن چورتتىدە سۇنغان ئىدى. سۇنغان سۆڭەكنىڭ تۆۋەن تەرەپ ئۇچى شۇنچە قىلىن مۇسكۇل، تېرە ۋە ئىشتاننى يىرتىپ بۇرتۇپ تېشىغا چىقىپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ يەردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قان قاتتىق سوغۇقتا ئىشتان بىلەن قوشۇلۇپ قېتىپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ سول تەرەپ مۈرىسى، تاغىقى بىلەن قوشۇلۇپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاپتوماتىغا تايىنىپ زورۇققانىدى. بەدەن ئۆزىنىڭ بولسىمۇ سۇنغان سول مۈرىسى بىلەن يوتىسىنىڭ ئاغرىقى ئىككى خىل ئىدى. خۇددى «ئاچچىق» ۋە «چۈچۈك» يىلاندەك، ئىككى ئەزانىڭ ئاغرىقىنىڭ «تەمى» بىر-بىرىگە ئوخشى-مايتتى، لېكىن ئىككىسىلا جان قاقشاتقۇچ ئىدى.




ئۇ ئاغرىقىغا چىداش بېرەلمەي يەنە قىيا تاشقا

ئۆزىنى تاشلىۋەتتى-دە، كۆزلىرىنى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاستاغىنە يۇمدى.

شۇئۇرغان قۇترىماقتا ئىدى. بىر كەمدە لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى. تۈزلەڭلىكتە شۇ كەملەر پەسلىنىڭ ئەڭ دىلبەر چاغلىرى بولسا، بۇ يەردە — دېڭىز يۈزىدىن 4-5 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان ئادىمزاتسىز تاغ ئارىسىدا قەھرىتان قىش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. تۈزلەڭدە ھەممىلا نەرسىدە يېشىل شولا جۇلالىسا، بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە تاش، تاغ، ئاسمان، بۇلۇت... ھەممىسىلا كۆل رەڭ ئىدى. چېقىۋاتقان شامالمۇ كۆل رەڭ، شالاڭ ھاۋامۇ كۆل رەڭ ئىدى. ئەتراپ ئادەم قورققۇدەك جىمجىت ئىدى. بۇ كۆل رەڭ مۇھىت ئۆزى قورشاپ تۇرغان بۇ جىمجىت بوشلۇقتا پەقەت ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىلا تارقىتاتتىكى، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمايتتى. بۇ يەردە كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ناھايىتى كەمدىن-كەم كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە پەقەت ئۆلۈم كېزىپ يۈرەتتى. قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنىڭ تىۋىشىنى ناھايىتى ئاشكارا ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ جان-جەھلى بىلەن بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك ئايانچلىق ئاۋازدا بىر ئېڭىردى-دە، ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۈنۈگۈندىن بۇيان 6-قېتىم ھوشىدىن كېتىشى ئىدى.

ئۇنىڭ ئېتى ۋاسىل ئىدى. تۇرپانلىق كونا ئەسكەر ھەمدۇل ئۇنى «گاسىل» دەپ چاقىراتتى. يېڭى ئەسكەر تەلىم-تەربىيىسى ئالغان ئۈچ ئايلىق ۋاقتىنى قوشقاندا ۋاسىلنىڭ ئەسكەر بولغىنىغا ئەمدىلا ئالتە ئاي بولغانىدى. ئۇنىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بۇ ئەڭ ئېگىز قاراۋۇلخانىغا كەلگىنىگە ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغانىدى. قەشقەر بوستانلىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، قارلىق تاغ دېگەنگە بېرىپ باقمىغان بۇ يىگىت گېزىتلەردە «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ تاغ چوققىسىغا ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. بولمىسا شىمال تەرەپلەردىكى شارائىتى ياخشى جايلارغا، ھەتتا ئۈرۈمچى، كورلىدەك چوڭ شەھەرلەرگە كېتەر ئىدى. ئۇنىڭ بىر يېزىلىق ئاغىنىلىرى بۇ يەرلەرگە كەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى. لېكىن، ۋاسىل نېمىشقىدۇر ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندىلا قارا قۇرۇمدىكى چېگرا پونكىتلىرىغا بارىمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شەھەرلەردە، ياكى ئاشۇ چېگرادىن باشقا ھەرقانداق يەردە ئەسكەر بولۇش ھەقىقىي مەنىدىكى ئەسكەر بولۇش ئەمەس ئىدى. بۇ غەلىتە خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشتىن بۇرۇنلا كىرىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ ئارزۇنىڭ قوچىقىدا ساناقسىز كۈن ۋە تۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. شۇنچە يىللار ئۆتتى، نۇرغۇن سۇلار ئېقىپ ئۆتتى، ھەممىلا نەرسە ئۆزگەردى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭۈل قېتىغا ئورناپ كەتكەن بۇ ئارزۇ كونىرىمىدى، ئۆزگەرمىدى. ئەكسىچە، بۇ ئارزۇ كۈنسېرى كۆكلەپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆكسىدە باغچانلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. «تىلسەڭ تاپارسەن» دەيدۇ-غۇ، راست ئىكەن، ئۇ ئاخىرى تىلىكىگە يەتتى.

www.uyghurkitap.com



قىزىق، ئۇنىڭ كىچىكىنە كاللىسىغا بۇنداق غەلىتە خىيال قانداقسىگە بۇنچە مەھكەم ئورناپ كەتتىكىنا؟ بۇنى ئۇنىڭ ئاتىسى، ئاچا-سىڭىللىرى، دوست-بۇرادەر، يار-ئاغىنىلىرى بىلمەيتتى. پەقەت ئانىسىلا بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆزىتىپ چىققان كۈنى ناھىيە بازىرىدا خوشلىشىۋاتقان چاغدا ۋاسىلنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قېلىشتى. ئەسلىدە ئۇنچىلىك ھەيران بولۇشمۇ كەتمەيتتىغۇ، چۈنكى ئەسكەر دېگەن بىر تال ئوقتا ئوخشايدۇ، ئۇنى قايسى تەرەپكە قارىتىپ ئاتسا، شۇ نىشان تامان ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن ۋاسىلنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان «قارا قۇرۇم»، «چېگرا پونكىتى»، «ھايات چەكلەنگەن رايون»، «جەسەت داۋنى»، «كۆكئارت» دېگەن گەپلەر ئۇلارنى راستتىنلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئارانلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بۇ سەھرا بالىسى بۇ گەپلەرنى نەلەردە يۈرۈپ ئاڭلىۋالدىكىنە؟ ئۇ يا كىتاب، گېزىت دېگەن نەرسىلەر بىلەن ھەپىلەشمىسە، ياكى ھازىرغىچە ناھىيە بازىرىغا 8-10 قېتىم بېرىپ بازار ئويناپ كەتكەندىن باشقا، يېزىدىن بىرەر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان تۇرسا؟! ئۇلار چۆچۈش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ۋاسىلغا ئۈنسىز تىكىلىپ قېلىشتى. سىڭىلىسى ئاسىيە بولسا نېمىدىنىدۇر ۋەھىمە يېگەندەك يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە بارالماي قالغان ئاغىنىلىرى بولسا، ۋاسىلنىڭ تۇرۇپلا باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغىنىدىن ھەم پەخىرلەنسە، ھەم ھەسەت قىلىپ قالدى. چۈنكى، ۋاسىل بۇ گەپلەرنى ئەزەلدىن ئۇلارغا قىلىپ باقمىغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئويچان، خىيالپەرەس بولۇپ قالغان ئىدىغۇ؟ لېكىن ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىدىن تارتىپ شامۇ سەھەر بىللە ئويناپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىشكەن... باللاردا بىر-بىرلىرىدىن يوشۇرۇپ قالىدىغان سىر بولاتتىمۇ؟! لېكىن... لېكىن ئۇلار ۋاسىلنىڭ ئارمىيىگە مېڭىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى قىلغان بۇ گەپلىرىنى ئىلگىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلىغانلىرىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيدۇ! ئىلگىرى ئۇ ئېزىپ-تېزىپ بولسىمۇ بۇنداق گەپلەرنى زادىلا دېمەيتتى. بۇگۈن ئۇشتۇمتۇتلا ئىچىدىكىنى تۆكۈۋەتتى، تۆكۈۋەتتى-دە، ئۆزىمۇ بىردىنلا باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا ئۇ ئىلگىرىكى ۋاسىلغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. گويا ناھايىتى پىشقان، ئۆزىنى تۇتىۋالغان، تولىمۇ قەتئىي، ۋەزمىن بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى دادىسى-ئانىسى، سىڭىللىرى (ۋاسىل ئائىلىسىدە بىرلا ئوغۇل ئىدى) ھەممىدە ئۆزىنى ئارىغا ئېلىشىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر مەھەللىلىك تەڭتۇش ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئەمەس، ئەكسىچە نەزەرىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئاشۇرۇپ يىراققا، يېزا بازىرىنىڭ چەت ياقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سېدە تەرەپكە تىكىپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئېيتقاندىمۇ ئۇلارغا ئەمەس ئۆزى بىلەن ياكى بولمىسا بۇ يەردە يوق كىم بىلەندۇر غايىبانە سۆزلىشىۋاتقاندەك پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان، لېكىن دېھقان بالىسىغا خاس پاكىز يۈزى لاۋۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ

سىدە تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلىرى ئىمشقدۇر مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇ كۆزلەردە بىر چوڭقۇر مەيۇسلۇك ئەلەڭگىيتتى.

ئەسكەرلىككە ماڭغان باشقا يىگىتلەر ئاتا-ئانا، يار-بۇرادەرلىرى بىلەن قىزغىن ۋە خۇشال خوشلاشماقتا ئىدى. ئۇلار زوق-شوخ بىلەن سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، يىغلايتتى. ۋاسىلمۇ ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەن بىر يىگىت ئىدى. ۋاسىل دەسلىپىدە، ماشىنىغا چىقىپ ئەل-يۇرت بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاپ كېتىدىغان قۇشنى ئاخىرقى سائەتلەرگىچە تولىمۇ خۇشال ئىدى. بېشى كۆككە يەتكەنىدى. لېكىن ئىزرۇپلا، ماشىنىغا چىقىدىغان پەيتتە ئۇ ئىمشقدۇر ئىچىمۇ جىغۇر، ئىچىمۇ خىيالچان ۋە مەيۇس بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ ھەتتا ماشىنا قوزغالغىچە ئاشۇ سىدە تەرەپتىن كۆزىنى ئالمىدى. ئاتا-ئانا، سىڭىللىرى ۋەئاغىنە، بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالەتتە ۋەزمىن خوشلاشتى. ماشىنا قوزغالغاندا بولسا يەنە ئاشۇ سىدە تەرەپكە قارىۋالدى. ماشىنا دوقمۇشتىن ئەگىپ كەتكىچە ئۇ يەردىن كۆزىنى ئالمىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى، ئانىسى ۋە سىڭىللىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇلارغا ۋاسىل ئۆزلىرى بىلەن تۈزۈنىمۇ خوشلاشمىغاندەك ھەتتا ئۇلاردىن رەنجىگەندەك تۇيۇلدى. ئانىسىنىڭ يىغىسى توختىماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئاپىسى خىتىلداپ يىغلىۋەتتى.

ئانىنىڭ يىغىسى شىرىنچىلىك ھەسرەتلىك ئىدى. بىچارە ئانا شۇ تاپتا نىمىلەرنى ئويلىدىكىن؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە نىمىلەر كەلدىكىن؟! ئانا سىنەلىرىنى تىترىتىپ ئىسەدەيتتى. ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۇلگۇرمەيتتى. ئاتا بولغۇچى ئۈنسىز ئىدى. ئۇ گويا نىمىندۇر بىر نەرسىنى ئەمدىرەك چۈشىنىۋاتقاندەك خىيالچان كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ خىيالىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى ۋە ئادىتى بويىچە خوتۇنىنىڭ شۇ دەمدىكى ئايانچلىق ھالىتىگە بولغان ئىچ ئاغرىقىنى قوپاللىق بىلەن بىلدۈردى.

— كۆڭلۈڭنى ئەسكى قىلما، ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىل!

ئاتىنىڭ زەردىلىك سۆزى بىلەن ئانا سەل پەسكويغا چۈشتى. ۋاسىلنىڭ ئاغىنە، بۇرادەرلىرى ئانىغا نەدىكى تايىنى يوق گەپلەر بىلەن تەسەللى بىرىشەتتى. بىركەمدە، يىزىلىق پەيچۇسونىڭ سوجاڭى تۇرەك ۋېلسىپىتنى شالدىرلاتقىنىچە ئالدىراپ-تىنەپ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەربىي ماشىنا ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى.

تۇرەك سوجاڭ سايىم توقى بىلەن نۇرنىساخاننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ھاسىراپ-ھۆمدەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاياغ مەھەللىدە بىر ئىش چىقىپ كىچىدىن بېرى شۇ يەردە بولدۇم، ئۇ بالىنى ئۇزىتالماي قالدىم-دە، — ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل كۆڭۈل يېرىمچىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— سىلىنىڭ يوللىرىغا قارىدىمىكىن كۆزى ئارتىسىدىلا كەتتى، ئۇ بالا. بىز بىلەنمۇ تۈزۈك خوشلاشماي، — دېدى نۇرنىساخان ئۆمچىيىپ يىغلاپ. دېمىسىمۇ ۋاسىل ئانىسىنى بەك ئىزىلىپ كەتمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقچىلا خوشلاشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 2-باب

شىۋىرغان بارغانسېرى قۇتراشقا باشلىدى. ۋاسىل مېڭىسىنىڭ ناھايىتى ئىچكىرى ۋە چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەكس ئېتىۋاتقان غۇۋا بىر شاۋقۇندىن ئازراق ئېسىگە كەلدى. بۇ شاۋقۇن قۇترىغان شىۋىرغاننىڭ ئۇشقۇرتىشى ئىدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان بۇنداق شىۋىرغان ئۈچ-تۆت قېتىم قوزغالدى. قىزىق، بۇ يەردىكى ھاۋا بوۋاقنىڭ مىجەزىگە ئوخشايتتى. بوۋاق كۈلۈپ تۇرۇپ بىردىنلا يىغلىۋەتكەندەك، كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىدىكى تىمتاس تاغ ئارىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن قارلىق شىۋىرغان دەستىدىن ھايت-ھۇيت دېگىچە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. قۇترىغان، ئەسەبىي شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەتتى-دە، يەنە ئوقتەك ئۇچۇپ جىمىپ كېتىۋاتقان ئاساۋ ئات بىردىنلا ئورنىدا چىپپىدە توختاپ قالغاندەك تۇيۇقسىز توختاپ قالاتتى. تۈنۈگۈندىن بۇيان ۋاسىل ئەنە شۇ دەھشەتلىك قار-شىۋىرغاننىڭ قوينىدا گاھ ھوشىدىن كېتىپ، گاھ ئېسىگە كېلىپ بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

تۈنۈگۈن ئەڭ خەتەرلىك بولغان قارا ئۆڭكۈر جىلغىسىنى چارلاش نۆۋىتى ئۇنىڭ بەنىگە كەلگەنىدى. ئۇ يەر ئالاھىدە بىر بۆلەك ئىدى. ئۇ يەر ھەم تىك ھەم ئېگىز ئىدى. چوققىغا بىرلا ئات بىلەن خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدە ماڭغاندەك مىڭ تەسلىكتە چىققىلى بولاتتى. يول يوق ئىدى. ئات خۇددى تاغ تېكىسىدەك تىك قىياغا تاشتىن-تاشقا سەكرەپ يامشاتتى. بۇ يەردە ماشىنا ۋە ماشىنا يولى ھەققىدە ئويلاشمۇ كۈلكىلىك ئىدى. چارلىغۇچى ئەسكەر گازارما بىلەن پەقەت ئات ئارقىلىقلا مۇناسىۋەت قىلالايتتى. گازارمىدا سىمسىز تېلېگراف بار ئىدى. ئۇ پەقەت قوماندانلىق شتاب ئۈچۈنلا ئىشلەيتتى. شۇڭا بۇ يەردە ئات بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى...

«ئەر قانىتى ئات» دېگەن تەمسىل بۇ يەردە ئۆزىنىڭ چىن مەنىسىنى تاپقانىدى. ۋاسىلنىڭ بەندىكلەر يولغا چىققىدىغان چاغدا، لىيەنجاڭ ۋاسىلنى چاقىرىپ، چارلاشتىن قايتىپ كەلگىچە لىيەننىڭ چارۋىچىسىنى يوقلاپ كېلىشنى تاپشۇردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەندىكلەر ئۇنى ئارقىمىزدىن يېتىشىۋالدىغۇ دەپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالغانىدى. ۋاسىل ئىتتىك ماڭغان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىشەلمىدى. كۆڭلىدە ئالدىدىكىلەر تار قىيا بىلەن ماڭغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى شۇ ياققا بۇرىدى... تاغ ئۈستىنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغانىدى. ئىككى قەدەم يىراقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لېكىن چىلانتورۇق بەكمۇ چېچەن ۋە ئەقىللىك ئىدى. تاغ يوللىرىغا تولىمۇ پىششىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېزىمىغا تايىنىپ يول تاپاتتى ۋە ماڭغان يولى ھەرقاچان توغرا بولۇپ چىقاتتى. ۋاسىل ئۆزىنىڭ جان جىگەر ئېتىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئىقتىدارىدىن

شۇبھىلەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئات ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. چېگرىنىڭ قارشى تەرىپىمۇ جىمجىت ئىدى. لېكىن ۋاسىل ھەر بىر قىيا، ھەر بىر تاش ئارىلىقلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. ئاتنىڭ بىر خىلدىكى ھاسىرىشى ۋە دەممۇ دەم پۇشقۇرۇپ قويۇشىنى، ئاياغ ئاستىدىكى ئۇۋاق تاشتىن كېلىۋاتقان تاقا ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ۋاسىل ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ چوققىدىن تۆۋەنلەپ ماڭدى. تۆۋەنگە يۈرمەك ئېگىزگە ياماشقاندىن كۆپ قىيىن ئىدى. تىك قىيادا ئاتنىڭ بېشى تۆۋەن، ئارقىسى ئېگىز بولۇپ قالاتتى. ئاتتا ئولتۇرماق ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. ۋاسىل ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا تاشلىدى. ئات پىچاقتەك ئۈچلۈق ۋە تار تاش ئۈستىدە مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ، تەمتىلەپ دېگۈدەك ئاران چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئايىغىدا چوڭقۇر جىلغا بار ئىدى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا تېيىلىپ كېتىپ چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەقىللىك ئات تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن، لېكىن ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ خەتەرلىك قىيادىن چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بىر كەمدە بىر يوغان قىيا تاشنىڭ ئارقىسىدىن بىر كېيىك ئۈشتۈمتۇت پارتلا قىلىپ يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، سول تەرەپتىكى قىيپاش دۆڭگە چاپراقلاپ چىقىپ كەتتى. بىر خىلدا كېتىپ بارغان چىلانتورۇق قاتتىق ئۈركۈپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى ۋە سالمىقىنى يوقىتىپ ئايىغى ئاستىدىكى چوڭقۇر جىلغىغا غۇلاپ كەتتى. ئات ئۈستىدە ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ۋاسىلمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئات بىلەن بىللە جىلغىغا غۇلاپ چۈشتى.

ۋاسىل ئالاھەزەل بىر-ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەندى. بولۇپمۇ ئوڭ پۇتى بىلەن سول مورە سۆڭىكىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىنمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى. يۈز-كۆزلىرىنى تاش جىجاپ قانغا بويىلىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزىنى غايەت زور بىر يوغان تاش ئاستىدا مىجىلىپ ياتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ تېخىچە ئاتنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ ياتاتتى. چىلانتورۇق قىمىرلىماي ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكەندى. قاپقارا قان سوغۇقتا ئۇيۇپ قالغانىدى. ۋاسىل سۆيۈملۈك ئېتىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزم قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئاچچىق ئاغرىق كىردى. ئۇ ئۆلگۈچە ئۆزۈملا... دەپ ئويلىدى ھەسرەت بىلەن. بۇنداق يېتىۋەرسە ئۇمۇ ئۆلۈپ قالاتتى. ۋاسىل لىۋىنى چىشلەپ ئىنجىقلاپ كۈچىيىپ باقتى. پۈتۈن ئەزايى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق ئېڭراپ يېتىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. بىركەمدە يۇقىرى تەرەپتە ئاتنىڭ پۇشقۇرغىنى، كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. ۋاسىل بەنجاڭنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ

uyghurkitap.com

چىققانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. ۋارقىراشقا قۇربى يەتمىدى. ۋارقىرىغانىنىڭ ئورنىدا پەقەت ھالسىزغىنە ئىڭرىيالىدى. ئاتلىقلار ئۈستۈن تەرەپتە بىرھازا ئۇياق-بۇياققا چېپىشتى. نېمىلەرنى دېيىشكەن، ئىشقىلىپ تۇۋلىغاندەك قىلىشتى. ۋاسىل ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قىچقىرغانلىقىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدى. ۋاسىل يەنە كۆچىنىپ باقتى. يەنىلا ئۈنى چىقمىدى. ئۇ ئاپتوماتىنى ئىزدىدى. ئاپتوماتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن ئىڭراپ كەتتى. بىر كەمدە ئاتلىقلار ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ يەنە چوڭقۇر ئۆلۈم جىمىلىقىغا چۆمدى. كەچ كىرمەكتە ئىدى. تۇمان بارغانسېرى قويۇقلاپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. ۋاسىل تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ ساق پۇتىنى ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىچە 3-4 سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەزايى-بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جېنى قاقشاپ كەتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ (ئۇ پەقەتلا ئۆمىلىيەلەيتتى!) ئاپتوماتىنى تاپتى. قولاقچىسى كۆرۈنمەيتتى. چاچلىرى بېشىدىن ئاققان قانغا چاپلىشىپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ مىڭ بىر بالادا ئاتنىڭ ئېگىرىنى يېشىپ بولۇپلا ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ بىردەمدىلا ئېسىنى تاپتى. بۇنداق يېتىۋېرىسە سۆزسىز ئۆلۈپ قالاتتى. ئۆلۈم مەيلىغۇ، ئۇ ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندىلا ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ قويغان، لېكىن... بۇنداق ئۆلۈش بەك ئەھمىيەتسىز ئىدى. ئۇ تېخى جەڭگە قاتناشقىنى يوق! جەڭچىنىڭ ئۆلۈمى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدىكى ئۆلۈم! دۈشمەن بىلەن بەتمۇ-بەت ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز!

بۇ يەردە ھاۋا شالاڭ ئىدى، بۇ يەردىكى ئوكسىگېن مىقدارى تۈزلەڭدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. مۇبادا زۇكام بولۇپلا قالسا مېڭە سۇلۇق ئىششىقى، ئېگىزلىك يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش ئادەتتىكى گەپ. مۇبادا ئېگىزلىك ئەكس تەسىر بېرىۋاتقان شارائىتتا ئۇخلاپلا قالسا، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن مەڭگۈ ئۇخلاپلا قالىدۇ. بۇنداق مىساللار بۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋاسىل بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ غايىسىگە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ قېلىشنى زادىلا خالىمايدۇ. ئۇنىڭ تاللىۋالغان ئۆز يولى بار، ئۇ بۇ يول ئۈچۈن يىڭىرمە يېشىدىكى چېغىدىلا ئۆزىنى تەييارلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي دۇنيادىكى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ خەتەرلىك بۇ چېگرا پونكىتىنى ئۆز غايىسىنىڭ جەڭگاھى، ئۆز روھىنىڭ ماكانى، ئۆزىنىڭ ئەڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كىشىلىك تۇرمۇش بېكىتى قىلىپ تاللىۋالغان... ئاشۇ خىياللار ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇرتىدىكى ھېلىقى يوغان سېدە دەرىخى ئەكس ئەتتى. ئۇ مانا مۇشۇ سېدە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆزىنى تېپىۋالغان،

ئۆزىنىڭ غايىسىنى تېپىۋالغان، ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى تېپىۋالغانىدى.
ۋاسىل چىشىنى چىشلەپ بېشىنى كۆتۈردى. بېشى پىررىدە قايدى. ئۇ زورۇقۇپ تۇرۇپ كۆزىنى كۆككە تىكىپ تىن تارتماي ياتقان سۆيۈملۈك ئېتىنىڭ بېشى تەرىپىگە ئۆمىلەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئۇزۇنغىچە سىلىدى. ئاندىن ئاتنىڭ پېشانىسىگە، ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىگە سۆيدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشى ئۆزىگە ئۈچ ئايدىن بېرى شامۇ سەھەر ھەمدەم بولغان جەڭگىۋار سەپدىشىنىڭ پېشانىسىنى ھۆل قىلدى.
ۋاسىل ئاتنىڭ قۇلىقىغا تۇمشۇقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ئېسەدەپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— ئەلۋىدا جان دوستۇم، مەندىن رازى بولغىن.
ئۇ خىتىلداپ يىغلىغان پېتى ئارقىسىغا ياندى ۋە ئاتنىڭ ئىگىرىنى ئېگىراپ تۇرۇپ دۆمبىسىگە ئارتتى. ئىگەر تولىمۇ ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ بىر پۇتى، بىر مۇرىسى چورتلا سۇنۇپ ئىشتىن چىققان بىر نىمجان ئادەم ئۈچۈن ئاتنىڭ ئىگىرىنى كۆتۈرمەك تېخىمۇ مۈشكۈل ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاتنىڭ ئىگىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايتتى. بۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېتىغا توقۇلغان ئىگەر بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇ جەڭچىنىڭ قورالىغا ئوخشاشلا جەڭچىنىڭ جەڭ مەنۇۋالاتى بولغىنى ئۈچۈن ئىدى. ھەربىي ئۇستاپتا جەڭچى ھاياتلا بولىدىكەن، ھەرقانداق ئەھۋالدا قولىدىكى قورالىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەندەك، ئۇ ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ ئىگىرىنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.
ۋاسىل ئىگەرنى خېلى قىيىنلىپ تۇرۇپ ئارانلا دۆمبىسىگە جايلاشتۇردى، ئاندىن ئاپتوماتنى ساق قولىنىڭ بىلىكىگە ئېسىۋالدى. قويۇق تۇمان ۋە كېچە قاراڭغۇسى ئىچىدە ئۆزى قىياس قىلغان گازارما تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇ 40-50 مېتر كېلىدىغان تىك قىيادىن يامىشىپ، جىرادىن ئۆمىلەپ يۇقىرىغا چىقىشى ۋە ئۈچ كىلومېتردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى گازارمىغا قايتىشى كېرەك ئىدى.

## 3-باب

ئۇ ئۆمىلىدى. كېچىچە ئۆمىلىدى. ئۇ قىياغا ياماشتى، كېچىچە ياماشتى.
شىۋىرغان دەممۇ دەم چاپقىدايتتى. ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ سۆڭىكى ھەر بىر ياماشقىنىدا ئەمەس، ھەر بىر قىمىرلىغىنىدا جان قاقشىتىپ ئاغرىتاتتى. تۆمۈر ئىگەر بىلەن ئاپتومات 1000 جىڭلىق بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەندى. سۇنغان پۇتى بىلەن كۆچەش مۇمكىن ئەمەس ئەمدى. ئەكسىچە ئۇنى ھەر بىر قىمىرلىغىنىدا ئايىشى كېرەك ئىدى. بىر قولى بىلەن قىياغا ئېسىلالمايتتى. چۈنكى بىر تەرەپىنىڭ مۇرە سۆڭىكىمۇ سۇنغانىدى. شۇڭا سول قولىنى كۆتۈرەلمەيتتى. جىمى كۈچ بىلەن ئېغىرلىق ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سول پۇتىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قان كۆپ چىقىپ كەتكىنى ۋە تۈنۈگۈنكى ئەتىگەنلىك تاماقتىن باشقا ئاغزىغا گىياھ ئالمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ جىسمىدا كۈچ ۋە قۇۋۋەت قۇرىغانىدى. يەنە كېلىپ شالاڭ ھاۋادىن نەپەسى بۇغۇلاتتى. كارنىيى سىقىلاتتى. ئۆپكىسى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى.

ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. يارىلانغان پۇت-قولى ھەر بىر زورىقىپ ئاغرىپ كەتكىنىدە ئۇ چىدىيالماي ھۆكۈرۈۋېتەتتى. ئۇ سوقما-سوقما قىيا تاشلار ئارىسىدىن يول ئىزدەپ يامىشاتتى، ئۆمىلەيتتى. گاھىدا تېيىلىپ كېتىپ پەسكە دومىلاپ چۈشەتتى-دە، ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىدىن كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئاللىقانداق يېرىدە جاراڭلاپ تۇرغان بىر سادا ئۇنى ئويغىتىپ، ھوشسىزلىق قۇچىقىدىن، ياق، توغرىراقى ئۆلۈم قۇچىقىدىن تارتىپ چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئېسىنى تاپاتتى-دە، يۇقىرىغا قاراپ يەنە يامىشاتتى، ئۆمىلەيتتى، دومىلايتتى.

تاڭ ئېتىپ خېلىدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى چوڭقۇر جىرا ئىچىدىن يامىشىپ چىقىۋالدى. لېكىن گازارمىغا قايتىدىغان يول تەرەپكە ئەمەس، ئەكسىچە گازارمىنىڭ ئارقا يان تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر تىك بەلدەم ئېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئات بىلەن غۇلاپ چۈشكەن جاي بەك تىك بولۇپ يامىشىپ چىقالمىغىنى ئۈچۈن، يانتۇلۇقى تۆۋەنرەك جاينى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ جىرادىن چىقىپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى.

شۇۋىرغاننىڭ قوتۇرىشى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالدى، كېچىدىن بېرى چوڭقۇر جىلغىدا ئۇ قەدەر بىلىنىپ كەتمىگەنىدى، ئەمدى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە قار بىلەن بىللە يۇيۇرۇلۇپ چاپقىداۋاتقان بوران ئۇنى ياتقان يېرىدىن پۈتۈن بىر كېچە ھەرەج تارتىپ ئۆلۈم بالاسىدا يامىشىپ چىققان چوڭقۇر جىلغىغا دومىلىتىۋېتىشكە قىل قالدى. ئۇ بوراننىڭ دەھشىتىدىن، ياق، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە جاراڭلاۋاتقان بىر ئاۋازدىن — چىڭىققان، سالاپەتلىك ۋە كۆچتۈڭگۈر بىر ئادەمنىڭ، بىر ئەركەكنىڭ كۈچلۈك، تەرسا ۋە ھۆكۈمران ئاۋازىدىن ئېسىنى تاپتى. ئۇ ئاۋاز ۋاسىلنىڭ يۈرىكىگە چىقماس بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. بۇ قۇدرەتلىك ئاۋاز ئۇنىڭغا ئاشۇ ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ تۈنجى قېتىم ھوشىغا كەلگەن دەقىقىدىن بۇيان ھەمراھ ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئاۋازنىڭ قۇدرىتى، دالالىتى ۋە رىغبىتى بىلەن ھوشىغا كەلگەنىدى! ياق، بۇ ئاۋاز ئاشۇ يېزىدىكى چېغىدىن، تېخى ئارمىيىگە كىرمىگەن چېغىدىن، ئارمىيىگە كىرىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى! ۋاسىل شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاشۇ سائەتتىن بۇيان بۇ ئاۋازنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇيالمىدى. ئولتۇرسا-قوپسا بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىدە، مېڭىسىدە جاراڭلايتتى. تومۇرلىرىدىكى كۆۋەجەپ تۇرغان ياشلىق قېنىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ شاۋقۇنلايتتى. مۇشۇ ئاۋاز ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى قايتىدىن بەرپا قىلدى. ياق، ئۇنىڭ جىسمىنى

قايتا ياراتتى. ئۇنى يېڭىباشتىن بۇ ئالەمگە تۆرەلدۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە نۇر بەردى، مېڭىسىگە ئەقىل بەردى. يۈرىكىگە جاسارەت بەردى. ۋۇجۇدىغا كۈچ بەردى. ئۇ ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولىنىلا ئەمەس، بارىدىغان مەنزىلىنى، يەنى قانداق ياشاش ۋە قانداق ئۆلۈش يولى ۋە شەكلىنى ھېچ ئىككىلەنمەي تاللىۋالدى! ۋاسىل، ئۆزىنىڭ بۇ تاللىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىمانى بىلەن ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەرەپلىك تاللىشىدىن ئۆمۈرۋايەت داجىماسلىققا قەسەم ئىچتى! مانا، ئۇنىڭ 20 ياشلىق ھاياتىدا، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم بەتلەنگەن دەھشەتلىك سىناق مۇھىتىدا ئۇنى ئەنە شۇ ئاۋاز، ئەنە شۇ يول، ئەنە شۇ ئەقىدە بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن يېتەكلەۋاتىدۇ، كۈچتىن ئەسەر قالمىغان، قانسىراپ ئاجىزلىغان بۇ گەۋدىگە ئاشۇ ئاۋاز ۋە ئەقىدە كۈچ بېرىۋاتىدۇ! ۋاسىل ئۆزىنىڭ تاغدىن يىقىلغان ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىچچىدە مىجىلغان، كاردىن چىققان مۇشۇ ھالدا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، لېكىن بىرلا ھېلىقى ئاۋاز ۋە يۈرىكىگە ئەبەدىيلىككە ئورناپ كەتكەن بىر ئەقىدىدىنلا، بىر ھالال پەرزەنتلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ۋە يەنە مۇشۇ ئاۋاز ۋە ئەقىدە ئاتا قىلغان ئىرادىنىڭ كۈچى بىلەنلا شۇنچە چوڭقۇر جىلغىدىن يامىشىپ مۇشۇ ئېگىزلىككە چىقالىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ! بۇ پەقەت ئىرادىنىڭلا كۈچى بولماي يەنە نېمىنىڭ كۈچى بولۇشى مۇمكىن؟ قانداق مۆجىزىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن؟! ۋاسىل ئۆزىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ! ئۇ ئاخىرى گازارمىغا قايتىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ! ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ بىر يارامسىز، بىر بوشاڭ، ياق بىر ئاسىي بولۇپ كەتمەمدۇ؟ شۇنداق، ئەقىدىدىن ۋاز كېچىش، ئەقىدىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇش، ئەقىدە ئىنئام قىلغان ئىرادىنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەرقاچان غالىپ ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىش ئاسىيلىق بولماي نېمە؟ ياق، ۋاسىل ھەرگىزمۇ ئاسىي بولمايدۇ!

ئۇ ئاستاغىنە كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ باش-كۆزلىرى قاردىن غۇچچىدە مۇزلىغان، كىرپىكلىرى بىر-بىرى بىلەن يېپىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ گازارما تەرەپكە بەتلەندى. تۇمان ۋە لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار دەستىدىن ھېچنەرسىنى پەرق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئۇستىدىكى ئىگەرنى تۈزەشتۈرۈپ، بىلىكىدىكى ئاپتوماتنى قولتۇقىغا مەھكەمرەك قىستى ۋە لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئالدىغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ ئاجراپ كەتكەندەك ئاغرىپ، ئاغرىقى سەل بېسىقىپ قالغاندەك بىلىندى. ياق، بېسىقىپ قالدى ئەمەس، ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم نېرۋىلىرى ئاغرىقنى سەزمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ۋاسىل بۇنىڭغا ئىنچىدە خۇشال بولدى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئېسىنى باشتىن-ئاخىر يوقاتماي كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنىڭ ئۆزى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۇپايه ئىدى. ئۇ ئېسىنى يوقىتىپلا قويمىسا ئاخىرى گازارمىنى تاپىدۇ. يولداشلىرىنى تاپىدۇ!

ئۇنىڭغا قۇترىغان ئاساۋ شىۋىرغاننىڭ ھۇشقىتىشى، دۇمبىسىنى 1000 جىڭ بولۇپ بېسىپ تۇرغان تۆمۈر ئېگەرنىڭ غىچىلدىشى، ئاپتوماتنىڭ تاشقا تېگىپ جاراقلىشى ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر ئىگەرنىڭ ئىچىدەكمۇ ھالى قالمىدى. تامىقى قۇرۇپ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالدى. ئۇ «ئادەم قانسىراپ كەتسە بەك ئۇسساپ كېتىدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىنى ئەسلىدى. ئۇ قاردىن ئۇچۇملاپ ئاغزىغا سالدى، پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بار-ماقلىرىغا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئون بارمىقىنىڭ ئۇچى كۆكىرىپ تىرناقلىرىغا قان ئۇيۇپ كەتكەن ئىدى. سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بارماق بېشىغىچە كۆكىرىپ بەئەينى پوستى بار دادۇرغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ بارماقلار كېچىدىن بېرى ۋاسىلىنىڭ جان-جەھلى بىلەن قىياغا يامىشىشى جەريانىدا شىكەستلەنگەنىدى. ۋاسىل بۇنى زادىلا سەزمەپتۇ.

بۇ ئىككىسى ئۇششۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېدى ئۇ ھېلىقى پەقەت كۆكىرىپ كەتكەن بارماقلىرىغا ئايانچلىق نەزەر تاشلاپ، كېسىپ تاشلىماس ھە؟! ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولدى. دېمىسىمۇ تېخى جەڭ مەيدانىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ناكا بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلەم قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولسا جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن ئوقىدا يارىلىنىپ ناكا بولۇش باشقا گەپ ئىدى. ئۇ چاغدا مەيلى پۇتى كېسىلسۇن، مەيلى قولى كېسىلسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسكەر بولغان كۈندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى — ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى، ھاياتىنى — ئاشۇ بەرجەس كېلىشكەن ۋە قۇۋۋەتلىك پۇت-قوللىرىنى، ھەتتا ئەزىز بېشىنىمۇ جەڭ مەيدانىغا ئاتىۋەتكەنىدى! مۇبادا ھەقىقىي جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ تىلىكى تەل، ئارمان ھەل بولغان بولاتتى، لېكىن ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا قول بارماقلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا تازا ئەرزىمىگەن ئىش بولاتتى.

ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆملەپ كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلاپ كەتتى. لېكىن ئامال يوقتە! بەلكىم ساقىيىپمۇ قالار... شىۋىرغان كۆز ئاچۇرمايتتى. تاغ سوغۇقى ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانچىلىپ ئۇگە-ئۇگىلىرىنى قاتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئىچى-تېشى تەڭلا مۇزلاپ، سوغۇقتىن دىر-دىر تىترىمەكتە ئىدى. چىشلىرى بىر-بىرىگە تېگىپ كاسىلداپ، ۋاڭاقلىرى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا بىر غېرىچ-بىر غېرىچتىن ئۆملەپ خېلى ماڭدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماڭغىنىنى، گازارمىغا يەنە قانچىلىك ئارىلىق قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا بىرلا نەرسە روشەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بىر سانتىمېتىر بولسىمۇ ئالغا قاراپ، ئالغا قاراپ سىلجىش ئىدى. توختاپ قېلىشقا زادىلا بولمايتتى. توختاپ قېلىش ئۆلۈم ئىدى! ئۇ جان-جەھلى بىلەن ئالدىغا ئىنتىلەتتى، ساق پۇتىنىڭ تىزلىرى، ساق قولىنىڭ جەينىكى تاشقا سۈركىلىۋېرىپ ھەربىي چاپان

بىلەن ئۈستىدىن يىرتىلىپ كەتكەنىدى. تىزى بىلەن جەينىكى سوزۇلۇپ قاناپ، قىپقىزىل گۆشى ئېچىلىپ قالدى. ھەر قېتىم قىمىرلىغىنىدا، ئالدىغا قاراپ سىلجىش ئۈچۈن تىرەجىگەندە سوئۇق يۇت ۋە مۇرىسىنىڭ ئاغرىقىدىن قايتىدىن قاناپ قىپقىزىل گۆش بولۇپ كەتكەن تىزى بىلەن جەينىكىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئوتلۇق يىڭنە بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭمىسا بولمايتتى. ھەممىگە چىداپ ئالغا قاراپ ئۆمىلىمىسە بولمايتتى!! يولداشلىرىم ئىزدەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاچ، خۇددى يېقىنلا يەردىن بەنجاڭ ئەخمەت ۋە دوستى ئابدۇگۇل ۋە ھەمدۇللالار ۋارقىراشقان يېتى چىقىپ قالىدىغاندەك ئەتراپىغا ئۈمىد بىلەن سىنچىلاپ قاراپ. ئۇلار كېچىدىن بۇيان ئىزدىدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇلارغا بەلگە بېرەلمىدىم، مەن بەك چوڭقۇردا، ئۇلار ئېگىزدە، يەنە كېلىپ تۇمان ۋە قارلىق شىۋىرغان ھېچنەرسىنى كۆرسەتمىدى. ئۇلار مېنى نېمە دەپ ئويلاشتىكىن، ياكى ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلىشتىمىكىن؟ ۋاسىل شۇنچە ئېغىر ئازاب ئىچىدە كۆزىدىن مىتتىدە ياش چىقارمىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شامۇ سەھەر بىللە ياشاپ، بىر-بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇشقان يولداشلىرىنىڭ سىماسى كەلگەن ھامان، كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى. ۋاسىل ھازىر ئىزدىسىمۇ تاپالمايدىغان بىر يەردە ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ چارلاش لىنىيىسىنىڭ ئارقا تەرىپى بولۇپ، چېگرىدىن يىراقتىكى، ئادەتتە خەۋپسىز ئىچكى رايون دەپ قارىلىدىغان بىر جاي ئىدى. شۇڭا ھېچكىممۇ ۋاسىلنى چېگرا تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ جىرا ئىچىدىن يول ئىزدەپ تىنەپ-تەمتىرەپ، ئېزىقىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يولداشلىرىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنى ئاشۇ چېگرا بويلاپ چارلاش لىنىيىسى تەرەپتىن ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى، ئاخىرى شىۋىرغاننىڭ توختاپ، تۇماننىڭ تارقىشىنى كۈتۈپ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، لېكىن چېگرا بويلىرىنى كېچە-كۈندۈز تىنىمسىز تىنتىپ يۈرگەنلىكىنى ۋاسىل تېخى بىلمەيتتى.

ئۇ ئاشۇ خىيال بىلەن ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت پەسكە قاراپ بېشىچىلاپ دومىلاپ كەتتى-دە، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جان ئاچچىقىدا چىرقىرىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر يارداڭ بولۇپ 2-3 مېتر كېلەتتى. شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ۋاسىل ئالدىنى كۆرەلمىگەچكە، ئۇدۇل ئاشۇ يارداڭغا قاراپ ئۆمىلەپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئويمانىنىڭ ئىچى شىۋىرغان ئۇچۇرتۇپ كېلىپ تىققان يۇمشاق قار بىلەن توشقىنىغا قارىماي، ۋاسىل ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن قار ئاستىدىكى تاشقا بېشىچىلاپ يىقىلدى-دە، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى چۇل-چۇل بولغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن مېڭىسى زىڭىلداپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتمەسلىككە تىرىشىپ، جېنىنىڭ بارىچە يۆلىنىپ ئۈستىگە ئۆرلىدى. ئۇ شۇ دەمدە ئاغرىقنى يادىدىن چىقاردى. ئاخىرقى نەپسىگىچە ئۆرۈنۈپ بولسىمۇ بۇ ئويماندىن چىقىۋېلىشقا تىرىشىپ باقتى. لېكىن جايىدىن قىمىرلىيالمىدى. يەنە ياماشتى، ياماشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېرىدىن سىرىلىپ كەتتى. ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى-دە، بىردىنلا كىچىك باللىدەك ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆلۈۋالايمۇ-يا؟ دېگەن بىر شۇم خىيال كىرىۋالدى. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىدى! ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن بۇنچىۋالا ئاغىرىق ئازابنى تارتماقتىن، شۇ مىنۇتتا ئۆلۈم راھەتلىكرەك ئىدى! ئۆلۈۋالسا جاننى قاڭغىر قاقشىتىۋاتقان، جانغا كەسمەس تىغ بولۇپ پېتىۋاتقان بۇ تەن ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ قالغىلى بولاتتى! يەنە كېلىپ بۇنىڭ يولى ئىنتايىن ئاسان، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتسە، ياكى ئاپتوماتنى يۈرىكىگە توغرىلاپ تەپكىنى شۇنداق باسسا، يا بولمىسا... «ئەبلەخ! ... دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ۋاسىل چۆچۈپ ئېسىنى تاپتى. بۇنداق ئويلاشقا نېمە ھەددىڭ؟ — تەكرارلاندى ھېلىقى ئاۋاز، — ئۆلۈۋالسام دېگەننى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ سەن، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ سەن كىم، بىلەمسەن؟ سەن بىر قەھرىمانىنىڭ ئوغلىسەن! بىر ئەركەكنىڭ پۇشتى — سەن! سەن بىر كۆرەشچىنىڭ يۈرەك پارىسى ھەم ۋارىسى — سەن! سەندەك توخۇ يۈرەكنى، سەندەك قورقۇنچاقنى قەھرىمانىنىڭ ئوغلى دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ! ئىسىت ساڭا ئاتاڭنى تېپىپ بەرگىنىم، ئاتاڭنى تونۇتقىنىم! ئاتاڭنىڭ ۋارىسى بول دەپ ئۈمىد قىلغىنىم! ئىسىت! قورقۇنچاق... توخۇ يۈرەك...! » بۇ ئاۋازنىڭ قۇدرىتىدىن تاغ-تاشلار لەرزىگە كېلىپ زېمىن تىترەپ كەتتى. ھوشىدىن كېتىۋاتقان ۋاسىل ھوشسىزلىق قوچىقىدىن يۇلقۇنۇپ تىپىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى دوكۇلداپ، بەدىنىگە بىر قورقۇنچلۇق تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى ئوت بولۇپ قىزىپ، ئەزايى-بەدىنى لاۋۇلداپ كەتتى. ھېلىقى قۇدرەتلىك ئاۋاز ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى قاقشىتىپ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى. ۋاسىل ئاخىرى چىديالماي جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— بولدى! بولدى قىلىڭ! مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم! مەن قەھرىمانىنىڭ ئوغلى! مەن ئاتامنىڭ ئوغلى! مەن ئۆلۈۋالمايمەن! مەن جەڭ مەيدانىدا ئۆلىمەن! ئاتامدەك دۈشمەن ئوقىغا كۆكرىكىمنى تۇتۇپ بېرىمەن! مەن... مەن... مەن ئۆلمەيمەن!

تاغۇ تاشلار سىلكىنىپ كەتتى. زېمىننىڭ نەپسى ئىنتىكلەپ كەتتى. ئەر تۇغۇلسا يەر سۆيۈنەر، دېگىنى شۇمىكىن؟ ئاشۇ يەر، ئاشۇ زېمىن، ئاشۇ ۋەتەن كۈتكەن ئەر مانا مۇشۇ يەردە، مانا مۇشۇ دوزاختەك مۇھىتتا، مۇشۇ ئىنسان چىداپ بولمايدىغان ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە يىگىتلىك تۈرلىنىۋاتامدىكىن؟! ئاھ ئەر! ئاھ ۋەتەن! سىلەر ئەبەدىل ئەبەد بىر-بىرىڭلارغا تەشنا، بىر-بىرىڭلارغا مۇھتاج! ۋەتەن ئەرنى تۇغىدۇ، ئەر ۋەتەن دەپ ئۆلىدۇ! مانا بۇ مۇقەددەس بىر ناخشا، بىر يۈكسەك ئەقىدە، بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟!

ۋاسىل ئەنە شۇ جان ئاچچىقىدا قاتتىق ۋارقىراش بىلەن ئېسىگە تولۇق كەلدى. شۇ ھامان ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزا بازىرى يېنىدىكى ھېلىقى قىرى سىدە دەرىخى

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

## 4-باب

قىز بالىنىڭ 18 ياشلىق چېغى گۈل چېغى بولسا، ئوغۇل بالىنىڭ 18 ياشلىق چېغى چوغ چېغى، ئوت چېغى.
ۋاسىلنىڭ ئوتتەك يېنىپ، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئاشۇ 18 ياشقا تولغان يىلى ئۇنىڭ ھاياتىدا بىركەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىللىرى ئۇ چوغ بولۇپ ھەممىسىنى كۆيدۈرگۈسى، ئوت بولۇپ ھەممىسىنى ئۆرتىگۈسى كېلىپ، جېنى قىينىغا پاتماي، يۇتلاشقانىنى تېپىپ، ئېلىنىشقىنىنى يۇلۇپ، ئالايغانىنى ئۇرۇپ، گۈلەيگەنتى سوقۇپ يۈرگەن، يېزا باغرى تار كېلىپ ئۆگزىدە مەشرەپ ئوينايدىغان، تېپىلماس تېجمەل، جۈپتى يوق بەگباش ئىدى، ئۇنىڭ دەستىدىن نە توخۇ-تۇمانلار، نە قوشنا-قولۇملار، نە ياۋاشراق كەلگەن سەھرا باللىرى، نە بويىغا يېتىۋاتقان مەھەللە قىزلىرىغا بىر كۈنمۇ ئاراملىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئالتە بالا بولسىمۇ، ئۇ گويا بىر تىزىق مارجان ئوتتۇرىسىدىكى كۆز مۇنچاقتەك بىر تاللا ئوغۇل ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ «ئوغۇل تاپسام ئىدى، خۇدا ئېيتماپتىكەن...» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن زەردىسى كۆچلۈك ئاتىسى بىلەن، «گۈل چېغىمنىڭ تەۋەرۈكى» دەپ سۆيۈنۈپ يۈرگەن ئانىسى ئۇنى تولىمۇ ئەركە قىلىپ ئۆستۈردى. يېمەي يېگۈزدى، كىيمەي كىيگۈزدى، ئاپتاپقا چاقتۇرمىدى، شامالغا سوقتۇرمىدى، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى. ھېچكىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ۋاسىل تۈزۈكرەك ئوقۇماي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچكەن يىلى مەكتەپتىن چىقىۋالدى، ئاتىسى بىلەن ئاپىسى «بەش قىزىمىزنى زەپسىدە بولغىچە مەكتەپ بېقىپ بېرىدىكەن، ئۇلار شۇ چاقىچە مەكتەپتە تۇرۇپ تۇرسا تۇرسۇن، ئوغۇل بالا دېگەننى بىر يەرگە قاماپ قويسا ئەركىن چوڭ بولالمايدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن قېيغىتىپ ئويناپ چوڭ بولسا، قاتتىق-قۇرۇقنى كۆرۈپ، يامانغا بوزەك بولماي ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئېتەلەيدىغان ئادەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز قارىچۇقتەك بىر تال ئوغۇل، بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچۇق ۋاقتىدا ئويناپ-كۈلۈپ چوڭ بولۇۋالسۇن، بىزدىن كېيىن قالسا، نېمە بولسا، شۇ بولار، سەھرالىققا نېمە ئوقۇش، مەكتەپتە ئوقۇدۇم دەپ، چۆرگىلەپ چېپىپ يۈرۈپ ئاخىرى يەنە كەتمەنگە قالىدىكە نغۇ؟! كەتمەن دېگەنگە ئوقۇش كەتمەيدۇ، كۆڭلى نېمىدە خۇش بولسا، شۇنى قىلسۇن...» دەپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن مۇئەللىمنى «تىلغا تويغۇزۇپ» يولغا سېلىۋەتتى. ۋاسىل شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەكتەپ يۈزى كۆرمەي، خاماندا تەخەي قوغلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىرمۇنچە باللارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى.
يىللار ئۆتۈۋەردى، ۋاسىلنىڭ يېشى ھەم بويى ئۆسكەن بىلەن «ئەقلى

uyghurkitap.com



ئۆسمىدى» — ئۇ ھېلىقى بىر توپ ساياق بالىلارنىڭ توپ بېشى بولۇپ «داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان» يەرلەردە قاڭقىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلاتتى. ئائىلىسى بەكمۇ باياشاد بولمىسىمۇ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان ئىككى يىل مابەينىدە خېلىلا ھاللىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى سايىم ئاكا خېلى ياش ۋە ئىشچان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىلا قاراپ قالماي بورداقچىلىق، تېرە-يۇڭچىلىق، گۆلە-قاقچىلىق دېگەندەك باشقا ئىش-ئوقەت بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تاپاۋىتى مەھەللە بويىچە ئەڭ ئالدىدا بولمىسىمۇ ئۈچ بارماق قاتارىدىكىلەردىن ئىدى.

سايىم ئاكا ۋاسىلغا قەۋەت ئامراق ئىدى، ئامراقلا ئەمەس، ھەتتا ئوغلىدىن نېمىشقىدۇر سەل-پەل تەپ تارتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقىچە ئاياتتى. گېپىنى زادىلا يېرىمايتتى. مەھەللىدىكىلەر ۋاسىل ھەققىدە ئېغىز يىرىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. مەيلى كىم بولمىسۇن، ۋاسىلنىڭ تەكتى-يىلتىزى ۋە ياكى ھازىر-ئەتىسى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلسا، زەردىسى كۆپچۈلۈك، يۈزىدە تۈكى بار (مەھەللىدىكىلەر سايىم ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق تەرپلىشەتتى) سايىم «كۆك» تىن قۇتۇلالمايتتى. سايىم ئاكا ئۇنداق ئادەمنى ئاياپ ئولتۇرماي «رەسۋايى ئەزىم» قىلىۋېتەتتى. شۇ ۋەجدىن ۋاسىل ئاتىسىغا بەكلا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭغا «چوقۇناتتى»، ھەرقانداق ئىشنى قىلسا ئىككى تەرەپكە قاراپ قويمايتتى. توخۇ-تۇمان، كەپتەر-كەكلىك ئوغرىلاش، شورا ئاتلاپ كىشىنىڭ بېغىدىكى مېۋە-چېۋىلەرنى پايخان قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىنى مىنىپ قېچىپ كېتىش، ئاساۋ ئات، شاش موزايلارنىڭ باغلىقىنى يېشىۋېتىپ ئىگىسىنى پاراكەندە قىلىش، مەھەللە ئىچىدە، مەھەللە سىرتىدا، ھەتتا يېزا بازارلىرىدا توپ-توپ بولۇپ مۇشتلىشىپ ئويناش... ۋاسىلنىڭ دائىملىق ئىشى ئىدى. زادىلا ھېيىقمايتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى يوقسىزلىقتىن ئەمەس، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، قىلىدىغانغا ئىش تاپالمىغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئەرمەك ساناپ قىلاتتى. ئاشۇنداق «كۆڭۈل ئەرمىكى ئۈچۈن» قولۇم-قوشنا، مەھەللىدىكىلەر بولۇپ بىر مۇنچە كىشىنى پاراكەندە قىلاتتى، زار-زار قاقشىتاتتى. يولدىن ئۆتكەن قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياغلىقىنى ئېلىپ قېچىش، سۇ چېلىكىگە تېزەك تاشلاپ قويۇش، سۇ چېلىكىنى ئۆرۈۋېتىش... ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. بىچارە قىزلار ۋاسىلنىڭ دەستىدىن مەھەللە كوچىلىرىدا، ئېتىز-ئېرىق بويلىرىدا ئارامخۇدا يۈرەلمەيتتى. ۋاسىلنىڭ ئۆزلىرىگە تېخىمۇ چوڭراق بىرەر شۇملۇق قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇشۇپ ھەر دائىم دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتەتتى.

ۋاسىلنىڭ ئانىسى نۇرنساخاننى «ۋاسىلنى ئاپايدۇ» دېگەندىن كۆرە «ۋاسىلدىن قورقىدۇ» دېگىنى توزۇك ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ بىچارە مەزلۇم ۋاسىلدىن بەك ھېيىقاتتى، خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر گۇناھى باردەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى. بالىسىغا بولغان مېھرى چەكسىز ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئانا مېھرىنى ئۈن-تىنسىز ئادا

قىلاتتى. ئۇ ۋاسىلدىن سۆيۈنەتتى، ۋاسىلدىن پەخىرلىنەتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى، ۋايىم يەيتتى. گويا ۋاسىل ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت ھېساب ئالىدىغاندەك چۆچۈپ-چۆچۈپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ ئانىدىكى بۇ تۇيغۇ ۋاسىل كۈنسېرى چوڭىيىپ يىگىت قۇرامىغا يېقىنلاشقانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئانا شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر تولا يىغلايتتى. كېچىلىرى ئوغلىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ دەردىلىك ئاھ تارتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ۋاسىل ئانىسىنىڭ ئۆزىگە باشقا ئانىلار ئوغۇللىرىغا قىلغاندەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ مۇئامىلە قىلماي، بىر گۇناھكار ئادەمدەك قىسىلىپ، قورۇنۇپ مۇئامىلە قىلىشلىرىنى، ئۆزىگە تىك قارىيالماي، ئۆيدىن چىقىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندىلا ئىشىككە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل مۇڭ ۋە ھەسرەت ئىچىدە تويماي قاراپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. بەزىدە: ئانام مەندىن نېمىشقا بۇنچىۋالا ياتسىرايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئۆز ئانام ئەمەسمۇ-يا؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى. لېكىن ئۇ بۇ خىيالنى كاللىسىدىن دەررۇ ھەيدەپ چىقىراتتى. بۇ خىل مۇناسىۋەت، ئۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىنلا بىر خىلدا داۋاملىشىپ كەلگىنى ئۈچۈن ۋاسىل بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسىغا قارىغاندا ئۆزىگە خېلى ئوچۇق-يورۇق مۇئامىلە قىلىدىغان دادىسىغا بەكرەك يېقىن ئىدى. ئانىسىغا قارىغاندا دادىسىغا بەكرەك ئىچىكىپ چوڭ بولغانىدى. ئانىسىنىڭ ھېلىقىدەك قورۇنۇپ-قىسىلىپ يۈرۈشلىرىنى پەقەت ئۇنىڭ مىجەزى دەپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماس بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ سىڭىللىرى بولسا، نېمىشقىدۇر دادىسىغا قارىغاندا ئانىسىغا يېقىن ئىدى. ئانىسى يىغلىسا تەڭ يىغلايتتى، كۈلسە تەڭ كۈلەتتى.

ئۇلەر ئاشۇنداق ئۆتۈۋەردى. ۋاسىل ئۆزىنىڭ ئەتىسى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئويناشتىن باشقا ھېچقانداق خىيال يوق ئىدى. شۇنداق-تە، يېزا باللىسىدا ئۆزى تۇغرىسىدا ئويلاش ئاز بولاتتى. ئۇلار تۇغۇلاتتى، ئويناپ-ئىشلەپ چوڭ بولاتتى. سانتى كەلگەندە ئاتا-ئانىسى كۆرگەنلا بىريەردىن ئۆيلەپ قوياتتى-دە، ئۆينى ئايرىپ چىقىرىپ قوياتتى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ چوڭ بولغان بولاتتى، ئۆزىنىڭ يېرى، ئۆزىنىڭ بېغى، ئۆزىنىڭ ئۇلاق-قارىسى بولاتتى ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئېتەكنى پوق قىلىشقا ئالدىراپ بەس-بەس بىلەن تۇغۇلۇۋاتقان باللىرىغا ئاتا بولاتتى... يېزىدىكى ئۆمۈر شەكلى ئاساسەن بىر خىل ئىدى. شۇنداق ئىكەن ۋاسىلمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس-تە! ئۇنىمۇ ئەتە يا ئۆگۈن «مانا ئەمدى ئەر بولدۇڭ» دەپ ئۆيلەپ قويۇشىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆي-بىسات، ئۇلاغ-قارا بۆلۈپ بېرىپ، «مانا ئەمدى دېھقان بول» دەپ چىقىرىشىپ قويۇشىدۇ، ئۇمۇ دېھقان بولىدۇ، يەر تېرىيدۇ، باغ قىلىدۇ، ئاتا بولۇپ بالا باقىدۇ. شۇنداق ئىكەن شۇڭغىچە ئوينىماي نېمە ئىش قىلىدۇ، دېھقانچىلىق دېگەن ھۈنەر ئەمەس، يەر سۇ، ئورۇق، كۆچ بىلەن ئوخشاۋېرىدۇ، ئاشۇ يەرگە ئۆمۈر ۋاقى باغلىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرى پۇخادىن چىققۇچە

ئۇيىنۇپلىش لازىم... ۋاسىل شۇنداق دەپ ۋە ياشاپ يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە...

## 5-باب

ئايىاغ يېزىسىدا ئازنا بازار بولاتتى، يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ باللىرى ئەتىگەندىلا بازارلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كونا-يېڭى ۋېلسىپىتلىرىنى شالدىرلىتىشىپ يېزا بازىرىغا قاراپ چېپىشتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا يولداشلىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىپ ۋېلسىپىتنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنى ۋاسىل ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئاق كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسى ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىدىن، ئوچۇق تۇرغان مەيدىسىدىن چاڭ-توزان ئارىلاش تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. خۇشاللىق ۋە تاقەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ، يېلىنجاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقىردەك سەپ تۈزۈپ ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە قوغلىشىپ كېلىۋاتقان يېڭىئاۋاتلىق تەڭتۇش باللار خۇشال قىقاس كۆتۈرۈشۈپ، توپىلىق يېزا يولىنى بېشىغا كىيىشكەنىدى. تراكتور، هارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، گاهىلىرى ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ، يېزا بازىرىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلار خۇشال چۇقان-سۈرەن سېلىشىپ چېپىپ كېتىۋاتقان بۇ باللارغا قارىشىپ گاه هەيران بولۇشسا، گاه خۇشال بولۇشاتتى، گاهىلىرى هارۋىغا قوشقان ئات-ئۇلاغلىرىنى، بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان مال-قارىلىرىنى ئۈركۈتۈۋەتكىنى ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر غودىراپ قوللىرىنى جوڭۇپ قويۇشاتتى. هارۋا-تراكتوردىكى رەڭگارەڭ كىيىنىشىپ ياسىنىۋېلىشقان قىز-چوكانلار ئۇلارغا بىر خىل قىزىقىش ۋە ئىشتىياق ئىچىدە كۈلۈپ قارىشاتتى.

يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر هايت-هۇيت دېگىچە يېزا بازىرىغا يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىنى بىردەمدىلا چاڭ-توزان باسقانىدى. ئۇلار ۋېلسىپىتلىرىنى بازارنىڭ چېتىدىكى قېرى سېدە دەرىخىنىڭ يېنىغا توختىتىشىپ، سېدىنىڭ يېنىدىنلا ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيىدە باش-كۆزلىرىنى يۇيۇۋېلىشتى ۋە ۋېلسىپىتلىرىنى قۇلۇپلاپ سېدىنىڭ تۈۋىدە قوغۇن سېتىپ ئولتۇرغان بوۋايغا پۇل بېرىپ ۋېلسىپىتلىرىنى قارىتىپ قويۇپ، بازار ئارىلاشقا مېڭىشتى. تومۇز ئايلىرى بولغاچقا، هاۋا تولىمۇ تىنجىق ئىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يېزا بازىرىنىڭ ئۈستىنى چاڭ-توزان قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۆتكۈر قۇياش باش ئۈستىدە لاۋۇلدايتتى، بازارنى ئېشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، كالا-قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرەش-مۆرەشلىرى بىر ئالغانىدى، دۇغاپچى، لەگمۈچى، ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ خېرىدار قىچقىرىشلىرى، ناهىيە بازىرىدىن چىققان يايمىچىلارنىڭ ياغلىما سۆزلەر بىلەن ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، رادىئو كارنىيىدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ-جارقىراپ باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان دېكتور خوتۇننىڭ ئاۋازى... بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئاسمىنى شاۋقۇنلاپ كەتكەنىدى. بازار رەستىسى سانجاق-سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى،

ئاتا-ئانىسىنى يوقىتىپ قويغان كىچىك باللارنىڭ يىغىسى؛ بالىسىنى يوقىتىپ قويغان خوتۇنلارنىڭ ۋەھىملىك ۋارقىراشلىرى بۇ قايناق يېزا بازىرىغا تېخىمۇ قايناق بىر تۈس بەرگەنىدى.

يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر ئاۋۋال ئاشپۇزۇلغا كىرىپ قورساقلىرىنى راسا تويغۇزۇشتى، ئاندىن كېيىن تاماكىلىرىنى قىڭغىر چىشلىشىپ سانجاق-سانجاق ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ بىر هازاغىچە لاغايلاپ يۈرۈشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يىگىتلەردىن بىرى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سايىبىرىقلىق بىر يىگىتكە سوقۇلۇپ كەتتى بولغاي، ھېلىقى يىگىت شۇ ھامان ئەلپازىنى يامان قىلىپ ھېلىقى يىگىتكە تىل سالدى. شۇ ئارىدا، يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەردىن بىرى ھېلىقى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ بىر-ئىككى كاللا سېلىۋەتتى. سايىبىرىقلىق يىگىتنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر ئۇ يىگىتنى شۇ ھالىچە تاشلاپ، ئۆز يوللىرىغا كېتىۋەردى. ئۇ يىگىت كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزى-بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتكەچ ئۇلارنى ئاغزىغا كەلگەن سەت تىللار بىلەن تىللىغىنىچە يىغلامسىراپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالغىنىچە قالدى. سايىبىرىقلىق باللار بىلەن يېڭىئاۋاتلىق باللار قوشنا كەنت بولغىنىغا قارىماي بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ يۈرۈشەتتى، ئەپ تاپسىلا بىر-بىرىنى ئۇرۇۋالاتتى، بازار كۈنلىرى يېزا بازىرىغا يىغىلىپ توپ-توپ بولۇۋېلىپ بىر-بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشىپ بازلىشىپ يۈرەتتى. ياش باللار ئارىسىدىكى بۇ «نىزا» ئىككى كەنتتىكى چوڭلار قالدۇرۇپ قويغان «جاراھەت» نىڭ داۋامى ئىدى. سايىبىرىق سۇنىڭ باش تەرىپىگە، يېڭىئاۋات سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقىنى ئۈچۈن، سايىبىرىقلىقلار تۆۋەن تەرەپكە ماڭىدىغان سۇنى پات-پات ئېتىۋالاتتى. سۇ نۆۋىتىدىن تاشقىرى ۋاقىتلاردىمۇ، سۇنى تۆۋەنگە ماڭغىلى قويماي ياكى ئوغرىلىقچە ئېچىقنى ئېچىۋېتىپ، يېڭىئاۋاتلىقلارنى پاراكەندە قىلاتتى. يېڭىئاۋاتلىقلار سايىبىرىقلىقلارنىڭ مال-قارىلىرى يېقىن يولاپ قالغۇدەك بولسا، گەپ-سۆز قىلماي بوغۇزلاپ تاشلىۋېتەتتى؛ ياكى ئۇرۇپ ئاياغلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ ھەيدىۋېتەتتى. شۇ سەۋەب بىلەن ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم قانلىق ماجرا يۈز بەرگەن ۋەيىزلىق ھۆكۈمەت ھەتتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ جەڭگى-جېدەلنى ئاران بېسىقتۇرۇۋالغان ئىدى. سەللا بوش قويۇۋەتسە بۇنداق ماجرالارنىڭ ھەرقاچان پارتلاش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ ئىككى كەنت چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن بولۇشىغا قارىماي، بىر پۈۋلىسە لاپىدە ئوت ئېلىشقا تەييار ھالەتتە تۇتەپ تۇرغان پاخال دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇنداق نىزانىڭ ئاخىرى ياش يىگىتلەرگە ئۇلاشتى. ئىككى كەنتنىڭ باللىرى بىر-بىرىنى يەۋېتىشكىدەك ھۆمىيىپ يۈرۈشەتتى. يېڭىئاۋاتلىق قىزلارغا سايىبىرىقلىق يىگىتلەر، سايىبىرىقلىق قىزلارغا يېڭىئاۋاتلىق يىگىتلەر يېقىن يولىيالمايتتى؛ بىرەر قىز ياكى يىگىت قارشى تەرەپنىڭ قىز ياكى يىگىتلىرىدىن لايىق تاللىسا مەھەللە بويىچە ئاھانەتكە قالاتتى. ئۇرۇشۇپ قالسا «مەھەللىمىزدە قىز چىقماي (ياكى ئەر چىقماي)» شۇ

www.uyghurkitap.com



پەرلىكنى تاپقان پالاندى» دەپ تىللىشاتتى.

ۋاسىل بۇنداق جەڭگى-جېدەلدە ھەرقاچان «سەپنىڭ ئالدىدا» ئىدى. ئۇ بۇنداق ماجرادىن خۇشاللىق ئىزدەيتتى. شۇڭا ھەر قېتىمقى بازار كۈنىدە سايىھرىقلىقلارنى پۇراپ تېپىپ كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر قەپەس ئېلىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ۋاسىل ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىنى يېزا بازىرىغا ئويناشقا كېلىدۇ دېگەندىن كۆرە سايىھرىقلىقلار بىلەن نوچىلىق تالىشىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ماجرا ئىزدەپ كېلىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. مانا بۈگۈنمۇ دەل شۇنداق بولدى. ھېلىقى كىچىككىنە ماجرادىن كېيىن ۋاسىللار سايىھرىقلىقلارنىڭ بۇ ئىشنى بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بازاردىن ئالدىراپ چىقىشتى-دە، سېيدە تۆۋىگە بېرىپ ۋېلسىپىتلىرىنى ئېلىشىپ بازارنىڭ تېشىغىراق چىقىپ قىساس ئالىمىز دەپ قوغلاپ كېلىدىغان سايىھرىقلىقلارنى ئەپلىكرەك بىر جايدا كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ قېرى سېيدە تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئەپلىكرەك جاي دېگىنى، يېزىلىق پەيچۇسونىڭ كۆزىدىن يىراقراق ساي تەرەپ ئىدى. مۇبادا بۇ ئىشقا پەيچۇسو ئارىلىشىپ قالسا ئۇلاردىن قۇتۇلماق تەس ئىدى. ئىلگىرلىرى 10-15 كۈن رېجىمغا يەڭگىللىرى نەچچە يۈز كوي جەرىمانىگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ۋاسىل يولداشلىرىنى ئالدىراتتى. ئۇلار پايپاسلاپ مېڭىشقىنىچە قېرى سېيدىنىڭ تۆۋىگە ئەمدىلا يېتىپ كېلىشكە، راست دېگەندەك، ئارقا تەرەپتىن بىر توپ يىگىت تاپ بېسىپلا باستۇرۇپ كېلىشتى. ۋېلسىپىتلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن يىگىتئاۋاتلىقلار جايىدا چېپىپدە توختاپ قېلىشتى. ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىن سىلجىشىپ بىر يەردە غۇجمەك بولۇپ سايىھرىقلىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ يەڭ شىمايلىشىپ تۇرۇشتى.

سايىھرىقلىقلارنىڭ پەيلى يامان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قان تىقىلغانىدى. ئۇلارنىڭ گاھىلىرى قوللىرىغا تاش، خىش پارچىلىرى ۋە يول بويىدىكى قۇرۇپ قالغان جىرىمدىن سۇندۇرۇۋالغان كالتەك، تاياقلارنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر توپ بىكارچىلار ئەگىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغان يىگىتئاۋاتلىقلارنىڭ يېنىغا كېلە-كەلمەستىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سېلىشتى.

بۈگۈنكى بۇ ماجرانىڭ ئۇنچە ئەرزان توختىمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن يىگىتئاۋاتلىقلارمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن خىش-كېسەك، تاش-داڭگال تېرىشىپ تەييار بولۇشتى. كىمدۇر بىرى يولنىڭ بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ئېشەك هارۋىسىنىڭ يان بالدىقىنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇ يەرگە بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ئادەم ئولاشتى-دە، كۆزلىرىگە قان تىقىلىشقان بۇ ئىككى جەڭگىۋار توپنى ھالقىسمان ئورىۋېلىشتى. بىر قانلىق كۈرەش مەيدانى ھايت-ھۇيت دېگىچىلا ئۆزلۈكىدىن تەييار بولدى.

ۋاسىل توپنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇ قولىغا ھېچنەرسە ئالمىغانىدى. ئۇنىڭچە سوقۇشقاندا تاش-توقماق كۆتۈرۈش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. پەقەت

قورقۇنچاقلارلا قوللىرىغا ئەسۋاب ئالاتتى. خۇدا ياراتقان ئىككى مۇشت بىلەن ياقا تۇتماي تۇرۇپ مۇشتلىشىشلا «پاكىز مۇشتلىشىش» ، «يىگىتلەرچە مۇشتلىشىش» ئىدى. ئۇ قوللىرىغا تاياق-توقماق ئېلىۋالغان يولداشلىرىغا زەردە ۋە مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىۋاتقان، بىر بەستلىك كەلگەن قارا كۆتەك يىگىتكە قاراپ توۋلىدى:

— ئانىسى شۇمەك سالمىغان سايىپرىقلىق سېكىلەكلەر، نوچى بولساڭ قولۇڭدىكىنى تاشلاپ مەيدانغا چىق. بىرگە-بىر! چەيلىۋەتسەڭ ۋاك دېمەيمىز!

— ھەي بەش سىڭلىسىدىن ئەينەك-سۇزگۇچ تالىشىپ، يۈز-كۆزىنى شوخا ماي سۇركەپ يۈرىدىغان سۆسەي، كۆزۈڭگە ئىشتان كىيىۋالدىڭمۇ، ئارقاڭغا قاراپ بېقىپ سۆزلە، ئاۋۇ ئاچىسىنىڭ ئىشتىنىنى كىيىۋېلىپ بازارغا كېلىدىغان خوزنەكلىرىڭچۇ؟ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئېلىۋالغىنى پالان نېمەمۇ؟ نوچى بولساڭ سەنمۇ قولۇڭدىكىنى تاشلىماسەن؟

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك ھالغا كەلگەن ۋاسىل چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ھېلىقى قارا مۇتۇق، تەتۇر ئۇستىخان گۆپەي يىگىتكە قاراپ دېۋەيلەپ ماڭدى:

— ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ، ئېشەكنىڭ تەپكىنىگە ئېشەك. ھەي ماز گوي، مېنىڭ سىڭلىلىرىمنى چىشلەپ تارتماي گېپىڭ بولسا ئۇدۇل قىلمامسەن؟ سەندەك جالاپنىڭ بالىسىغا تېتىمىغان جاننى بارغۇ.

ئۇ ئالدىغا قاراپ، پۇرژۇن تېپىۋەتكەندەك ئوخچۇپ ئېتىلدى. شۇ ھامانلا ئىككى تەرەپتىكى پەيلى بۇزۇلۇپ يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان توپ تەۋرەپ كەتتى. ئۇزايىدىن بۇگۇن بۇ يەردە ھېچبولمىسا تۆت-بەشى پۇت-قولىدىن، ئالتە-بەشى كۆز-بۇرنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ مەسىلە ھەل بولمايدىغاندەك قىلاتتى، ۋاسىل ئۇدۇل بارغىنىچە ئۆزىگە قاراپ سەلگىنە ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇپ قېلىۋاتقان ھېلىقى يىگىتنىڭ خامىرىنى كۆزلەپ، بىرلا مۇشت بىلەن يەر چىشلىتىپ قويىدىغان ئەلپازدا ئوڭ مۇشتىنى زەرپ بىلەن ئاتتى. لېكىن شۇ دەقىقىدە قانداقتۇر بىر قول ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى-دە، قولنى ئارقىسىغا قايرىدى، يەنە بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قوشلاپ، تۆۋەنگە نىقتاپ، بىر پۇتى بىلەن بېلىنى تىزلاپ ۋاسىلنى يەرگە پۈكلىۋالدى. ۋاسىل قىمىر قىلالماي قالدى. ئۇ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئاغزىنى بۇزۇپ غەزەپ بىلەن تىللىۋەتتى.

— ئالدىمدىن ئۇدۇل كەلمەي ئارقامدىن كەلگەن قانداق قورقۇنچاق خۇمسى بۇ! مېنى قويۇۋەت دەيمەن. بولمىسا ھېلى بىكار يامان قىلمەن!

ئۇ يولداشلىرىنىڭ يۈپۈرۈلۈپ كەلگىنىدىن تېخىمۇ غەزەپلەندى:

— قاراپ تۇرۇشامسەن، يىگىئاۋاتلىق پوستەكلەر، — ئۇنىڭ يولداشلىرى نېمىشقىدۇر يەنىلا قىمىرلاشمايتتى.

ئۇ رەللە بولغىنىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ۋاسىلنىڭ گەجگىسى يەر تەرەپكە نىقتىلىپ، بېلى پۈكۈلۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالغانىدى. شۇڭا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارقا تەرىپىدە ئەمەس ھەتتا ئەتراپىدىمۇ نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى ھە دېگەندە ئاڭقىرالماي قالدى. بىر كەم بولغاندا ئۆزىنى قارچىغىدەك قوشلاپ، قول بېغىشلىرىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان كىمدۇر بىرى ئۇنى قويۇپ بەردى. غەزەپتىن جىگىرى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ۋاسىل ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپلا غۇلچىنى كېرىپ ئارقىسىدىكى نامەلۇم ئادەمنى مولجاللاپ مۇشتىنى چۆرىدى ۋە ئۆزىنىڭ باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ماڭغان مۇشتىنى توختىتىۋالمەن دەپ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ كېتىشكە تاس-تاس قىلىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا پەيجۇسونىڭ ئاچچىقى يامان سوجاڭى تۇرەك ئاكا، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ۋاسىل دايا ئۆزىنى قوشتەك قوشلاپ، بولجۇقلىغىنى دەل مۇشۇ تۇرەك سوجاڭ ئىكەنلىكىنى، سايىبىرىقلىق گۆپەيىنىڭ ئۆزى ئالدىغا ئېتىلىپ بىرىپ مۇشت ئاتقاندا ئىككى خىيال بولۇپ قول ياندۇرماي جىم تۇرغىنى ۋە يېگىتاۋاتلىقلارنىڭ گۈررىدە يۇپۇرۇلۇپ كەلمەي تۇنجىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىرەك چۈشەندى. ئۇ خۇددى دىلى ئازار يېگەن ئادەمدەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرەك سوجاڭغا قاراپ بىر ھۆمىيۈپتىپ، تۇرغان ئورنىدا پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ سالپايغىنىچە تۇرۇپ قالدى. تۇرەك سوجاڭ «قېنى نېمە بولاركىن» دەپ دەۋرىشىپ تۇرغان ئالامانغا قاراپ توۋلىدى:

— تارقىلىپ كېتىپ بازىرىڭلارنى ئويناڭلار ئاغىنىلەر، تېز تارقىلىپ كېتىڭلار، — ئادەملەر بىرلەپ-ئىككىلەپ تارقىلىشتى. ئۇ سايىبىرىقلىق ۋە يېگىتاۋاتلىقلارغا قاراپ دېدى؛ — سەنلەرمۇ غىت قىسىشىپ يولۇڭغا مېڭىش، ئەگەر كىمدە-كىم بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ئىشنى ئەگەپ ماجرا تېرىيدىكەن شۇنى ئاپىرىپ سولايمەن، بىلىپ قويۇش! سەن، — دېدى ئۇ ۋاسىلغا قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەن بىلەن يۈر!

قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغان بىر قېتىملىق «قانلىق جەڭ» شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالدى. ھازىرلا گۈرۈلدەپ تۇرغان كىچىككىنە مەيدانچاق، بىردىنلا شالاڭشىپ بوشاپ قالدى.

تۇرەك سوجاڭ ئادەملەرنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ۋاسىلنى ئارقىسىغا سېلىپ ماڭدى. ۋاسىلمۇ بىردىنلا ياۋاشلاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ چاققىچە تۇرەك سوجاڭنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ ئادەمنى «ئاچچىقى بەك يامان، تۇتقان يېرىنى يولۇۋالىدىغان، كەسكىن ئادەم» دەپ جىق ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ۋاسىلنىڭ بايىقى «نوچىلىقى» دىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ سۇغا چىلىغان لاتىدەك بوشىشىپ، بېشىنى سالغىنىچە سوجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

## 6 ـ باب

ۋاسىل تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىككى ئەرەپتىكى باشقا جىبدەلخورلارنى ئۆز يوللىرىغا ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۇۋزىنى ئايرىمچىلا ئېلىپ ماڭغىنىغا بىر ھەيران بولغان بولسا، تۇرەك

سوجاڭنىڭ ئۆزىنى پەيچۇسو ئىشخانىسىغا ئەمەس، ئەكسىچە ھېلىقى قېرى سېدىنىڭ تۆۋىگە — لىققىدە لۆمشۈپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىغا باشلاپ كەلگىنىدىن ھەيران بولدى. ۋاسىل ئەسلىدە ئاخىرى مېنىڭ رىزقىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بۇ قېتىم مېنى قاماپ قويىدىغان بولدى... دەپ ئويلىغان ھەمدە قاماقتا ياتسا قانداق بولىدىكىن-ھە؟! نوچىلىق قىلىپ قاماقتا يېتىپ چىققان دېيىشمۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا خېلى يۈزى يورۇق بولىدىغان ئىش، چۈنكى نوچىلىقتا ھۆكۈمەتنىڭ نەزەرىگە چۈشكەن ئادەمدىن باشقىلار ئەلۋەتتە تەپ تارتىدۇ، دەپ ئويلاپ قاماقتا يېتىشقا سەل-پەل قىزىقىپمۇ قالغان، ھەتتا ئۆزىدىن پەخىرلىنىپمۇ قالغانىدى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، تۇرەك سوجاڭ ئۇنى خۇددى مەكتەپتىكى بىر كەپسىز بالىنى ئۇستازى بىر چەتكە تارتىپ ئەدەبلىگەندەك، نەدىكى بىر قېرى سېدىنىڭ تۆۋىدىكى ئۆستەڭ بويىغا باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ تۇرۇپلا تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزىنى قانداقتۇر ئۇششاق ماڭقىلارغا ئوخشىتىپ قالغىنىدىن ئىچىدە ئازراق خورلۇق ھېس قىلىپ قالدى ۋە بايا ئۇنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي بىر نوچىلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ ھارسىنىپ قالدى.

تۇرەك سوجاڭ قېرى سېدىنىڭ تۆۋىدىكى بىر پۇچۇق تۈگمەن تېشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋاسىلنى تاشتا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، ۋاسىل تاشقا ئولتۇرۇپ، ئۆستەڭدە قىنىغا پاتماي ئۈن-تىنسىز ئېقىۋاتقان سۇغا تىكىلدى. تۇرەك سوجاڭ بولسا، يېقىنلا يەردە تاۋۇز سېتىپ ئولتۇرغان تاۋۇزچى بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر دانە قوزىۋاي تاۋۇزنى تاللاپ ئېلىپ كەلدى ۋە پىچىقىنى چىقىرىپ تاۋۇزنى پىچىپ ئۈن-تىنسىز ھالدا تاشنىڭ ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن پىچىقىنى سۈرتۈپ يېنىغا سېلىپ ئۆزىمۇ تاشنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئۆستەڭگە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر تىلىم تاۋۇزنى قولىغا ئېلىپ ۋاسىلغا تەڭلىدى:

— ئاله، تاۋۇز يە...

ۋاسىل ئۆز خاھىشىدىن كۆرە بۇيرۇق تەلەپپۇزىنىڭ زورى بىلەن تۇرەك سوجاڭ سۇنغان تاۋۇزنى ئېلىپ خالار-خالىماس چىشلىدى. تۇرەك سوجاڭ ئۆزىمۇ بىر تىلىم تاۋۇزنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۈن-تىنسىز ھالدا ئىككى-ئۈچ تىلىمدىن تاۋۇز يەپ بولغاندىن كېيىن تۇرەك سوجاڭ ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئېتىڭ ۋاسىلغۇ دەيمەن.

ۋاسىل تۇرەك سوجاڭغا «لاپپىدە» بىر قارىۋېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— يېڭىئاۋات كەنتىدىكى نۇرنساخاننىڭ ئوغلىغۇ سەن.

— سايىم توقىنىڭ ئوغلى، — تۇرەك سوجاڭنىڭ ئاتىسىنىڭ گېپىنى قىلماي ئۇنى پەقەت ئانىسىنىڭ ئوغلى دېگىنى ئۇچۇن نارازى بولغاندەك غۇدۇڭشىدى. دېمىسىمۇ بىرىنى سورىغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن سەن پالانچىنىڭ ئوغلىمۇ، دەپ ئاتىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتايدىغۇ، بۇ سوجاڭ ئۇنىڭ نەتۇرىسگە ئۇنىڭ ئاتىسنى تىلغا ئالماي ئانىسنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ-دە!

تۇرەك سوجاڭ ۋاسىلنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىستىهزا بىلەن ئاچچىقىنە كۈلۈپ قويدى.

— قارا ۋاسىل، مەن سەن بىلەن خېلى بۇرۇنلا بىر سۆزلەشمەكچىدىم. لېكىن، بەزىبىر ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلىششنى مۇشۇ كۈنگىچە ئارقىغا سۈرەپ كەلدىم. قارىسام سۆزلەشمىسەم بولمايدىغان چېغى، — تۇرەك سوجاڭ قولىياغلىقنى چىقىرىپ ئاغزىنى سۈرتكەچ سۆزلىدى، — مەن ساڭا ناھايىتى ئۇزۇندىن بۇيان دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، سېنى ھازىرلا ئەمەس، ئاناڭ ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بازارغا ئېلىپ كېلىدىغان بىر-ئىككى ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپلا تونۇيمەن. شۇنىڭدىن بۇيان مەن سېنى نەزەرىمدىن ساقىت قىلغان ئەمەسمەن.

تۇرەك سوجاڭ ئاستا ۋە ئېغىر ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە تىكىلىپ بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ۋاسىل تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزى كۆتكەندەك «قولغا ئالىمەن»، «قاموشتىمەن» دەپ پوپوزا قىلىپ ئۇنى قورقۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى خۇددى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش چوڭ ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل جىددىي ئەمما مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىغا ھەيران بولۇپ بىردىنلا قورۇنۇپ قالغان بولسا، بۇ سوجاڭنىڭ ئۆزىنى بىر-ئىككى ياش چېغىدىن تارتىپ بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالدى.

— بۈگۈن مەن ساڭا ئاۋۋال بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن...

— ھېكايە؟ ماڭا؟ — ۋاسىل ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئالدىراپ سورىدى.

— شۇنداق، ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. قارىسام سېنىڭ نوچىلىقتىن بەكلا تەمەيىڭ بار ئىكەن. نوچىلىقنى تۇتۇپ كېتىپ قېنىڭغا پاتماي قېلىۋېتىپسەن.

ۋاسىل بۇ گەپ بىلەن ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى-دە، بېشىنى سىلىۋالدى. گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن-دە ئەسلىدە، دەپ ئويلىدى ئۇ بىر يەڭگىل خىجالەت تۇيغۇسى ئىچىدە.

— مەن ساڭا بىر نوچىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن. نوچى دېگەن قانداق بولىدىكەن، شۇ چاغدا چۈشىنىپ قالارسەن، — تۇرەك سوجاڭ يېنىدىن چىرايلىق كېسىلگەن موخۇركا قەغىزىنى چىقىرىپ موخۇركا ئوراشقا تۇتۇندى.

— بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى مۇشۇ يېزىمىزدىن بىر قەھرىمان چىققان.

بىر نوچى توغرىسىدا ھېكايە ئاڭلاشقا قىزىقىپ ئولتۇرغان ۋاسىل «بۇ يېزىدىن بىر قەھرىمان چىققان» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— قەھرىمان؟ مۇشۇ يېزىدىن...؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ۋاسىل بۇ گەپ بىلەن

ئۆزىنىڭ بىر ئەيىبكار قاتارىدا ئولتۇرغىنىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق، مۇشۇ يېزىدىن بىر قەھرىمان چىققان. پۈتۈن جۇڭگوغا داڭلىق بىركۆرەش قەھرىمانى چىققان.

ۋاسىلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۆرەك سوجاڭنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەھرالىقتىنمۇ قەھرىمان چىقامدۇ؟ — دەپ تاشلىدى ئۇ ئاخىرى كۆڭلىدىكى ھەيرانلىقنى زادىلا باسالماي، ئۇنىڭ نەزىرىدە نوچى دېگەن ھەر يەردىن، ھەتتا سەھرادىنمۇ چىقىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن قەھرىمان دېگەن پەقەت كىنولاردىلا بولاتتى، كىنولاردىكى ئۇ قەھرىمانلارنىڭ نەدىن چىقىدىغىنىنى بىر خۇدا بىلمىسە ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ سەھرادىن قەھرىمان چىقمايدىغانلىقى ۋاسىلغا ئايان ئىدى. ئۈچ ۋاق تاماق يەپ داڭگال چوقۇپ يەر تېرىيدىغان دېھقاندىن قانداقسىگە قەھرىمان چىقسۇن؟! قىزىق گەپ-دە، بۇ.

— بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ سەن ھېلىقىدەك نوچىلىقنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا ۋە جايىدا ئىشلىتەلىسەڭ سەنمۇ قەھرىمان بولالايسەن، قەھرىمان دېگەننىڭ تۆت قولىقى، سەككىز پۇتى، ئون ئىككى قولى يوق، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم، بولۇپمۇ ھېلىقى قەھرىمان قويۇپ قويغاندەكلا ساڭا ئوخشايدىغان ئادەم.

تۆرەك سوجاڭنىڭ ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس بوغۇلغاندەك بولدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئارقا-ئارقىدىن شورىۋېتىپ خىياللىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئۇشتۇمتۇت قويۇن يانچۇقىدىن بىر كىچىك خاتىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قېتىدىن بىر پارچە سۈرەتنى چىقاردى-دە، ئۆزى ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ۋاسىلغا ئۇزاتتى:

— ئەنە... مەن دېگەن ھېلىقى قەھرىمان شۇ. قاراپ باقە، ساڭا ئوخشامدىكەن.

ۋاسىل تۆرەك سوجاڭنىڭ «ساڭا ئوخشامدىكەن» دېگەن سۆزىگە ئېتىبار قىلماي، يېزىمىزدىن چىققان ئۇ چوڭ قەھرىمان قانداقراق ئادەمدۇ؟ دېگەن قىزىقىش تۈيغۇسى ئىچىدە رەسىمنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى. رەسىم سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىدى. رەسىمدە پاگون تاقىغان، شەپكىسىنى سەلگىنە قىڭغىر كىيگەن، ياپياش ئىككى يىگىت كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋاسىلغا بۇ ئىككى يىگىت ھېلىلا بىرىيەردە كۆرگەندەكلا تونۇش بىلىندى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى قۇرامى ئۆزىنىڭ ھازىرقى يېشىدىن سەللا چوڭدەك، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھازىرقى يېشى بىلەن تەڭدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، بىردىنلا رەسىمدىكى بىر كىشىنى تونۇپ قالدى. ئۇ مانا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۆرەك سوجاڭ ئىدى. يەنە بىر يىگىت تۆرەك سوجاڭدىنمۇ بەستلىكرەك، قاڭشارلىق ۋە كېلىشكەنىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى قاپقارا ۋە



قويۇق بولۇپ، كۆلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرى كىمنىڭدۇر كۆزلىرىگە بەك ئوخشايتتى. لېكىن كىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ۋاسىل زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ بىردىنلا سوقۇشى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇ بىر ھاياجان ئىچىدە يەڭگىلگىنە تىترەپ قولىدىكى رەسىمنى ئاۋايلاپ تۇرەك سوجاڭغا قايتۇرۇپ بەردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۆزىگە مىقتەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ كۆزلىرىنى تۇرەك سوجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدى. تۇرەك سوجاڭنىڭ سىنچى كۆزلىرى شۇ تاپتا ۋاسىلنىڭ چىرايىدا زاھىر بولغان ئاشۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىشنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇراتتى.

— قانداق تونۇدۇڭمۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى تۇرەك سوجاڭ رەسىمنى ۋاسىلنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ.

— تونۇدۇم، بىرى سىز ئىكەنسىز...

— يەنە بىرەيلەنچۇ؟

— تا... تازا تونۇيالمىدىم، كىمدۇر بىرىگە ئوخشايتتىم-يۇ، زادى كىملىكىنى تاپالمىدىم، — دېدى ۋاسىل ھاياجان ۋە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە.

تۇرەك سوجاڭ خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك ئايانچلىق تۇستە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— ئاڭلاپ تۇر، مەن ئۇ قەھرىمان توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، ئاخىرىدا... ئاخىرىدا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالىسەن.

ۋاسىل چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئالدىراپ بېشىنى لىڭشىتتى. تۇرەك سوجاڭ يانماكىسىنى قاتتىق بىر تارتىۋېلىپ تاماكا قالدۇقىنى تاشقا نىقتاپ مىجىپ ئۆچۈردى.

ئاندىن گېلىنى قىرىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

## 7-باب

1962-يىل ئۆكتەبىردە، يەنى سەن تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغان چېغىڭدا چېگرىداش بىر دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى چېگرىمىزغا ھۇجۇم قىلدى، بىزنىڭ قىسمىمىز بۇيرۇققا بىنائەن دەررۇ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى، شۇ چاغدا مەن ئاشۇ قەھرىمان بىلەن بىر بەندە — پىلىموتچىلار لىيەنىنىڭ 3-بەندىدە ئىدىم. ئۇ قەھرىمان 3-بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىدى. بىز ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئارمىيىگە بىللە كىرگەن ۋە بىر يۇرتلۇق بولغاچقىمۇ كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى. ئۇ بەنجاڭ بەنگە تاپشۇرۇلغان ھەر قانداق قىيىن ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئالاتتى ۋە ھەر قاچان مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ باراتتى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. تاجاۋۇزچىلارنى ۋەتەن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئارمىيىمىز ئومۇميۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ بەنىمىزمۇ ھۇجۇمنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلدى.

يېرىم كېچە، چېدىرلاردا چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلگەنىدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، گاھى-گاھىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پوسىنىڭ ئايىغىدىن چىققان غاچىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالاتتى...

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇقىرىدىن دۈشمەننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقان 52-نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسى بىزنىڭ بەنگە تاپشۇرۇلدى. چۈنكى بىزنىڭ بەنىمىز ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسىنى سەزگۈرلۈك، پەم-پاراسەت بىلەن دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنىدى. بىز ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېرىم كېچىدە يولغا چىقتۇق. بىز خەرىتە ئۈستىدىكى كومپاس ئىستىرېلكىسىنىڭ كۆرسەتكەن نىشانىنى قارارلاپ قار كېچىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ تايانچ بازىسىغا يېقىنلاپ، دۆڭلۈكنىڭ تۈۋىگە ئۆمىلەپ كېلىپ توختىدۇق. ئەتراپ قاراڭغۇ قويۇق بولغاچقا قاپقاراڭغۇ ئىدى. دۈشمەننىڭ كۆزىتىش مۇنارىسىدىكى يۇقىرى ۋولتلۇق چىراغ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن تاغ جىلغىلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىز بەنجاڭنىڭ ئارقىسىدىن قار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ سىلجىپ دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدۇق. تۇساتتىن ئېتىلغان بىر پاي يورۇتقۇچى ئوق بىزنىڭ بېشىمىزدىلا خۇددى چاقماق چاققاندەك چاقناپ ئەتراپنى پاللىدە يورۇتتى، بەنجاڭ، مەن ۋە يەنە بىر جەڭچى بىردەم ئېڭىشىپ مېڭىپ، بىر دەم ئۆمىلەپ مېڭىپ، تېز ئىلگىرىلەپ تىكەنلىك سىم توساقنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدۇق. دۈشمەنلەر سىم توساققا كونسېرۋا قۇتىسىدىن

www.uyghurkitap.com



ياسالغان ئاددىي قوڭغۇراقلارنى ناھايىتى زىچ قىلىپ ئېسىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسىلا تاكاراڭشىغان ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى. بىز بىرەر مىنۇت ھەيلەشكەندىن كېيىن سىم توساقنى ئېھتىيات بىلەن قىسىپ ئادەم گەۋدىسى سىققۇدەك يول ئاچتۇق. ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلىپ تۇرغان يورۇتقۇچى ئوقلار ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتەتتى. بىز نىقابلانغان ھالدا ئۆزىمىزنى بىلىندۇرمەي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە كىرىشتۇق. بىر كەمدە، دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى چىراغ يورۇقىدا ئۇپقىلى بولمايدىغان بىر تىلدا ئۆز ئارا كالدىرلىشىپ، بىرگە ئاران 2-3 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىنلا كەلگەن يولى بىلەن كېينىگە قايىسىپ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىۈرىسىغا جايلاشقان يەر ئاستى ئىستىھكامىغا كىرىپ كەتتى. چىراغلار ئاستا-ئاستا ئۆچۈپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى.

بەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز دۈشمەننىڭ بۇ مەخپىي ئىستىھكامىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالدۇق. بۇ ئىستىھكام ھازىرغىچە خەرىتىگە ئېلىنمىغان بىر مەخپىي ئوت توچكىسى ئىكەن. بىز كەلگەن يولىمىزنى بويلاپ بازىغا قايتتۇق. ئۇن پەردىسىنىڭ بىر چېتى، خۇددى نېپىز شايىدەك سۇزۇلۇشكە باشلىدى. بىز قوياش ئۇيۇقتىن ھالقىپ نەيزە بويى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا قارلىق دالانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كۆن نۇرىدا زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆل بويىغا ساق-سالامەت يېتىپ كېلىپ توختىدۇق. بەنجاڭ زىيان-زەخمەتسىز ئىگىلىگەن مۇھىم مەلۇماتنى قوماندانلىق شتابىغا يوللىۋەتتى.

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئاسماننى قويۇق قارا بولۇتلار قاپلاپ، پىلدىرلاپ چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇۋەتكەنىدى.

تۈن قوماندانلىق شتابى بىزنىڭ يوللىغان تەپسىلى مەلۇماتىمىزغا ئاساسەن دۈشمەننىڭ 52-نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش جېڭىنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاقۇچ تۇمان بارا-بارا تارقىلىپ، ئېگىز تاغ ئۈستىگە شەپەق نۇرى جۇلا تاشلىدى. مانا شۇ چاغدا 52-نومۇرلۇق تايانچ بازىنى ئىشغال قىلىش جېڭى باشلاندى.

جىمجىت جىلغىلار پىلىموت، زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار شاۋقۇنىدىن لەرزىگە كەلدى. ھاۋانى ئوق-دورىنىڭ ھىدى قاپلىدى. پاك قىلىپ ئېتىلغان قىزىل رەڭلىك بەلگە ئوقى بىلەن تەڭ بىزنىڭ پىلىموتچىلار بەنىمىزنىڭ ئېغىر پىلىموتلىرى سايراپ كەتتى. ئاپقان يۇلتۇزدەك ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان ئوقلار دۈشمەننى باش كۆتۈرگۈزمىدى. پاراكەندە بولغان دۈشمەنلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، خۇددى ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن كاۋا-قاپاقتەك تاشلىق يەرگە دومىلىشىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. بىردىنلا گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. پوتكۇل جەڭ مەيدانى نەيزىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى جاراق-جۇرۇق قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنىدى. بەنجاڭىمىز ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن قاپقارا ساقاللىق بىر شادا پاچاق دۈشمەن

ئەسكىرىنى قولىدىكى ئاپتوماتىنىڭ پەيىنكى بىلەن خامىرىغا بىرنى ئۇرۇپ تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى-دە، ئاپتوماتىنىڭ نەيزىسىنى ھېلىقى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىگە سانچىدى. مىلتىق نەيزىلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ھالسىزلانغان دۈشمەنلەر ئامالسىز قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشقا باشلىدى.

ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەنلەر سوغۇق ۋە چۈشكۈنلۈكتىن توڭگۈلىشىپ، ئۇيۇشۇپ قېتىپ قالغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ئاران ماڭاتتى. يۈز-كۆزىنى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ساقال باسقان ئېگىز بويلۇق ئىككى نەپەر دۈشمەن ئوفىتسېرىنى سوراق قىلىپ ئالغان مۇھىم مەلۇماتلارنى دەرھال قوماندانلىق شتابىغا يوللىۋەتتۇق.

بىزنىڭ بەتىمىز بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. دەسلەپكى جەڭنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ جاسارىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. پاڭ-پۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئۈچ پاي بەلگە ئوقى پۈتۈن قىسىمنى سەپ بويىچە ھەرىكەتكە كەلتۈردى. گويا بورانلىق دېڭىز ئۈستىدە يەككە-يېگانە كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ قالغان ئېگىزلىكنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇنلار تىك قىياغا ياماشتى. بەنجاڭ بىزگە جىددىي بۇيرۇق قىلدى. 3-بەنىڭ ئېغىر پىلىموتى خۇددى ئوت ئەجدىھاسىغا ئوخشاش تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە ئوتلۇق ئىز قالدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ باشلىرىغا ئەجەل ئوقچۇنلىرىنى شىددەت بىلەن چېچىشقا باشلىدى. ئېغىر پىلىموتنىڭ بوغۇق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئىككى ياندىكى يېنىك پىلىموتلارمۇ سايراشقا باشلىدى. جەڭچىلەرنىڭ ئۇررا، ئالغا، سادالىرى ئېگىزلىك ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىشلىرىنىڭ ئوڭدىن كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەسكەرلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى تاشلاپ، ئەسكەرلىرىمۇ باشلىقلىرىنى دوراپ قوللىرىدىكى مىلتىق-ئاپتوماتلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا كىرىشتى. قاچقان دۈشمەن توپى ئالدىراپ قاچقان ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىلاجسىز بىر-بىرلەپ تىزلىنىپ تەسلىم بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بەزىلىرى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋالدىرلايتتى. سۈنايلاپ يېتىشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى تاغ باغرىغا تولۇپ كەتكەنىدى. جەڭ تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن ئاياغلاشتى. كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئاچ قىزىل پەردىسىنى قارا قۇرۇم تېغى ئۈستىگە يايدى. چوققىسى بىلەن كۆكنى تىرەپ تۇرغان ئاقباش تاغلاردىكى مەڭگۈ ئېرىمەس قارلار كۈن شولىسىدىن خۇددى كۈمۈچتەك يالتىرايتتى.

ئېگىزلىكتىكى ئوق-دورا ھىدى تارقاپ ھاۋا ئاستا-ئاستا ساپلاشتى. غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن جەڭچىلەر ئەسىرگە ئالغان تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرنى قىسىم ئارقا سېپىگە ئېلىپ ماڭدى. يىلانباغرى كەتكەن بۇ تاغ يولىدا ھەربىي ئاپتوموبىللار

www.uyghurkitap.com



خۇددى قاناتلىق تۇلپارلاردەك غۇيۇلداپ ئۇچۇپ باراتتى. ئەگرى-بۈگرى بۇ تاشيولنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپى تۈۋى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر هاڭ ئىدى. جەڭچىلەر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ تۆۋەندە لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قاراپ ئۆزلىرىنى گويا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىشتىلەردەك هېس قىلىشاتتى. بىزنىڭ پىلىموتچىلار بەنىمىزمۇ ئەڭ ئالدىنقى ماشىنىدا كېتىۋاتاتتى، بۇ يول 1962-يىلى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ خەتەرلىك ئۆتكەللىرى دائىم ئۇچراپ تۇراتتى...

بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاينىڭ خىرە-شىرە يورۇقىدا ئالدىمىزدىكى بۆيەرنىڭ بىر تەرىپى تۆپىلىك، يەنە بىر تەرىپى بولسا تۈزلەڭلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. تۈن يېرىمىغىچە بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمىگەن ئاسمان قۇچقى بارا-بارا قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە تولغان ئاينى يۇتۇۋالدى. ئەتراپ گويا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق يات ئەلگە بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن دەهشەت ياغدۇراتتى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرىنچى ئاپتوموبىلنىڭ كەينىكىسى ئۈستىگە ستوۋولى ئالدى تەرەپكە قارىتىلغان ئېغىر پىلىموت ئورنىتىلغانىدى. جەڭچىلەر بۇ كېچىدە دۈشمەننىڭ 26-نومۇرلۇق تايانچ بازىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. بىزنىڭ 3-بەنىمىز تۇەننىڭ ئاۋانگارت بەنى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. بەنجاڭ پىلىموتنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق تاغ شامىلىنىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن، ئېككى مەڭزى سوغۇقتىن سەزمەس هالغا كېلىپ قالغانىدى.

ئاپتوموبىل بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە. بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ كېتىپ بارغان ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتا-ئانا، بالا-چاقىلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان بولسا، بەزىلىرى يېنىدىكىلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن لىيەنجاڭ بىلەن مۆرىدىشىپ ئالدى تەرەپكە بەتلىنىپ تۇرغانىدىم. بىر چاغدا ئالدى يان تەرىپىمىزدە بىر زاڭزۇ ئۆيى ۋە ئېشىك بېشىدىكى خادا ئۇچىغا ئېسىپ قويغان غەلىتە بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك قىلدى.

— ئاۋۇ ياقتىكى خادىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە نېمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن. بەنجاڭ مەندىن ئاۋۋاللا ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانىكەن، ئۇ ماڭا «گەپ قىلما!» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى-دە، شوپۇرغا پىچىرلاپ دېگۈدەك ماشىنىنى ئاستىلىتىشقا بۇيرۇق بەردى. تاشيولنىڭ سول تەرىپىدىكى يېقىنلا يەردە تىبەتلىكلەرنىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيى ئەمدى ئوچۇقراق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قارىساق، ئۆينىڭ ئالدى يان تەرىپىگە قادالغان ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىغا چېگىلگەن بىر تال قوتاز قۇيرۇقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قوتاز ۋە قويلار يەم يەۋېتىپتۇ.

بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ھېلقى قوتاز ۋە قويلار ئاپتاپقا قاقلىنىپ تازا يايراپ تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىز بارغانسېرى ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بەخىرامان يەم يەۋاتقان قوتاز-قويلار گۈرۈلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مەخلۇقتا ھەيران بولغاندەك قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ قىزىقىش ئىچىدە قارىشىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى 3-بەندىكلەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۆي بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئارىلىقى پەقەت 50 نەچچە مېترلا كېلەتتى. بىز ئۆيگە قارىتىپ پىلىموتلاردىن ئوت ئاچتۇق. ئۆيگە يوشۇرۇنغان دۇشمەنلەرنىڭ ئېغىر-يېنىك قوراللىرىدىن مۆلدۈردەك ئۇچقان ئوقلار جەڭچىلەرنىڭ باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى، غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كەلگەن تاغ زەمبىرىكىنىڭ ئوقلىرى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى-كەينىگە چۈشۈپ پارتلاپ، تاشلارنى ئۇچۇرۇپ ئازگاللار پەيدا قىلاتتى. ئەتراپنى بىردەمدىلا ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتتى. بىر كەمدە قارىساق، دۇشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئېچىۋاتقان بەنجاڭ بىرلا تولغىنىپ يىقىلدى. قىپقىزىل قان ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۈستىگە تەپچىرەپ چىقتى.

— بەنجاڭ، يارىلىنىپسىز، پىلىموتىڭىزنى ماڭا بېرىڭ! — مەن ئاپتوماتىمنى قويۇپ بەنجاڭنىڭ پىلىموتىغا قول ئۇزاتتىم. يەنە ئۆزىنى ئوڭشاپ تىرەجەپ قوپقان بەنجاڭ ماڭا قاراپ:

— ئورنىڭدا چىڭ تۇر، ئاپتوماتىڭنى ئات! — دېدى ئاغرىق ئازابىدىن چىشلىرىنى كىرىشتۈرگەن ھالدا قەتئىي قىلىپ.

ئۇ يەنە ئېغىر پىلىموتقا يېپىشتى. تا، تا، تا، تات... ئېغىر پىلىموت يەنە سايراپ كەتتى. پىلىموتتىن چىقىۋاتقان ئوق يامغۇرى غالجىرلاشقان دۇشمەنلەرنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىپ ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

مەن بەنجاڭنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ زادىلا تاقەت قىلالمىدىم. چۈنكى بەنجاڭنىڭ يارىسى بەك ئېغىر ئىدى. باشقا بىرىمىز بولغان بولساق، يىقىلغان يېتى ئورنىمىزدىن قوپالمىغان بولاتتۇق. مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كېلىپ ئېھتىيات ئۈچۈن تارقىتىپ بەرگەن بىنتنى يېنىمدىن چىقىرىپ بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتقان يارىسىنى تېڭىپ قويدۇم. ئېغىر پىلىموتنىڭ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن جەڭچىلەر چۆچۈپ ماڭا قاراشتى. بۇ چاغدا مەن بەنجاڭنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بولۇپ پىلىموتنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدىم. لېكىن مەن ئېغىر پىلىموتنىڭ تەپكىسىنى قانچە باسسامۇ پىلىموتتىن ئوق چىقمايۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دۇشمەننىڭ ئوت كۈچى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى.

ئۆلۈم دەھشىتى ماشىنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا جىددىي تەھدىت سالماقتا ئىدى. قولۇمدىكى ئېغىر پىلىموت تېخىچىلا ئىشلىمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە دۇشمەن ئوقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ ئېغىر پىلىموتنىڭ ئوق لېنتىسىدىكى بىر تال ئوقنىڭ بېشىنى ماكچايتىۋەتكەنىكەن، ماكچايغان ئوق پىلىموت ستۋولىغا قاپلىشىپ قاپتۇ. ئېغىر پىلىموتتىن شۇڭا ئوق چىقمىغانىكەن. مەن پىلىموتنىڭ كاشىلىسىنى ئوڭشىغىچە ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قېلىۋاتقان بەنجاڭ ئۆزىنىڭ ئاپتوماتىنى قايتىدىن سايرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاپتوماتىدىن ئۇچقان قىساس ئوقلىرى دۈشمەن باشلىرىغا مۆلدۈردەك يېغىپ كەتتى.

— يولداشلار! — دېدى بەنجاڭ بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە ئوت ئېچىۋېتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — نوچىلىقىمىزنى سىنايدىغان پەيت كەلدى. چوڭ قىسىم يېتىپ كەلگىچە چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك، كىم ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلىسە شۇ نوچى، شۇ قەھرىمان! ئېتىڭلار! 3-بەنىنىڭ نوچى يىگىتلىرى، قەھرىمانلىق شەرىپى بىلەن غەلىبە بىزگە مەنسۇپ!!!

ئۇ بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن دۈشمەننى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىن ئەجەل ئوقلىرى ۋىشىلداپ ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ئېغىر يارىلانغان قەھرىمان بەنجاڭىمىز پىسەنت قىلمايتتى. ئېغىر پىلىموتنىڭ كاشىلىسى ئوڭشالغىچە دۈشمەنلەر پۈتۈن ئوت كۈچىنى بىزنىڭ بەنجاڭغا قاراتتى. بەنجاڭ دۈشمەن ئۈستىگە ئوت چاچرىتىپ ئۆزىنىڭ قاۋۇل بەستى بىلەن دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتىپ بەنىنىڭ چىقىمىنى ئازايتتى، پىلىموتنى ئوڭشاشقا ۋاقىت چىقىرىپ بەردى. شۇ ئارىدا يەنە بىر تال ئوق بەنجاڭنىڭ سول قولىغا تېگىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قانغا بويۇلۇپ كەتتى. لېكىن بىزنىڭ بەنجاڭىمىز ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئىڭىراپمۇ قويمىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن دىسكىنى ئالماشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارىتىپ داۋاملىق ئوت ئاچتى. غالجىرلاشقان دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نىشانى ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يەنە ئىككى تال ئوق تېگىپ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئېغىر پىلىموتىمنىڭ كاشىلىسىمۇ ئوڭشىلىپ بىردىنلا تىلغا كىردى-دە، قۇدرەتلىك ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى باستۇردى. بەنجاڭ مېنىڭ قايتىدىن ئوت ئېچىشقا كىرىشكىنىمنى كۆرۈپ، قان ئىچىگە ئاستا يىقىلدى. بۇ چاغدا چوڭ قىسىممۇ يېتىپ كەلدى. بەنجاڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى يۆلەۋاتقان مۇئاۋىن لىيەنجاڭغا «مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، مەن يارىلاندىم...» دېدى-دە، كۆزلىرىنى ئاستاغىنە يۇمدى. بىزنىڭ قەھرىمان بەنجاڭىمىز ئەنە شۇنداق قۇربان بولدى. بىزنىڭ «قەھرىمان بەنجاڭ ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!» دېگەن ئاۋازىمىز تاغ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەن بەنجاڭنىڭ جەڭدە ئىشلەتكەن قورالىدا، ھېلىقى مەخپىي ئىستىھكام بولغان ئۆيدىن پېتراپ قېچىپ چىقىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە بىر ئۆچىرەت ئوق سېرىپ، قېچىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلىدىم. چوڭ قىسىمنىڭ زەربىسى بىلەن «ئەۋلىيا قولتۇق» دەپ ئاتالغان بۇ مەيداندىكى دۈشمەنلەر بار-يوقى ئالتە مىنۇت ئىچىدە تامامەن يوقىتىلدى. ئاشۇ

قەھرىمان بەنجاڭمىزنىڭ باتۇرلۇقى ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ جەڭنى چوڭ قىسمىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۇزارتتى ۋە دۈشمەنلەرنى ھالسىرىتىپ، كۈچىنى خورىتىپ، بىزنىڭ بىراقلا غەلىبە قىلىشىمىزغا ئاساس يارىتىپ بەردى. بىزنىڭ قەھرىمان بەنجاڭمىزنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكى چوڭ قىسىمنى زور چىقىم بېرىشتىن ساقلاپ قالدى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىزنىڭ بەنجاڭمىز 1-دەرىجىلىك نەتىجە بىلەن خاتىرىگە ئېلىندى ۋە ئۇنىڭغا «كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلدى.

## 8-باب

تۆرەك سوجاڭنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، سۆزىدىن توختاپ قالدى. قالتىس قىزىق ۋە دەبدەبىلىك كىنو كۆرۈۋېتىپ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئادەمدەك تەسىرلىك جەڭ ھېكايىسى ئىچىگە غەرق بولغان ۋاسىل بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆرەك سوجاڭغا لاپپىدە قارىدى.

50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، چىرايى ھەرقاچان جىددىي ۋە كەسكىن كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاپتاپتا قارايغان، چارداشقا باشلىغان ئۆسكىلەڭ ساقال قاپلاپ كەتكەن، ئادەتتە تولىمۇ قەھرىلىك كۆرۈنىدىغان چىرايىنى چوڭقۇر بىر قايغۇ بۇلۇتى قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىگە ساناقسىز يىپچا قورۇقلار تارتىلغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدە لىققىدە كۆز يېشى لىغىرلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. چوڭ ئادەمنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى بولۇپمۇ تۆرەك سوجاڭدەك قوپال، كەسكىن ۋە قەھرىلىك ئەركەكنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان ۋاسىلنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇمۇ سوئال سوراشقا پېتىنالماي ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككىلەن شۇ ھالەتتە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرۈشمىدى.

ئۆستەڭ سۈيى جىمجىت ئاقماقتا ئىدى. قويۇق باغجانلاپ كەتكەن قېرى سېدىنىڭ چىرايلىق شاخلىرى ئۈستىدە قۇشقاچلار تىنىمسىز ۋىچىرلايتتى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن كۈن نۇرى خۇددى تۆرەك سوجاڭ ۋە ۋاسىل بىلەن بىللە سۈكۈتكە چۆمگەندەك ھېچقانداق تەۋرىنىش چىقارماي جىمجىت لەمشىپ ئېقىۋاتقان سۆزۈك سۇنىڭ يۈزىدە جىمىرلايتتى.

— مەن سېنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى تۆرەك سوجاڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېتىپ ۋە ۋاسىلنىڭ جاۋاب بېرىشىنىمۇ كۈتمەستىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئاشۇ قەھرىمان بەنجاڭ بىلەن ئارمىيىگە ماڭىدىغان كۈنى دەل مۇشۇ ئىككىمىز ئولتۇرغان كونا تۈگمەن تېشى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھاياجانلىرىمىزنى باسالماي ئۇزاققىچە سۆزلەشكەنىدۇق. ئۇ ئاجايىپ بىر يىگىت ئىدى. يۈرىكىدە ئوتى بار، مۇلايىم، خۇش چاقچاق، ئۆز مىللىتى ۋە يۇرتىنى جېنىدىن ئەزىز

كۆرىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، يامانىدىن قورقمايدىغان، ئادىل، كۆڭلى دەريادەك بىر ئەركەك ئىدى. شۇ كۈنى بىز مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇرۇش توغرىسىدا، كېلىچەك ۋە باللىرىمىز توغرىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇڭداشتۇق. ئۇ دەل سەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ ماڭا «دوستۇم تۇرەك، باللىرىمىز نېمە دېگەن بەختلىك، ئۇلار كەلگۈسىدە ئۇرۇش كۆرمەيدۇ، بىزدەك كونا جەمئىيەتنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى كۆرمەيدۇ، ئۇلار ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ، يۇرتىمىزنى گۈللىتىدۇ. خۇدا بۇيرۇپ ئۇرۇشتىن سالامەت قايتسام ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيلەپ بىر يارامىلىق ئەركەك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئارمىيگە بېرىمەن، ئۇ چوقۇم بىر قەھرىمان بولىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، مەن جەڭ قىلغان، مەن ئىسسىق قېنىم بىلەن ساقلاپ قالغان چېگرىنى قوغدايدىغان بىر چېگرا جەڭچىسى بولىدۇ... ئۇ چاغدا سەن بىلەن بىز قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەرمىز! قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەرمىز-ھە! ئويلاپ باقە، ئوغلى بىر خەلق ئوغلى بولۇپ يېتىلىپ چىقسا، بىر قەھرىمان بولۇپ ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتسە ئۇنداق ئاتا دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار ئاتا بولمامدۇ! ئۇنداق ئاتىدا يەنە نېمە ئارمان دەيسەن؟» دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى ئوغلىنى خەلق ئوغلانى، ۋەتەن ئوغلانى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىدى... ئەپسۇس ئۇ ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىدى، — تۇرەك سوجاڭنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆكرەك سىنەسى ئۆرىدەپ كەتتى.

— ئۇ قەھرىماننىڭ شۇ چاغدا بالىسى بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى ۋاسىل ئۇشتۇمتۇت.

تۇرەك سوجاڭ سوئالغا دەررۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ بىر تال موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى چوڭقۇر بىر شورىۋېتىپ ئىسنى كۆچەپ پۈۋلىدى.

— بار ئىدى. بىز 1960-يىلى ئارمىيگە كىرگەن. 1962-يىل يانۋاردا ئۇنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئەمدى ئۈچ ئايلىق بولغانىدى.

— ئۇ ئوغۇل ھازىر بارمۇ؟ بولسا قەيەردە؟ ھەقچان دادىسى ئويلىغاندەك چېگرا جەڭچىسى بولۇپ كەتكەندۇ-ھە! — ۋاسىل سەبىيلەرچە قىزىقىپ سوراپ قالدى.

تۇرەك سوجاڭ ۋاسىلنى خۇددى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تارتىپ قول-ئاياغلىرىغىچە بىر قۇر قارىۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى. تۇرەك سوجاڭنىڭ قاراشلىرىدىن ۋاسىل تۇرۇپلا خىجالەت بولۇپ قالدى ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. تۇرەك سوجاڭنىڭ كۆزى شۇ دەمدە بىر خىل مېھرىبانلىق سۆيۈنۈش ئىچىدە چاقناپ كەتتى.

— ئۇ بالا ھازىر بار. ناھايىتى ساغلام ۋە ئەقىللىق چوڭ بولدى. لېكىن... لېكىن ئۇ دادىسى ئارزۇ قىلغىنىدەك بىر قەھرىمان چېگرا جەڭچىسى بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر

بەگباش، تەرسا، قىنىغا پاتماي جەڭگى-جىدەل تېرىپلا يۈرىدىغان بىر بالا بولۇپ قالدى.

— ھەي ئىستەي، بىر قەھرىماننىڭ ئوغلىمۇ شۇنداق ئادەم بولۇپ قالامدۇ؟ تازا ئەقلى يوق بىر نېمە ئىكەن-دە — ئۇ! دادىسىنىڭ روھى قانچە قورۇنۇۋاتىدىغاندۇ-ھە!

ۋاسىل يەنىلا كىچىك بالا ئىدى. ئۇ باللارچە ساددىلىق بىلەن قايناپ سوغۇلۇپ كەتتى.

تۇرەك سوجاك قاتتىق ئىچىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ۋاسىلغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— ئۇ ئوغۇل كىم بولىدۇ؟ مۇشۇ يېزىدا بارمۇ؟ مەنمۇ تونۇيدىغاندىمەنمۇ-ھە؟ شۇ باللىنى بىر كۆرۈپ باقسام دەيمەن، بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى قانداق بولىدىغاندۇ-ھە؟

— ئۇ باللىنى كۆرسەڭ نېمە دەيسەن خىيالىڭچە؟! — تۇرەك سوجاك ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى.

ۋاسىل ھېچ ئويلاپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى.

— نېمە دەيتتىم، مەنچۇ، ھەي ئاداش، سەن دېگەن بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، قەھرىماننىڭ ئوغلى دېگەن قەھرىماندەك بولىدىغان، سەن بىزدەك لاكا-لوزاڭ ئادەم بولماي، قەھرىمان ئاتاڭدەك ئادەم بول، ئاتاڭ ئارزۇ قىلغان، ئاتاڭ قوغدىغان چېگراغا بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ قەھرىمان بول-دە، ئاتاڭنىڭ روھىنى خۇشال قىل! ئاتاڭ گەرچە سېنىڭ بولسىمۇ ئۇ دېگەن يېزىمىزنىڭ قەھرىمانى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان قەھرىمان. سەن ئۇنداق پايپاققا دەسسەپ يۈرسەڭ بىزنىڭ ئاچچىقىمىز كېلىدۇ، جۇمۇ! بىلىپ قوي! دەيتتىم.

ۋاسىل چىن دىلىدىن چىقىرىپ سۆزلەۋاتاتتى. قىزىقىشىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، يۈزى قىزىرىپ لاۋۇلداپ كەتتى.

تۇرەك سوجاك نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالغاندەك بىر خىل مۇجمەل قىياپەتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋاسىلنىڭ ساددىلىق ۋە سەممىيلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سېرىق تۈكلىرى ئەمدىلەتىن قارىيىپ كېلىۋاتقان چىرايلىق يۈزىگە تىكىلگەنىدى.

— ياخشى گەپ، ئۇنداق بولسا ئۇ قەھرىماننىڭ ئوغلىغا سەن ئىككىلەنمەي، دۇدۇقلىماي ھازىرقى گېپىڭنى قىلالامسەن؟ قىلالىساڭلا ئۇنى مەن ساڭا ھازىرلا تونۇشتۇرۇپ قوياي...

— ماقۇل، چوقۇم دەيمەن! دېمىسىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەكقۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى دېگەن... — ۋاسىل ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

تۇرەك ئاكىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشاڭغۇ، لېكىن ئۆتكۈر كۆزلىرى قۇۋلۇق بىلەن قىسىلدى:

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇرغىن، ئۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى دەل ئۆزۈڭ! سەن

شۇ تاپتا دەل شۇ قەھرىمان ئاتاڭ ئۆلتۈرگەن ئورۇندا ئۆلتۈرۈۋاتىسەن! سېنىڭ ئاتاڭ ئەزان توۋلىتىپ قويغان ئېتىڭ ۋارىس، كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭنى ۋاسىل دەپ ئۆزگەرتىۋېتىشتى. سېنىڭ ھازىر قىلغان گەپلىرىڭنى خۇدا بىلىدۇكى، ئاتاڭنىڭ روھى ئاڭلاپ خۇشال بولىدۇ. ئەمدى بايىقى گەپلىرىڭنى باشقا بىرىگە ئەمەس، دەل ئۆزۈڭگە دېگىن!!!

ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك ۋاسىلنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ئۆلتۈرگەن جايىدىن ئارقىسىغا ئۆچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ قۇلاق-مېڭىسى غۇڭۇلداپ، يۈرىكى قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈكۈلداپ سېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۆزى ئىشەنمەي ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىچە تۇرەك سوجاڭنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قېتىپ قالدى.

— شۇنداق، سەن دەل ئاشۇ قەھرىماننىڭ ئوغلىسەن، ئۇ قەھرىماننىڭ ئېتى ئاتىللا، سەن ئاتىللانىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى يەنى بىردىنبىر ئوغلىسەن!

— يا... ياق، قانداقسىگە... مېنىڭ ئاتام سايىم توقا ھايات تۇرسا... مەن... مەن قانداقسىگە... — ۋاسىل روھى قېچىپ كەتكەندەك ئۆلتۈرۈپ تىلى ئاران دېگەندە زۇۋانغا كەلدى.

تۇرەك سوجاڭ سالماقلىق بىلەن ۋەزمىن قىلىپ ئېيتتى:

— سايىم توقا سېنىڭ كېيىنكى ئاتاڭ، سەن ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەس، سەن ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئاپاڭ نۇرنىساخان سايىم توقىغا تەگكەن. سېنىڭ ئاشۇ ئادەمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغىنىڭ راست. بۇ ھەقتە مەن ئايرىم سۆزلەپ بېرىشتىن ئىلگىرى سەن تۇغۇلغان چاغدا ئېلىنغان نوپۇسنىڭ كۆپتىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، ئۇ پەيچۇسودا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانا كۆرۈپ باق. مەن بۇنى خېلى ئۇزۇندىن بۇيان يېنىمدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بىر پۇرسەت تېپىپ بۇنى ساڭا چۈشەندۈرمەكچىدىم. بۈگۈن سېنى كېلىپ قالار دەپ بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېلىقى ماجرادا ئۈستۈڭدىن چۈشتۈم، مانا قارا...

تۇرەك سوجاڭ تۈت قاتلانغان قېلىن بىر جەدۋەلنى خاتىرىسىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ۋاسىلغا سۇندى، ۋاسىل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئائىلە باشلىقى ئاتىللا دانىش، ئەر، 1940-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان. ئائىلە ئايالى نۇرنىساخان ھاشىم — ئايال 1944-يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان. پەرزەنتى ۋارىس ئاتىللا 1961-يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى تۇغۇلغان».

— قارا، ئاتاڭنىڭ ئىسمى ئۈستىدىن جىجالغان، بۇ ئاتاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن نوپۇستىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قارا، — تۇرەك سوجاڭ ھېلىقى خاتىرىدىن يەنە بىر پارچە جەدۋەلنى چىقىرىپ ۋاسىلغا ئۇزاتتى. جەدۋەلدە:

«ئائىلە باشلىقى سايىم توقا، ئەر، 1942-يىلى تۇغۇلغان. ئائىلە ئايالى

نۇرنىساخان ھاشىم 1944-يىلى تۇغۇلغان، پەرزەنتى ۋارىس ئاتىللا 1961-يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى تۇغۇلغان» دەپ يېزىلغانىدى.

— مانا بۇ يەرگە قارا، — دەپ كۆرسەتتى تۇرەك سوجاڭ، — مانا ئۇلارنىڭ نىكاھلانغان ۋاقتى 1963-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى.

— مانا بۇ يەرگە قارا، — تۇرەك سوجاڭ جەدۋەلنىڭ ئاستىنى كۆرسەتتى:

بۇ يەردە: پەرزەنتى[illegible]نىڭ ئىسمى ئۆز ئانىسى نۇرنىساخان، تەربىيە ئاتىسى سايىم توقنىڭ تەلىپى بىلەن [illegible]سىلغا ئۆزگەرتىلدى، دەپ يېزىلغان. سېنىڭ ئېتىڭنىڭ ۋاسىلغا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى 1963-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى، يەنى ئاناڭ نۇرنىساخان مەسۇم توقىغا نىكاھلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بولغان ئىش... ئاپاڭ 1963-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى سەن 22 ئايلىق يەنى ئىككى ياشقا ئاز قالغاندا سايىم توقا بىلەن توي قىلىشقان. سېنىڭ ئۆز ئاتاڭ قەھرىمان ئاتىللا 1962-يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، يەنى سەن بىر ياشقا تولۇشقا تۆت كۈن قالغاندا «ئەۋلىيا قولتۇق» تىكى جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان.

بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇسنىڭ كۆچۈرمىسى، مۇبادا بۇنىڭدىن يەنە خاتىرجەم بولالمىساڭ، قايتىپ بېرىپ ئاپاڭ نۇرنىساخاندىن، ھازىرقى ئاتاڭ سايىم توقىدىن سوراپ كۆر، مەھەللە-يۇرتتىن سوراپ كۆر... ئاتاڭ بىلەن ئاپاڭ ئەسلىدە سايىبرىقلىق بولۇپ، ئاپاڭ يېڭى تۇرمۇشلۇق بولغاندا سىلەر يېڭىئاۋات كەنتىگە كۆچۈپ كەلگەن.

— ئۇنداقتا ئاپام، ئاتام قۇربان بولغاندىن كېيىن.

— ياق، ساڭا راست گەپنى قىلماي بولمايدۇ. ئەسلىدە بۇ گەپنى ساڭا ئېيتماي دېگەنىدىم. لېكىن سەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشىڭ كېرەك! بۇ بەلكىم سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇڭدا بىر ئەينەك بولۇپ قالار... قېنى ئاڭلاپ تۇرغىن.

1962-يىلى 10-ئاينىڭ باشلىرىدا قىسملىرىمىز بۇيرۇققا بىنائەن تاغدىن قايتىدىغان بولۇپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەندە سېنىڭ ئاتاڭ ئاتىللاغا تەشكىلدىن ئۈچ كۈنلۈك ئاتپۇسكا بەردى. مەن ئۇ يەردە قېپقالدىم. چۈنكى مەن بىر يېتىم ئىدىم. يۇرتتا مېنىڭ يوقلاپ ئۆتكۈدەك بىرمۇ تۇغقىنىم يوق ئىدى. شۇڭا بەنجاڭ ئاتىللا يېنىغا ئۆزى يالغۇز كەتتى. ئاتىللانىڭ سايىبرىقتا ياشىغان ئانىسى، يەنى سېنىڭ موماڭ ۋە ئايالى ھەم ئەمدىلا 11 ئايلىق بولغان ئوغلى يەنى ئاناڭ نۇرنىساخان بىلەن سەن ۋارىس بار ئىدىڭ. ئاتىللا سايىبرىققا بارغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ياشىغان ئانىسى ئۇنىڭ ھەربىيدىن بوشاپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. چۈنكى موماڭ بەكلا قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىللانىڭ بىرلا ئاغرىقچان ئاكىسىدىن باشقا، ئۇ موماينىڭ ۋە سەن بىلەن ئاپاڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك باشقا ئادىمى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ كۈنلەردە دۆلەت چېگرىسى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى. جىددىي ۋەزىيەت ھەر بىر جەڭچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي ئەسكەرلىك ۋىجدانىنى سىناۋاتقان پەۋقۇلئاددە بىر كۈنلەر ئىدى. شۇڭا ئاتاڭ ئاتىللا سېنىڭ موماڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ نۇرغۇن تەسەللى بىلەن ئانىسنى قايىل قىلىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئايالى يەنى سېنىڭ ئاناڭ نۇرنسانىڭ ئىدىيىسىدىن زادىلا ئۆتمەپتۇ. ئۇ «مېنىڭ يولدىشىم ئۇزۇندىن بېرى سىرتتا بولدى، تاغدا يۈردى، يەنە ئۇرۇشقا كەتسە بالام بىلەن ئىككىمىز قېينىلىپ قالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ياشلىق باھارىم بىكار ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قاراپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ: «ئەگەر سەن يەنىلا ئارمىيىدىن بوشانمىساڭ خېتىمنى ئالمەن!» دەپ چۇقان سالپتۇ. ئۇشتۇمتۇت ئارمىيىمىزگە دەرھال ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن، مەن لىيەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئاتىللانى قىسمغا چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن بارغانىدىم. مەن دەل ئاشۇ غەلۋىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتىمەن. ئاناڭ ئاتىللانىڭ ئالدىنى توساپ ماڭغىلى قويماپۋېتىپتۇ. ئاتىللا بىلەن مەن ئاناڭغا نۇرغۇن نەسىھەت قىلدۇق. لېكىن ئۇ زادىلا قۇلاق سالمىدى. ئۇ ھەتتا سېنى ئاتاڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ «بالاڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپ ئۆزۈڭ باقىن ئەمسە!» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىۋالدى، قانچە چۈشەندۈرگەن بىلەن بولمىدى. ۋاقىت قىس ئىدى، بىزنىڭ ئاناڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمىز يوق ئىدى. ئاخىرى ئاتىللا ئىلاجىسىز قېلىپ: «ۋەتەننىڭ بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق كۈنلەردە ئەل بىلەن ۋەتەننى ئويلىمىغان خوتۇن سەن بولساڭ، تەلپىڭ بويىچە خېتىڭنى بېرەي، مەن سەندىن ۋاز كەچسەم كەچىمەنكى، ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش بۇرچۇمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن! ئوغلۇم ۋارىس ساڭا قالسۇن، ئىككى يىلغا يېقىن ئۆتكەن ئەر-خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭمۇ، ئالدىنقى سەپتە قان تۆكۈۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئوغلۇمنى بېقىپ تۇرغىن، مۇبادا مەن قايتىپ كېلەلمىسەم ئوغلۇمنى بىر يارامىلىق ئەر قىلىپ تەربىيىلە! شۇنداق قىلالىساڭلا ۋەتەن ئالدىدا سېنىڭمۇ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ!» دېدى كەسكىنلىك بىلەن ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەۋېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۇنى بېجىرىپ قويۇشنى كەنت مەسئۇلى، بىلەن ئاغرىقچان ئاكىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، موماڭ بىلەن خوشلىشىپ مەن بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بىز بازىغا كەلسەك قىسمىمىز ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. شۇ ئىش بولۇپ 20 كۈندىن كېيىن ئاتاڭ قۇربان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي موماڭ ۋاپات بولدى. مەن ئۇرۇشتىن كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ يېنىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتاڭنىڭ ئاغرىقچان ئاكىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتاڭ قۇربان بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئاناڭ يېڭىئاۋاتلىق سايىم توقىغا (سېنىڭ ھازىرقى ئاتاڭغا) تۇرمۇشقا چىقىپ سېنى ئېلىپ يېڭىئاۋاتقا كۆچۈپ كەتتى...

## 9 ـ باب

تۇرەك سوجاڭ جىم بولدى. ئۇ خۇددى بىر گۇناھكار ئادەمدەك تەڭقىسچىلىق ئىچىدە بېشىنى سالدى.

ۋاسىل خۇددى تولىمۇ ئېغىر بىر تاش ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئادەمدەك ھاسىراپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل قان ئۇنىڭ يۈزىگە تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ دېمى بىر-بىرىگە ئۇلاشمايتتى. گەۋدىسى بەزگەك بولغان ئادەمنىڭ گەۋدىسىدەك تىترىمەكتە ئىدى. ۋاسىلنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. ئۇشتۇمتۇتلا بۇلارنى ئۇنىڭغا دېمىسەمۇ بولغانىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن دېمەي مۇمكىنمۇ؟! ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى بىلمەي چوڭ بولغان بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ تەكتى-تومۇرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق مۇھىم تەپسىلاتنى قانداقمۇ يوشۇرۇپ قالالىسۇن؟ لېكىن... شۇ تاپتا...

تۇرەك سوجاڭ تىت-تىت بولغاندەك لېۋىنى يەڭگىلگىنە چىشلىدى. ئاندىن سەل ئويلىنىۋېلىپ مۇلايىم ئاۋازدا دېدى.

ــ تازا چوڭقۇر ئويلاپ باقساڭ، سېنىڭ ئاناڭمۇ گۇناھكار ئەمەس، ئۇ چاغدا ئاناڭ تېخى ئەمدىلا 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ساۋاتسىز يېزا قىزى ئىدى. مۇشتەك تۇرۇپلا ئانا بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ گۆشىدا ئەتىدىن كەچكىچە تاغار يۈدۈپ ئىككى چوڭ، بىر كىچىكنى، ئۆزى بىلەن قوشقاندا تۆت جان ئادەمنى بېقىشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغان بىر گۆدەك ۋە ساۋاتسىز يېزا ئايالى ۋەتەن ئالدىدىكى قەرز بىلەن ئائىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قانداقمۇ توغرا تونۇيالىسۇن؟ بۇنىڭغا ئاشۇ يات ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئەيىبلىك! شۇلار تاجاۋۇز قىلمىغان بولسا، ئاتاڭ بىلەن ئىككىمىز سەپتىن بوشاش ئالدىدا ئىدۇق. شۇ ئۇرۇش تۈپەيلى بىز ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قالدۇق! خەق بىزگە تاجاۋۇز قىلسا بىز ئۆزىمىزنى قوغدىمىساق بولامدۇ؟! مۇبادا يات ئەل قوشۇنى ۋەتەن چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىرمىگەن بولسا، بىز يېزىغا قايتاتتۇق-دە. سىلەرنىڭ ئائىلىمۇ ۋەيران بولمىغان، سەنمۇ يېتىم قالمىغان بولاتتىڭ! ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت تەبىئىي ئاپەت، خاتا سىياسەت، چەت ئەلنىڭ بېسىمى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئاچارچىلىق، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. تۇرمۇش كەچۈرمەك بەكمۇ قىيىن ئىدى. بىر نان ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، بىر بۇردا نان ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدىغان ئەھۋالنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھەتتا ئادەملەر ھايات قېلىش ئۈچۈن گەمىنىڭ كالا-ئاتلىرىغا بېرىدىغان كۈنجۈر-كېپەك ۋە مەدەكلەردىن ئوغرىلاپ يەيتتى. ئادەملەر ياۋا ئوتنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇن تارتىپ يەپ جان ساقلايتتى. مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە سىلەرنىڭ ئائىلە ئاتاڭغا مۇھتاج ئىدى،

ئەلۋەتتە. تېخى ئەمدىلا 18 گە قەدەم قويغان بىر ئايالنىڭ بۇنداق ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا 4-5 جان ئادەمنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئاسان گەپمۇ؟! مەن-مەن دېگەن ئەركەكلەر بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاشۇ ئېغىر تۇرمۇش، سېنىڭ گۆدەك، ئىش كۆرمىگەن، نادان، ساۋاتسىز ئاناڭنى ھەرقانداق ئويغا كەلتۈرسە بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئاناڭ سېنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىر ساغلام، ئەقلى-ھوشى جايىدا بىر يىگىت قىلىپ يېتىشتۈردى. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا قىلغان سەۋەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى ئازابنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قىلغان ئەجرىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە! شۇڭا سەن ھەرگىزمۇ بۈگۈن مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن، ئۆتكەن ئىشلار تۈپەيلى ئاناڭدىن رەنجىسەڭ، ئۇنى يامان كۆرسەڭ قەتئىي بولمايدۇ! سېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەققىڭ يوق! سېنىڭ ئاناڭ يەنىلا ياخشى ئانا! قەھرىمانىنىڭ ئوغلىنىڭ بوينىنى قىسىلدۇرماي، يامانغا يولۇقتۇرماي، بەرجەس بىر ئەركەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان ياخشى ئانا! شۇڭا ئۇ ھۆرمەتلىنىشى كېرەك! سەن ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلىسەڭ بولىدۇ، بالام!

ۋاسىلنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ تىترىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ گويا جېنى چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ قالغانىدى. تۇرەك سوجاڭ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يېزىغا قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن سېنى كۆزۈمدىن بىر كۈنمۇ نېرى قىلمىدىم. چۈنكى مەن ئاتاڭ بىلەن ئاچماق ئىشتان كىيگەندىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ بىللە چوڭ بولغان قىيامەتلىك دوست ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز بىر كۈندە ئەسكەر بولدۇق، بىر قىسىمدا، بىر تۈەندە، بىر لىيەندە، بىر بەندە ۋەزىپە ئارتقۇردۇق. ئۇرۇش جەريانىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ بىر ئاكۇپتا جەڭ قىلدۇق. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يارىلىنىپ، مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزگەن. يەنە كېلىپ ئۇ رەھمەتلىكنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقىنى قالمىدى. ئۇنىڭدىن قالغان بىر تال ئۇرۇق بار، ئۇ بولسىمۇ پەقەتلا سەن! ئۇ ھايات ۋاقتىدا (گەرچە سەن ئۇ چاغدا بەكمۇ كىچىك بولساڭمۇ!) سەندىن چەكسىز سۆيۈنەتتى، ساڭا پۈتۈن ئۈمىدىنى باغلىغانىدى...! ئۇنىڭ سېنى ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جان بېرىدىغان بىر قەيسەر جەڭچى، بىر خەلق ئوغلانى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئارزۇسى بار ئىدى، سېنىڭ پاگون تاقاپ، قولۇڭغا قورال ئېلىپ ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداۋاتقان ھالىتىڭنى، بىرباتۇر، قەيسەر چېگرا جەڭچىسى بولغان ھالدىكى قىياپىتىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئاخىر ئۇ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، پۈتكۈل قىسمىنى زىل-زىلىگە سالغۇدەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولدى، سېنىڭ ئۇ ھالىتىڭنى

كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. لېكىن ئەپسۇس، سەن ساغلام، ھوشيار چوڭ بولغىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق شەرەپلىك بىر جەڭچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆستۈڭ، ئۇنى ئاپاڭ نېمىشقىدۇر سېنىڭدىن يوشۇردى. بەلكىم ئۇ سەندىن ئىش يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتاسىنى يوشۇرغاندۇ. ساڭا قەھرىمان ئاتاڭنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئالغان ھېلىقى كۆندىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمەي شۇنداق قىلغاندۇ؟! لېكىن ئىمانىم بىلەن ئىشىنىمەنكى ئاناڭ ئۆزىنىڭ خاتاسى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان يېدى، بىر ئۆمۈر ئازاب چەكتى... ئۇ ھەر قېتىم مېنى ئۇچرىتىپ قالسا، يەرگە كىرىپ كەتمەيدۇ ئۇنىڭ بېرىسى بولىدۇ، ماڭا بېشىنى كۆتۈرۈپ تىكىلىپ قارىيالمايدۇ! ئىش يۈزىدە ئۇ ئاتاڭنىڭ روھى ئالدىدا تىترەيدۇ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئاتاڭنىڭ روھي ئالدىدا قىينىلىپ ئازابلىنىدۇ.

مەن بىر كۆرەش قەھرىمانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۆزۈڭدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى بۇنى ساڭا چۈشەندۈرىدىغان، ھەقىقىي ئەھۋالنى مەندەك بىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. بۇنداق قىلسام سېنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىڭگە بىر قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك، بىر روھىي يۆلەك، بىر پارلاق يېتەكچى كۈچ قوشۇلاتتى، سەن ئاز تېپىلىدىغان پاك، دۇرۇست بىر روھىي مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولۇپ، كېيىنكى ھايات يولۇڭدا ئازماس بىر نىشان، ئۆزۈلمەس بىر مەنزىل ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، توغرا ۋە دۇرۇست ئادەم بولۇپ، يارامىلىق ئەر، باتۇر جەڭچى بولۇپ چىقىشىڭغا بەكمۇ پايدىلىق ئىدى؛ لېكىن قارىسام، سەن ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالدا ھازىرقى ئاتاڭنىڭ چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتىگە قەرزدار بولۇپ قالدىڭ، ئۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، جېنىدىنمۇ بەك قەدىرلەيدۇ، ئائىلەڭلار تىنچ ۋە بەختلىك. مۇبادا مەن ئۇيۇل-تۇيۇل بۇ ئەھۋالنى ساڭا بىلدۈرسەم ئائىلەڭلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇشى، ئاشۇ مېھرىبان ئاتاڭنىڭ ياخشى كۆڭلى ئازار يەپ قېلىشى، بولۇپمۇ سەن بۇنداق پاجىئەلىك تارىخي كەچمىشنى دەررۇ قوبۇل قىلالماي، روھىي جەھەتتە بىر بېسىم ئاستىدا قېلىپ ۋە ئۆسۈپ-يېتىلىشىڭگە مەلۇم ۋاقىت ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى بېسىپ بىر مۇۋاپىق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم، ھەتتا ئاخىرىدا بۇ ئىشنى مەن بۇ ئالەمدىن كۆز يۇمىدىغان ئاخىرقى سائەتتىلا ساڭا بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا سەن ئاللىقاچان چوڭ بولغان بولاتتىڭ، ھەرقانداق تاسادىپىلىققا ماسلىشالايدىغان بىر خاراكتېر ئىگىسى بولۇپ قالاتتىڭ-دە، سەن ھازىرقى مۇشۇ تۇرقۇڭدىكىدەك تېڭىرقاپ، گاڭگىراپ قالمايتتىڭ. لېكىن، بولدى، قارىسام ئىشنىڭ تەرەققىياتى مەن كۈتكەننىڭ تەتۈرىسىچە بولغىلى تۇردى. مەكتەپتىن چىقىۋالدىڭ، ئاتاڭنىڭ ئارتۇقچە كۆيۈنىشى سېنى تولىمۇ ئەركە قىلىۋەتتى. سەن ھېچكىمنى تونۇمايدىغان، ھېچكىمنى نەزەر گۆھرىڭگە ئالمايدىغان، ئىچى بوش، روھىي نامرات بىر ئاقىنانچى بولۇپ ئۆزگىرىشكە، ھەتتا بېرىپ-بېرىپ ھېچكىمگە ئارامىلىق بەرمەيدىغان،

جەمئىيەت تەرتىپىنى خالىغانچە بۇزۇشتىن يانمايدىغان بىر زوراۋان، بىر تەلۋە، بىر قولاق كەستى بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدىڭ! مەھەللىدە سېنىڭ ئۈستۈڭدىن قاقشىمايدىغان ئادەم يوق، سەن ھېچنەرسىدىن تەپتارتمايسەن، ھېچكىمنى ھەتتا قانۇننىمۇ كۆزۈڭگە ئىلىپمۇ قويمايسەن. مۇبادا مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ سېنىڭ ئىستىقبالىڭ قاراڭغۇ، ئەتەڭ تولىمۇ خەتەرلىك، سەن ئاخىرى بېرىپ بىر جەمئىيەت داشقىلىغا، بىر زىيانداشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن! مەن بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم، سەۋرى قاچام تاشتى، چۈنكى سېنىڭ بۇ ھالىتىڭ ئاتاڭنىڭ، ئاشۇ ۋەتەن دەپ، خەلق دەپ جان بەرگەن، ساڭا ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-ئۈمىدىنى باغلىغان ئاتاڭنىڭ روھىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ئۇنىڭ پاكىز روھىنى قىينايدۇ، ئازابلايدۇ ئۇ چاغدا ئاتاڭ ھېچكىمدىن ئەمەس مەندىن رەنجىيدۇ، مەندىن كۆڭلى قالىدۇ! دېمىسەڭمۇ مەن ئاتاڭنى سانسىز قېتىم چۈشەپ قالدىم! ئاتاڭ ھەرقاچان ماڭا خاپا كۆرۈنەتتى، ئۇ ئاغزىدا ۋارىس! ۋارىس! دەپ ئۈمىدسىز ۋارقىرايتتىيۇ، قولى بىلەن مېنى غەزەپ بىلەن، ئاچچىقى بىلەن جۇنۇيتتى. مەن بۇنداق چۈشنى تالاي كۆردۈم، ھەر بىر كۆرگىنىمدە نەچچە كۈنگىچە گېلىمدىن غىزا ئۆتمەي، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، سەن تاپتىن چىققانسېرى ئاتاڭنىڭ روھى ئالدىدا ئۆزۈمنى شۇنچە گۇناھكار ھېس قىلدىم، ئۇ رەھمەتلىكنىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن روھي ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانسېرى ئىچىم ئېچىشىپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم! بىر قەھرىماننىڭ ئوغلى ئاخىرقى ھېسابتا، ئاشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئەدناسى ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى، كىمنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ھەتتا ئۆزىنىڭ پۇشتى-يىلتىزىنى، قەھرىمان ئاتىسىنى تونۇمىسا بۇ بىر پاجىئە ئەمەسمۇ؟!

مەن ئاخىرى سەن بىلەن قەتئىي رەۋىشتە سۆزلىشىش، ساڭا ئەينى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، سېنى يارنىڭ لېۋىدىن تارتىۋېلىپ ئاتاڭنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا مەن ھېلىقى ئەينى چاغدىكى نوپۇسنىڭ كۆتىكىنى ئىزدەپ تېپىپ مۇۋاپىق پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈردۈم. مانا ئاخىرى بۈگۈن بۇ پۇرسەت يېتىپ كەپتۇ! مانا بىز دەل ئەينى چاغدا ئاتاڭ بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭداشقان يەردە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتۇق، سەن بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىز بار دەپ ئويلاپ قالما! ئىشىنىمەنكى بىز ھازىر ئۈچ ئادەممىز، بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا ئاتاڭ ئاتىللامۇ ئولتۇرۇپتۇ، ئاتاڭنىڭ روھى بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدە ئەگىپ يۈرىدۇ، بۈگۈن ئۇ ھەممىنى ئاڭلىدى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ! بۈگۈن مەن ساڭا ئەينى ئەھۋالنى تولۇق ئاشكارىلىدىم. ئەمدى قانداق قوبۇل قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى! بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى! بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشايسەن؟ سەن كىمنىڭ پۇشتى ئىدىڭ، ئەمدى كىم بولدۇڭ ۋە يەنە كىم بولماقچى سەن، بۇلارنى ياخشى ئويلان! سەن مېنى تونۇيسەن! مەن ئاتاڭنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى، مېنى خالىساڭ ئاتاڭ ئورنىدا كۆرگىن، مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈمنى چايناپ باق، ئۆزۈڭ

توغرىسىدا، ئاتاڭنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆر-دە، خالىغان چېغىڭدا مېنى ئىزدەپ كەلگەن، ئويلىغانلىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن. بۇ، ئىش بەزىدە ئاتاڭغا سۆزلەپ بەرگىنىڭ، چۈنكى ئۇنىڭ روھى ھەر قاچان بىز بىلەن بىللە، مەن بىلەن، سەن بىلەن بىللە! سېنىڭ خىياللىرىڭدىن ئاتاڭمۇ خەۋەردار بولسۇن، ئۇنىڭ روھى بىلىپ قالسۇن؛ مەن ساڭا «ئۇ بول»، «بۇ بول» دېمەيمەن، چۈنكى شۇنچە ئەھۋالنى ئېيتىپ تۇرۇپ ئۇنداق دېيىش ئارتۇقچە، لېكىن شۇنى تەكىتلەپ قويايكى، ياخشى ئەر ئاتا بالىسى دېگەندەك ئاشۇ قەھرىمان ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولۇشقا ئىرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئاناڭ ھەققىدە ھەرقانداق يامان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلىغىن، ئۇنى سۆي، قەدىرلە، ئاسرا، ئايىغىن، ئۇنىڭ ئازابى ئۆزىگە يېتەرلىك، سەن تۆپىلەپ ئازاب كەلتۈرۈپ بەرمە، ئۇنداق قىلساڭ ئاتاڭنىڭ روھى قورۇنىدۇ. يەنە ئاۋۇ تەربىيىلىگەن ئاتاڭنى ھۆرمەتلە، توغرا سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىل. ئۇ راستىنلا بىر ياخشى ئاتا!

تۆرەك سوجاڭ ئاخىر بىر ئېغىر ئىشتىن چارچاپ، ئۆزىنى بۆگلۆككە تاشلاپ دېمىنى ئېلىشقا تەمشەلگەن ئادەمدەك چوڭقۇر بىر تىنىپ جىم بولدى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان ۋاسىل پاڭگىدە ئېتىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەيتتى. يۈز-كۆزى ئېسلىپ ئۇتۇقۇپ كەتكەندى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ-باغرى تۆكۈلگۈدەك ئېسەدەپ، ئۆپكىدەپ، بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىدىن تۆرەك سوجاڭنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش تولدى. ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن يېنىدا ئولتۇرۇپ يېتىم قوزىدەك بوزلاۋاتقان ۋاسىلنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى. ۋاسىلمۇ خۇدى ئۆز ئاتىسىنى تېپىۋالغاندەك ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا بېشىنى قويۇپ، تېخىمۇ بەكرەك يىغلاپ كەتتى.

قۇياش غەربكە قىيسايدى، ئۇنىڭ ئوتقاشتەك شولىسى قىرى سېدىنىڭ باراقسان شاخلىرىنى پۈركەپ، سېدە دەرىخىنىڭ قارامتۇل ياپراقلىرىنى، بىر تەسىرلىك ۋە ئازابلىق ئائىلە شەجەرىسىنىڭ بايانىغا شاھىد بولۇپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە جىمجىت ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ يۈزىنى شەلپەر ياپقاندەك ھالرەڭ قىزغۇچ تۈسكە كىرگۈزدى، مەيىن شامالدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرى خۇشال شىۋىرلىدى، قەيەردىدۇر بىر جايدا كاككۇكنىڭ خەندان ئۇرۇپ مۇڭلۇق سايرىغىنى ئاڭلاندى.

تۆرەك سوجاڭ بىلەن ۋاسىلنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تىپچەكلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلىمەك تەس بولغان بىر خىل سېزىم بىلەن لىققىدە توشقانىدى. بىر پېشقەدەم جەڭچى بىلەن بىر ناتىۋان ئۆسمۈرنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل ئاچچىق، ئازابلىق-قايغۇلۇق، لېكىن يەنە نېمىسى بىلەندۇر كىشىنى شېرىن خىيالغا يېتەكلەيدىغان بىر خىل مۇرەككەپ سېزىم بىلەن چۇلغانغانىدى.

بازاردىن تارقاپ ماڭغان بازارچىلارنىڭ قىقاس-چوقانلىرى، شاۋقۇن-سۈرەنلىرى گۈزەل يېزىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىنى چاك كەلتۈرۈپ شاۋقۇنلايتتى. ھېلقى كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

## 10-باب

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋاسىل ئۆزگەردى. ئۆزگەردى ئەمەس، قايتا تۇغۇلدى، تۇغۇلغاندىمۇ باشقىچە، بەكمۇ باشقىچە بولۇپ تۇغۇلدى.

ئۇ بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى. جىمغۇرلۇق پەقەت ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممىلا نەرسە ئۆلۈپ، ھەممىلا نەرسە قايتىدىن ئۆزگەرگەن ھالدا تىرىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا زاھىر بولۇۋاتقان مانا مۇشۇ ئۆلۈش بىلەن تىرىلىش جەريانى ئۇنىڭ ئەسلى تۇپ تەبىئىتىدىكى بىر ئازابلىق تىركىشىش جەريانى ئىدى. شۇنداق، ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالغان ئىدى! — ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە ساختا، تەبىئىي ۋە چىن ئەمەس بولۇپ تۇيۇلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ 18 يىللىق ھاياتى چىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە قەدىردان يۆلەكلىرى بولغان ھازىرقى ئاتىسى بىلەن ئانىسىمۇ چىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چىن ئەمەس ئىدى...

ئۇ 18 يىل مابەينىدە ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، تەلەيلىك بىر بالا دەپ چۈشىنىپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇ قولىنى نەگە ئۇزارتسا شۇ يەرگە يېتەتتى، نېمىنى قىلماقچى بولسا شۇنى قىلالايتتى، ھەر جەھەتتە ئۇ ئۆزىنى ئەتراپىدىكى تەڭتۇشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ قەتئىي ئىشەنگەنىدى. چۈنكى بەزى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاتىسى بار، ئانىسى يوق، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھال-كۈنى ئۇنچە ياخشى ئەمەس، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ياشىنىپ قالغان، كېسەلچان ۋە نامرات، يەنە بەزى تەڭتۇشلىرى جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز، ئەقلى كەمتۈك، بەزىلىرى قورقۇنچاق، بەزىلىرى بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە سەت ۋە تومپاي. ئىشقىلىپ ئۆزىنى كەمگىللا سېلىشتۇرمىسۇن، ئۇ ھەرقاچان، ھەر جەھەتتە باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئاتا-ئانىسى تەل، ئاتا-ئانىسى قېرى دېگۈدەك قېرى ئەمەس، يېمەك-ئىچمىكى ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ، ئاتا-ئانىسى مەھەللىدە ئىككىنىڭ بىرى، ئۆزى بولسا كېلىشكەن، ساغلام ۋە ئەقىللىق، ئۇنىڭدا كۈچ دېسە كۈچ، جىگەر دېسە جىگەر بار، ئۇ خەقنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش سىقىلىپ-قورۇنۇپ ئەمەس، ئەكسىچە تايچاقتەك قىيغىتىپ ئەركىن-ئازادە چوڭ بولدى. ئۇ ئائىلىدە بولسۇن، مەھەللىدە بولسۇن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان.

ئەمدىچۇ؟ ئەمدى... ئەمدى مانا ھەممىسى ساختا ۋە يالغان بولۇپ چىقتى.

ئاتا-ئانىسى ئۆز ئەمەس، ئانىسى ئۇ ئويلىغاندەك ئۇ دەرىجىدە («ياخشى ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىسا يەنە!) ھەي، نېمە دېسە بولار، ئىشقىلىپ ئۇ دەرىجىدە ئەمەس، ئۇ قەھرىماندىن يۈز ئۆرۈگەن بىر خوتۇن! ھازىرقى ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقى، كۆرسىتىۋاتقان مېھىر-مۇھەببىتى پۈتۈنلەي ساختا! ئۇ كىشىنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىمەن دەپلا چۈشىنىدۇ، پەقەت ۋاسىلنىڭ ئانىسىنى ئايىغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئاشۇنداق يالغان شەپقەت كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بايلىقى ۋە بىساتى بىلەن ۋاسىلنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوق، چۈنكى ئۇ بىر يالغان ئاتىنىڭ نەرسىلىرى... ئۇنىڭ سىڭىللىرىمۇ ساختا! چۈنكى ئۇلارمۇ ۋاسىل بىلەن بىر ئاتىنىڭ باللىرى ئەمەس! ھەتتا مۇشۇ يېڭىئاۋاتمۇ ساختا! چۈنكى ئۇ يەردە تۇغۇلمىغان، سايىبىرىقتا تۇغۇلغان. يېڭىئاۋاتنىڭ كەڭرى زېمىنى، قاراڭغۇ باغلىرى، سۈزۈك سۇلىرى، ئېتىزلىرى، خامانلىرى، گۈل-گىياھى ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس، ئۇ پەقەت يېڭىئاۋاتلىقلارنىڭ... دېمەك، ھەممىسى، ھەممىسى چىن ئەمەس، ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمەس، ھەممىسى ساختا، ھەممىسى ئۇ ئويلىغان، ئۇ چۈشەنگەن، ئۇ ئىشەنگۈدەك ئەمەس ئىكەن.

ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ سۆيگەن، ئۇ كۆيگەن، ئۇ قەدىرلىگەن، ئۇ ئىشەنگەن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ئۆز، ئەڭ قەدىردان نەرسىلەر ئىدىغۇ؛ دېمەك ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، بارلىقى، تۇرغان-پۈتكىنى ساختا ۋە يالغان!

ئۇنى بىر ئازابلىق تۇيغۇ زەھەرلىك يىلاندەك چېقىپ تولغاندۇراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ 18 يىللىق ھاياتىنى تۇرمۇش چوققىسىدىكى بىر يۈكسەكلىك دەپ ئىشەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشۇ يۈكسەك چوققىدىن بىر چوڭقۇر ھاڭغا، بىر چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە دۇملاپ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئەمدىلىكتە ئاتىسىز بىر يېتىم، يىلتىزسىز بىر تال قامغاق، لەيلەپ يۈرگەن بىر كۆپۈك، خالاس!

ئۇنىڭ ئىچى بوش، ئايىغى ماغدۇرسىز، يۈرىكى ھېسسىياتسىز، كاللىسى قۇرۇق... ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا نەرسە، ئىلگىرى ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بەخش ئاتا قىلغان، گۈزەل ئارزۇ ۋە ئارمان بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل سېھىر-كارامىتىنى، تارتىش كۈچىنى، قەدىر-قىممىتىنى، ئەھمىيەت-مەنىسىنى پاك-پاكىز يوقاتتى! ئۇ ئەمدى ھېچنەرسە ئەمەس! ھېچنەرسە... ۋاسىلنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئۆز تەمىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئۆز لەززىتىنى يوقاتتى، كۈلكە-چاقچاق، ئويۇن-تاماشا، كۈتۈش، سېغىنىش، خالاش، ئىزدەش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل يات ۋە يوچۇن نەرسىلەرگە ئايلاندى.

ئۇ ھېچكىمگە گەپ-سۆز قىلمايدۇ، ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئاڭلىمايدۇ. ھېچكىمگە قاراپ كۈلمەيدۇ، خىيال سۈرگىنى سۈرگەن، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ياتقىنى ياتقان...

هەممىلا يەردە يالغۇز قېلىشنى خالايدۇ، يىگانە، تەنها ھالدا خىيال سۈرۈشنى خالايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچنەرسىگە رايى بارمايدۇ، بارمايدۇ ئەمەس، ئۇ قاچىدۇ، ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ.

ئىلگىرى ۋاسىلنىڭ شوخلۇقى، كەپسىزلىكى، بەگباشلىقى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى خاۋاتىرلەندۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا بۇ دەرىجىدە جىمغۇر، مەيۈس بولۇپ ئۆزگىرىشى، ئۇنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا، ئۆزىچىلا روھى قېچىپ كەتكەندەك شۈكلەپ كېتىشى، ھېچنەرسە بىلەن كارى يوق، ھېچنېمە تەسىر قىلماس، ھېسسىياتسىز، خىيالچان، بىپەرۋا، گومۇش چىراي ۋە ساراڭقېتىش بولۇپ ئۆزگىرىشى ۋاسىلنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قورقىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىلا ئەمەس، ئادەتتە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ بىزار بولۇپ كەتكەن ئەل-مەھەللىلەر بىردىنىلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قېلىشتى... ۋاسىلنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى ۋاسىلنىڭ ئاتا-ئانىسىنى، سىڭىللىرىنى قاتتىق ئازابقا قويدى، ئۇلار ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي يىغلايتتى، قاقشايتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا، ئىلگىرىكى كەپسىز، بەگباش ھەتتا بىزەڭ، يالقاۋ ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولۇشاتتى... لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ۋاسىلنىڭ چىرايى بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىدى. ئۇ گويا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى تامام ئۇنتۇپ، باشقا بىر دۇنياغا، بىر خىيال دۇنياسىغا، بىر قايغۇ-ھەسرەت دۇنياسىغا ئەسىر بولغانىدى.

ئۇلار بۇنى، ھەتتا يۇرت-مەھەللە ۋاسىلنى «شامال دارىپ قاپتۇ» غا جورۇشتى. مەھەللىدە «ۋاسىل ئېلىشىپ قاپتۇمىش» دېگەن سۆزلەر تارقالدى. چەكسىز ئازاب ئىچىدە قالغان ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى قانداقتۇر بىر داخانغا كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاسىل غالجىرلاشقاندەك ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. كېيىن ئاتا-ئانىسى نەلەردىندۇر ھېلقى داخاننى تېپىپ كېلىشىپدى، ۋاسىل ياتقان يېرىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلقى داخاننى سۆرۈپ-توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. ئاتا بىلەن ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي قوللىرىنى چىشلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاخىرى ئۇلار تەقدىرگە تەن بەردى. «ۋاسىلغا جىن چاپلىشىپتۇ. بىرى قەست قىلىدىمىكىن-يا، ئاخىرى بالىدىن ئايرىلىپ قاپتىمىز...» دېيىشىپ نالە قىلىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ قورۇسىغا تۇرەك سوجاڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سايىم توقا ئېتىزدا ئىدى. نۇرنىساخان ھويلىدىكى مال-قارىغا ئوت-چۆپ سېلىپ يۈرىۋاتاتتى. تۇرەك سوجاڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. تۇرەك سوجاڭ ھېچقاچان كەلمەيتتى. ئۆزىگىمۇ ئۇنچە چىراي ئېچىپ كەتمەيتتى. ئەجەب ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قاپتۇ-يا؟

نۇرنىساخاننىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، دەككە-دۈككە ئىچىدە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ تۇرەك سوجاڭغا تىكىلىپ قارىيالماي ئۇنى سۆيپىغا باشلىدى. ئالدىغا داستىخان

سېلىپ، چاي دەملەپ تاتلىق-تۈرۈم كەلتۈردى. تۈرەك سوجاك ئۇنى-بۇنى دەپ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ۋاسىلنى سوراپ قالدى. ۋاسىل بۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىدى. بىر-ئىككى ئايدىن بۇيان ۋاسىل ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ، ئەتىدىن-كەچكىچە ئاشۇ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— بۇ بالا ئۇمسىلا بالا بولۇپ قالدى، ئەتىدىن-كەچكىچە ئاشۇ ئۆيدىن چىقمايدۇ،— دېدى نۇرنىساخان يىغلامسىراپ.

— ئاڭلىدىم، شۇڭا ئاتايىن ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. مەن كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقاي، سىلە كىرمىسىلە، — تۈرەك سوجاك شۇنداق دەپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. نۇرنىساخان ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۈرەك سوجاك كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاخ ئۆتتى. نۇرنىساخان يا ئۆيگە كىرەلمەي يا نېمە دېيىشىۋاتقىنى ئاڭلىيالماي تىت-تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. بىرھازادىن كېيىن تۈرەك سوجاك يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋاسىلمۇ چىقتى.

— ۋاسىل بىلەن ئىككىمىز بىردەم تالا-تۈزنى ئايلىنىپ كېلەيلى... — دېدى تۈرەك سوجاك ۋېلسىپتنى يېتىلەپ سىرتقا مېڭىۋېتىپ. ۋاسىل ئۈندىمەستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىككى ئايدىن بۇيان ۋاسىلنىڭ بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىقىشى مۇشۇ ئىدى.

شۇ چاغدىلا نۇرنىساخان ۋاسىلنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىردىنلا چۈشىنىپ قالدى. ئەسلىدە تۈرەك سوجاك ئەينەن ئەھۋالنى بالىغا ئېيتقانىكەن-دە. ۋاي شورۇم قورۇسۇن. ھەجەپ شۇنى ئويلىماپتىمەن... دېگىنىچە يۇم-يۇم يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى نۇرنىساخان.

نۇرنىساخانىنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇنىڭدىن 17-18 ئىلگىرىكى ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئۆرتىنىپ، كۆز يېشى ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ شۇ يىللاردىن بۇيان تالاي قېتىم مۇشۇنداق ياش تۆككەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى، ھەر قېتىم شۇلارنى ئويلىغىنىدا خۇددى بىر تال قارا ئارقانغا چىرمىشىپ قېلىپ جان تالىشىۋاتقاندەك دېمى كېسىلىپ، پۇت-قوللىرى ئۇيۇشۇپ ھوشىنى يوقاتقىلى تاس-تاسلا قالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ چەكسىز نادامەت ئىچىدە ياپراقتەك تىترەپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغلاردا قىزلىرى مەكتەپتىن كېلىشتى. ئارقىدىنلا سايىم توقا ئېتىزدىن ياندى.

— ۋاسىلجان قېنى؟! — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇ ئادىتى بويىچە ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا.

نۇرنىساخان چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى:

— ھېلىقى تۈرەك سوجاك كەپتىكەن، بىردەم يېرىم دەم ئايلاندۇرۇپ ئەكىلەي،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئەپچىقىپ كەتتى، — نۇرنىساخان دەككە-دۈككە ئىچىدە جاۋاب بەردى.

— تۇرەك سوجاڭ؟ — سايىم توقى ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى، — بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇپ يۈرگەن بولمىسۇن مۇشۇ بالا؟ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇپ بىزگە ئېيتالماي قىينىلىپ يۈرەمدۇ-يا بۇ يېتىم؟ — سايىم توقا ئەندىشە ئىچىدە سورىدى.

— ۋاي ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە.

— ئەمىسە، ئۇيىلدىن بۇيىلغا كېلىپ باقمىغان ئادەم نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قاپتۇ؟

— يوقلاپ كەلدىم دېدىغۇ. ھېچ ئۇنداق بىر ئىش باردەك قىلمايدۇ گەپ-سۆزىدىن.

نۇرنىساخان دىلغۇل بولۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ سايىم توقىنىڭ تۇرەك سوجاڭنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلارىنىڭ بىردىن-بىر شاھىدى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كېلىشىنىڭ سىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قالماقچى بولدى.

سايىم توقا سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى، ۋاسىل خېلىغىچە قايتىپ كەلمىدى. كەچلىك چاي بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئىچىلدى. بالدۇرلا يېتىپ قالىدىغان سايىم توقا خېلىغىچە ئۇنى-بۇنى قىلىپ يۈرۈپ ياتمىدى. خۇيتەن نامىزىدىن كېيىنمۇ خېلىغىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى. ئاخىرى بولماي ھارغىنلىق غالىب كېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ۋاسىل تولىمۇ كەچ قايتتى. ئۇ ئۆزىنى كۈتۈپ ئۇخلىماي ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— يەيدىغان بىر نەرسە بېرە ئانا، — دېدى ھارغىن ئاۋازدا. ئانا ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ داستىخان سالدى. بۇ ۋاسىلنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇنجى قېتىم ئانىسىغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلىشى ۋە تاماق سورىشى ئىدى. ئانىنىڭ قۇلىقىغا ۋاسىلنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇلايىم، يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى، خۇشلۇقىدىن بىچارە مەزلۇمنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

ۋاسىل چاي ئىچىۋېتىپ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئانىسىغا ئۈن-تىنسىز قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، ھېسسىداشلىق تۇيغۇسى ئەلەڭگىيتتى، ئىككى ئايدىن بۇيان، ئوغلىنىڭ ئۆزگىچە سىراڭ بولۇپ قالغاندەك چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئۆچلۈك، غەزەپ، ئەيىبلەش، پەس كۆرۈش ۋە بىزارلىق تۇيغۇلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن سوغۇق ئۇچقۇنلاردىن تېنى شۈركىنىپ جېنىنى قويارغا يەر تاپالماي قالغان بىچارە مەزلۇم، ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئۆزگىچە باشقىچە نەزەردە، خۇددى ئىلگىرىكىدەك بىر خىل باللىق مۇھەببىتى بىلەن تىكىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەن ئوخشايدۇ ئوغلۇمنىڭ... ھەر نېمە بولسا مېنى يەنە ئانام دەپ تەلپۈنۈۋاتىدۇ. مېنىڭ قانچىلىك

ئازابىنا قالغىنىمنى، پۇشايمان ئىچىدە قانچىلىك پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنگەن ئوخشايدۇ.
ئەسلىدە سوجاڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كەتكەن ھېلى... مانا بىردەمدە باشقىچىلا بولۇپ
كىرىپتۇ بىچارە ئوغلۇم.

ئۇ پۇت-قولى يەرگە تەگمەي پايپاسلاپ يۈرۈپ چاي راسلاۋېتىپ شۇلارنى
ئويلاتتى. خۇشلۇقىدىن ھېلىدىن-ھېلىغا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولاتتى ۋە ئوغلىغا
بىلىندۈرمەي كۆز يېشىنى سۈرتۈۋالاتتى... ئانا-بالا ئىككى ئايدىن بېرى پەقەت
بۈگۈنلا ئانا-بالىدەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىپ ئوخلاپ قېلىشتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ تۆرەك سوجاڭ پات-پات كېلىدىغان بولدى. سايىم توقا
سوجاڭ كەلسە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى سوجاڭ يوقلاپ
تۇرغاندىن بۇيان، ۋاسىلنىڭ كەيپىياتى كۆنسېرى ئۆزھاللىشىپ، ياخشىلىنىپ بارماقتا
ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆيدىكىلىرىگە ئۈچۈق-يورۇق گەپ قىلىدىغان، ئانچە-مۇنچە ئۆي
ئىشلىرىغا قارىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئاتا بىلەن ئانىنىڭ بېشى كۆككە
يەتتى. ۋاسىل ئىلگىرىكى ئاغىنىلىرىنى تاشلىدى. تالا-تۈزگىمۇ كۆپ چىقمايتتى. لېكىن
پات-پاتلا تۆرەك سوجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتى. ئۆيدىكىلەر بۇنىڭدىن
تېخىمۇ خۇشال بولۇشاتتى. تۆرەك سوجاڭدەك ياخشى ئادەم ئوغلىنى ھېلىقىدەك
ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ۋاسىلنىڭ تۆرەك سوجاڭنى خۇددى ئاتا ئورنىدا
كۆرۈپ دائىم ئىزدەيدىغان بولغانلىقى ۋاسىلنىڭ ئەمدى ئۆزلىرى كۈتكەندىنمۇ بەكرەك
بىر ياخشى ئادەم بولۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. سايىم توقا سوجاڭغا ئۆزۈن
ئۆمۈر تىلەپ نامىزىدا دۇئا قىلىدىغان بولدى. كۆز ئايلىرى كىرىپ كەلمەكتە ئىدى.
ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرى تازا ئالدىراش بولۇۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ۋاسىل ئەتىدىن-كەچكىچە
ئاتىسىغا قارىشىپ ئالدىراپ يۈردى. كەچقۇرۇن ئىشتىن يېنىپلا باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ،
كىيىملىرىنى ئالدىراپ يەڭگۈشلىدى-دە، تاماقمۇ يېمەستىن ۋېلىسىپىتنى مىنىپ چىقىپ
كەتتى. سايىم ئاكا مال-قارىلىرىنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا
يېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. قىزلار بولسا ئەزەلدىن بالدۇرلا يېتىۋالاتتى. ئانا گۆشنانىنى
سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ، داستىخانغا يۆگەپ ۋاسىلنى ساقلاپ سۇپىدا ئېگىلىنى تۇتقىنىچە
خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۆزۈم تېلىغا ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكا خىرە يورۇپ تۇراتتى.
سالقىن شامال مەيىن باغلىغان ئۆزۈم يوپۇرماقلىرىنى يەڭگىل شىلدىرلىتاتتى.
يىراق-يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھورۇنلۇق بىلەن قاۋاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالاتتى، پۈتۈن
يېزا ئۆزىگە خاس بىر جىملىققا چۆمگەنىدى. بۈگۈن ۋاسىل تولىمۇ كەچ قايتتى. ئۇ
كەلگىچە ئانا تولىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى، ئۇنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر ئىز سالغان ئۇنتۇلغۇسىز
كەچۈرمىشلەرنى ئويلاپ ئۆلگۈرگەن ۋە كۈنسېرى ئەمەس، سائەتسېرى ئۆسۈپ چوڭ
بولۇۋاتقان ئوغلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ سەزگۈر ھەمدە ئىككىلىسىگە
كۈندەك ئايان، لېكىن ئىككىسىلا ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتقان روھىي مۇناسىۋەتنىڭ

ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئۇنى قانداق تەگشەش ۋە ئىزىغا سېلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ۋاسىل ئادىتى بويىچە داستىخانغا ئولتۇرۇپ، ئانىسىغا يەر ئاستىدىن ئۇنسىز قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى پۈتكۈل تۇرقى، سىياقى، ئولتۇرۇپ-قوپۇشى، قاراشلىرى، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان چاغدىكى سۈكۈتلۈك ھالىتى باشقىچە ئىدى. ئانىنىڭ سەزگۈر كۆڭلى بۇنى بىر قاراپلا كۆرۈپ يەتكەندەك بالىنىڭ بۈگۈن بىر كەسكىن قارارغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغاندەك بولدى. ئانا بۇنى بىلەتتى، ئاخىرى بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر سائەتنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ئويلاپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇ سائەتنى بىر خىل ئىزتىراپلىق ئىچىدە كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ بۇ سائەتنىڭ بۇنچىۋالا تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ۋاسىلنىڭ داستىخان ئۈستىدىكى سىرتىدىن قارىغاندا خاتىرجەمدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئاشۇ خاتىرجەملىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل جىددىيلىكىنى، كەسكىنلىكىنى، قىيىنلىشىنى ۋە ساراسىمىلىقىنى ھېس قىلغىنىدا بىردىنلا تەشۋىشلىنىپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى.

ۋاسىل بۈگۈن باشقىچە تەمكىن، مۇلايىم ۋە رايىش كۆرۈنەتتى. ئۇ گويا ئانىسىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك، گويا ئانىسىغا ئەڭ خۇپىيانە سىرىنى تۆكۈپ بېرىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندەك، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە بۇنىڭغا دەماللىققا جۈرئەت قىلالماي قىينىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئانىسىغا كىچىككىدىن بىر خىل تەرسالىق، قوپاللىق، يالغانلىق نىقابىغا ئورالغان ئەركە-نايناقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆگەنگەن ئوغلىنىڭ بىردىنلا بۇنچىلا ياۋاش، مۆمىن، رايىش ۋە مۇلايىم قىياپەتتە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى ئانىنى قورقىتىپ قويدى. ئانا ئوغلىنىڭ قىمىر قىلغىنىنىمۇ كۆز ئۈگىدىن قاچۇرماي، داستىخانىنىڭ بۇرجىكىنى غىجىملاپ يەر بېقىپ مەيۈسكىنە ئولتۇراتتى.

ۋاسىل چاي ئىچىپ بولدى. ئانا ئورنىدىن قوزغىلىپ داستىخانىنى يىغماقچى بولۇپ ۋاسىلنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. شۇ چاغدا ۋاسىل ئانىسىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، ئانىنىڭ مەيۈس، غەمكىن، ئىزتىراپلىق ۋە سولاشقان چىرايىغا تىكىلگىنىچە بېشىنى ئانىسىنىڭ ئوتتەك قىزىپ، بىر غۇلغۇيچىلىق ئىچىدە گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ چۈشۈپ تۇرغان قۇۋۋەتلىك كۆكرىكىگە مەھكەم باستى. ئانا قولىدىكى داستىخانىنى جايىغا قويۇپ ئوغلىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى-دە، ئىچ-ئىچىدىن بۇغۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئانا ۋاسىلنىڭ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تىپچەكلەۋاتقىنىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان باللىق مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتىدىن ئانىنىڭ ۋۇجۇدى لاۋۇلداپ كەتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنى چۈشەنگەن ئىدى، ئۇنى كەچۈرگەنىدى. ئۆزىنىڭ باللىق قەلبىدە پارتلىغان ئەڭ قىزغىن، ئەڭ يالقۇنلۇق پەرزەنتلىك مۇھەببىتىنى بۇ نادان، جاپاكەش ۋە پەرىشتىدەك مېھرىبان ئانىسىغا تولۇقى بىلەن تاپشۇرغان، بەخشەندە قىلغانىدى. بۇنى ئانا ئوغلىنىڭ تىپچەكلەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ساداسىدىن ئاڭلىدى، باللىق مېھرى

بىلەن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنىڭ تەپتىدىن ھېس قىلدى! ئانا بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنلا گۇناھىدىن پاكلانغان، خاتاسىدىن ساقىت بولغان، بىر ئۆمۈر يەلكىسىنى بېسىپ، روھىنى مىجىۋەتكەن ئېغىر ۋە سوغۇق قارا تاشتىن قۇتۇلغان ھالەتتە سەزدى، بۇ سېزىم ئۇنى بىردىنلا بىر بەختىيار ئانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي ئىنسانىي خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

ئانا ئوغلىغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشقىنىچە ئۆپكىدەپ ئېسەدەپ يىغلىدى.

— مەن ھەممىنى بىلدىم، ھەممىنى چۈشەندىم... رەھمەت... ئوغلۇم...! — ئانا تىترەك ئاۋازدا نالە ئارىلاش ندا قىلدى.

— ياق جېنىم ئانا، ئانىجان... سەندە گۇناھ يوق، بولدى ھەرگىزمۇ بۇ گەپنى ئېغىزىڭغا ئالمىغىن! — ئانا بۇ گەپ بىلەن تېخىمۇ قاتتىقراق يىغلاپ كەتتى.

ۋاسىل ئانىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان لېكىن يەنىلا ناھايىتى قويۇق چاچلىرىنى ئۇزاقىچە سىلىدى. ئانىسىنىڭ چېچىدىن كېلىۋاتقان، ئۆزىگە تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ، تونۇشلۇق قەدىناس ۋە قەدىردان پۇراقنى تويماي-تويماي ئۇزاقىچە ھىدلىدى:

— مەن ئەسكەرلىككە ماڭىدىغان بولدۇم. ئاشۇ ئاتام تۇرغان قىسىمغا، ئاتام قۇربان بولغان چېگرىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئانا.

— بۇنى بىلىمەن، ئوغلۇم! ئاللىبۇرۇن بىلگەنىدىم! — ئانا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ چۆرىسىنى تىلىم-تىلىم قورۇق باسقان چىرايى كۆز ياشىدىن ھۆللەنگەن، ياشلىقىدىكى بىجىرىم چىرايىنىڭ ئىزناسىنى يوقاتمىغان سولغۇن چىرايى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغانىدى، — بارغىن بالام! سەن توغرا قىلدىڭ. خۇدا سېنىڭ تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، ئاتاڭنىڭ روھى خۇشال بولسۇن، بارغىن، — ئانا بىلەن بالا قايتىدىن مەھكەم قۇچاقلىشىپ بىر ھازاغىچە ئۈنچىقماي تۇرۇشتى. بىر چاغلاردا ئانا سەل قىمىرلىدى:

— توختاپ تۇر.

ئانا ئوغلىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى ۋە قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداق تېزلىكتە يېنىپ چىقتى. ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھاۋارەڭ ياغلىققا ئورالغان نېپىز بىر نەرسىنى ئوغلىغا ئۇزاتتى. ۋاسىل ئۇنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى. ئۇ بىر پارچە سۈرەت ئىدى. ۋاسىل سۈرەتنى چىراغ يورۇقىغا ئەكېلىپ سىنچىلاپ قارىدى.

سۈرەتتە قاڭشارلىق، قاراقاش بىر ئەسكەر يىگىت بىلەن، كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى ئۇزۇن ۋە ئەگمە، بۇرنى ئېگىز ۋە ئېقىپ چۈشكەندەك تۈپتۈز بىر بوستان چاچ ياش ئايال تەلپۈنۈپ ئېتىلىپ تۇرغان بۇدرۇقىنە ئوغۇلنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ قۇچاقلىشىپ تۇراتتى.

ۋاسىل ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا ئاتىسى ئاتىللانى، ئانىسىنى ۋە ئۆزىنى (ئۆزىنى

ئەلۋەتتە پەرەز  بىلەن) بىر قاراپلا تونۇۋالدى، ئۇنىڭ چېھرىگە ۋىللىدە قىلغان بىر قىزىللىق، بىر بەختىيارلىق ۋە شېرىن سېزىمنىڭ تەپتى بالقىپ چىقتى.

— سېنىڭ ئالتە ئايلىق چېغىڭ... ئاتاڭ بىرىنچى قېتىم ئاتپوسكىغا كەلگەن چاغدا چۈشكەن ئىدۇق، — ۋاسىل ئانىسىنى بېسىپ بولمايدىغان بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە بالىلىق مۇھەببەتنىڭ ئۇقچۇسى بىلەن قايتىدىن باغرىغا مەھكەم باستى.

ئانا بىلەن بالىنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ بەختىيار، خاتىرجەم، ھاياجانلىق سوقۇشلىرىدىن ئاتىللا! ئاتىللا! ئاتا! قەھرىمان ئاتام! دېگەن بىر قۇدرەتلىك سادا ئاڭلىناتتى!

شۇ ئاخشىمى ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان گۈزەل يېزا كېچىسىنىڭ قوينىدا تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشتى. بۇ ۋاسىلنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ يېقىملىق بىر كېچە ئىدى. شەرق تەرەپ سۇزۇلۇپ سالقىن تاڭ ساباسى ئىچىدە ئاستا-ئاستا بالقىپ يېيىلىۋاتقان گۈزەل شەپەق ھويلىدىكى ئۈزۈم تالىلىرىنىڭ ياپراقلىرىدا جۇلالاشقا باشلىغاندا، ۋاسىل بېشىنى ئانىسىنىڭ تىزىغا قويۇپ ئاستا-ئاستا شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولدى.

ئانا يۈرىكىدە ئۆركەشلەۋاتقان ئانىلىق مېھرى بىلەن زەبەردەست ئەر، بىر شەرەپلىك قەھرىمان بولۇپ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان ئوغلىنىڭ قەھرىمان ئاتىسىنىڭ چىرايىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىجىرىم ۋە سەبىي چىرايىغا تويماي-تويماي قاراپ ئولتۇراتتى...

## 11- باب

شىۋىرغان بىر خىلدا ئۇششۇرتماقتا، ئۇششاق ۋە يىرىك قار دانىچىلىرى قاتتىق بوران ئۇچۇرغان قۇم-شېغىل بولۇپ يېرىم بىھوش ھالەتتە ياتقان ۋاسىلنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ سانچىلاتتى. بوزارغان كۈل رەڭ ئاسمان، ئېغىر ۋە قېلىن كۈل رەڭ بولۇتلار ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا بېسىپ تۇرغاندەك ئىدى.

ۋاسىل ھېلىقى قۇدرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئېسىگە كەلدى. بۇ ئاۋاز تۇرەك سوجاگىنىڭ ئاۋازى ئىدى. تۇرەك سوجاگ شۇ دەمدە ۋاسىلنىڭ يېنىدىلا تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ساقال باسقان، ھەيكەلنىڭ يۈزىدەك مۇستەھكەم ۋە جىددىي يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشقان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر، سىنچى كۆزلىرى ۋاسىلغا جىددىي رەۋىشتە تىكىلگەنىدى. ئۇ ۋاسىلدىن خاپا بولغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى، ياق قەھرىمان ئاتىسى ئاتىللانىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇۋاتقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رەنجىگەنىدى...

«تېخى ھېچ ئىش كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى، ھەتتا چېگرىدا سەۋەبسىز ئوق چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاپتوماتى بىلەن ئۆزۈڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدۇڭمۇ؟!» ئۇنىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ تاغ

ئارسنى، ئاشۇ ئاتسى قۇربان بولغان « ئەۋليا قولتۇق » چېگرا رايوننى زىل-زىلگە كەلتۈرۈۋەتتى! بۇ ئاۋاز بەكمۇ رەھمسز، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى! بۇ ئاۋاز ۋاسلنىڭ نمجان ۋۇجۇدنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئۇ نومۇس ۋە ئازابتن پۈچۈلنىپ جالاقلاپ تترىدى. يۈرىكى خەنجەر بلەن تلغاندەك چىملداپ ئاغرىدى. ئاخرى ۋاسل ھېلقى ئاۋازنىڭ ئازابلىشغا زادىلا چداپ تۇرالمدى: ياق! مەن ئۆلمەيمەن! مەن قەھرىماننىڭ ئوغلى! مەن پەقەت جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشكە يارالغان! مەن گازارمغا قايتمەن! چوقۇم قايتىپ بارىمەن، ساق-سالامەت قايتىپ بارىمەن! مەن، مەن دېگەن قەھرىماننىڭ ئوغلى، ئاتىللانىڭ ئوغلى! ۋاسل ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بېسىۋاتقان قار ئىچىدە شىددەت بلەن يۇلقۇنۇپ تېپچەكلدى. ئاندىن ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. تۇرەك سوجاڭمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىڭ تەسلكتە ئۆلۈم قوچقىدىن يۇلقۇنۇپ چققانلقنى چۈشەندى، بايىقى ئۆلۈۋېلىش خىيالى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىگىدىكى، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ئىگىنىڭ ئۇنى چاقىرىشى، ئۇنى چېكىپ كۆرۈۋاتقىنى ئىدى. مۇبادا ۋاسل شۇ مىنۇتتا سەللا بوش تۇرسا ئۆزىنىڭ مۇشۇ چوڭقۇر ئازگالدىلا ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئەمدى ئېنىق ھېس قىلدى. ياق! ئۆلمەيمەن! ئۆلمەسلىكىم كېرەك! مەن تېخى ھېچ ئىش قىلمىدىم! مەن ئۆلمەيمەن! دەپ ئويلىدى ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاداقىي قۇۋۋەت ۋە غەيرىتىنى ئۆزىگە يىغىپ. بايا ئۇ ھوشسىزلىق ئىچىدە مەن ئۆلمەيمەن! دەپ ۋارقىرىغان (ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋارقىرىيالمايتتى، ئۇنىڭدا ۋارقىرىغۇدەك كۈچ قالمىغانىدى!) بولسا، ئەمدىلىكتە مېڭىسى ئويغاق، تەپەككۇرى روشەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى قەتئىي قىلىپ.

شۇنداق، ئۇ ئۆلمەسلىكى كېرەك! بۇ قەھرىماننىڭ ئوغلى ئۆلمەسلىكى كېرەك! ۋەتەن ئۇنىڭغا مۇھتاج، زېمىن ئۇنىڭغا مۇھتاج، ئۇنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئەل ئۇنىڭغا مۇھتاج! ئۇ ئۆلگەندىمۇ خۇددى قەھرىمان ئاتىسى ئاتىللادەك، ئۆز زېمىنىسىگە يۆلەنگەن ئەنە شۇ « مۇھتاج » لىقنى ئادا قىلىپ ئاندىن باتۇرلارچە، قەھرىمانلارچە، ئەركەكلەرچە ئۆلىدۇ! شۇڭا ئۇ ھېملا قىلىپ بولمىسۇن ئۆلمەسلىكى، گازارمىغا سالامەت قايتىپ كېتىشى كېرەك!

پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاتىسىنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، ئاتىسىنى دورىغىنى ئۈچۈن ئاشۇ سۆيۈملۈك ئانىسى خۇش بولىدۇ! ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاتىسىدەك قەھرىمان بولغىنى ئۈچۈن، تۇرەك سوجاڭ، ئۇنىڭ يېزىلىقلىرى، ئۇنى ئىسسىق باغرىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەن زېمىن خۇش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ! ۋاسل ئەمدىلا تولۇق ھوشىغا كەلدى. ئۇ چۈل-چۈل بولغان پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئاغرىقىنى يادىدىن چىقىرىپ بايا يىقىلغان چاغدا ئۆزىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىگەرنى ھەپىلىشىپ يۆرۈپ دۈمبىسىگە تاڭدى. ئاپتوماتنى سۇنغان قولىنىڭ قولتۇقىغا قىستۇردى-دە، لېۋىنى مەھكەم

چىشلەپ تىك ۋە قار بىلەن قاپلانغان غىلتاڭ قىيا تاشقا يامىشىشقا باشلىدى...

* * *

«ئەۋلىيا قولتۇق» چېگرا پونكىتىنىڭ قاراۋۇل جەڭچىسى ئۈچىنچى كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا يىراقتىن بىر قارا-قۇرىنىڭ ناھايىتى ئاستا تۆمىلەپ گازارما تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ شۇ ھامان تىرىۋوگا قىلدى. بەنجاڭ ئەخمەت باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر ھېلىقى قارا-قۇرا تۆمىلەپ كېلىۋاتقان نىشاننى يېرىم ھالقىسمان ئوراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇلار بىر چاغدا ئاتنىڭ ئىگىرىنى دۈمبىسىگە ئارتقان، ئاپتوماتنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسقان ھالدا قاتقان قار ئۈستىدە قانلىق ئىز قالدۇرۇپ گازارمىغا قاراپ بەكمۇ تەسلىكتە تۆمىلەپ كېلىۋاتقان ۋاسىلنى كۆردى-دە، خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ۋاسىل بىر خىرە-شىرەلىك ئىچىدە گازارمىنىڭ ئۆگزىسىدە لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقنى، ئۆزىگە قاراپ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سەپداشلىرىنى كۆردى-دە، «مەن گازارمىغا» دەپلا ھوشىدىن كەتتى.

يولداشلىرى ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بەنجاڭ ئەخمەت ۋاسىلنى باغرىغا باستى. جەڭچىلەر ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى. ۋاسىل ناھايىتى ئاجىز تىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى ئازاب دەستىدىن ئادەم چىرايىغا ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇنىڭ جىمى يېرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ھالدا تۇرۇپ جەڭگىۋار ئاتنىڭ ئىگىرى بىلەن قولىدىكى قورالنى تاشلىۋەتمىگەنىدى.

جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا ياتقان بۇ قەيسەر جەڭچىگە، بۇ ئاجايىپ شىجائەت ۋە جاسارەت ئىگىسىگە يېقىملىق ۋە كېلىشكەن يېڭى ئەسكەرگە قاراپ بىر چەكسىز پەخىرلىنىش ۋە قايىللىق ئىچىدە ھۆرمەت بىلەن ھەربىي سالام بېرىشتى. ئاندىن ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ گازارمىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

بۇ چاغدا ھاۋا ئېچىلىپ بىردىنلا كۈن پارلاپ كەتتى. قۇياش نۇرىدا ئاپئاق، پاكىز قار بىلەن لىباسلانغان يەر-جاھان خۇددى رىۋايەتلەردىكى كرىستال سارايدەك چاراقلاپ كەتتى.

ھەيۋەتلىك ئاقباش قارا-قۇرۇم تاغلىرى، بۇ يەردە كۆرەش قىلىۋاتقان چۆچەكلەردىكى باھادىرلاردەك قەيسەر، باتۇر، كۆچتۈڭگۈر، تىز پۈكمەس ۋەتەن جەڭچىلىرى توغرىسىدىكى بىر تەسىرلىك گۈزەل داستاننى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك بىر غايىۋى قۇدرەت ئىچىدە جىمجىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى...

1984-يىلدىن 1994-يىلغىچە، قەشقەر — ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان ئالىپ


مۇھەممەتجان راشىدىن

## غەزەللەر

بىر بالاغا مۇپتىلامەن سەن كېلىپ كەتكەن كۈنى،
كۈن تۇتۇلدى، ئاي مۆكۈپ، ھۆسنۈڭنى كۆرسەتكەن كۈنى.
سەن كېتىپ ئۇلغايدى ھىجرىڭ، ئالدىدا دوزاخ نىمە،
دۈشمىنىمگە بولدى مەرىكە مەن ئازاب چەككەن كۈنى.
تولغىنارمەن دەرد-ئەلەمدە، بولمىغاي مۇنداق ئازاب،
غەيرىلەر ئاتسا مېنى مەيدەمگە ئوق تەگكەن كۈنى.
دەس تۇرارىم يوق ئىدى ئەسقاتمىسا قەيسەرلىكىم،
شۇ يىقىلغانچە تۇپەيلىڭدىن ئەجەل يەتكەن كۈنى.
پادىشاھى مەن گويا سەييارىلەر دۇنياسىنىڭ،
بىر ئۇچۇرىڭ يىلدا بىر كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەن كۈنى.
زىكرى قىلغان ئاشىقىڭمەن ئاچ يېتىپ ئىسمىڭنى دەل،
مەن يىگىت بولماي كېتەي مۇشكۈلگە باش ئەگكەن كۈنى.

*　*　*

سەن تۇغۇلساڭچۇ، ئانامدىن مەن تۇغۇلغاندا، گۈلۈم،
مەن قىران بوپقاپتىمەن، ئاھ، سەن تونۇلغاندا، گۈلۈم.
بىللە ئۇچقان ئىككى قۇش بولماپتىمىز بىر باغ تامان،
يا تۇغۇلغانمۇ ئۆزۈم تەقدىر بۇزۇلغاندا، گۈلۈم.
ئۈزگىلى يەتمەس قولۇم، جايىڭ ئېگىز بىر شاختىدۇر،
مەن چىدالمايمەن گېپىڭ ھەردەم بولۇنغاندا، گۈلۈم.
بارمۇ، يوق، بىلمەي تۇرۇپ پىقىر خىيالىڭدا سېنىڭ،
كۈنچى بولدۇم مەن سېنى ئەلدىن قورۇنغاندا، گۈلۈم.


«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

مەن تۇمانلار ئىلكىدە قالغان گويا ئاق چوققىمەن،
قالغىنىڭ قولدىن كېتىپ زۇلمەت تۇيۇلغاندا، گۈلۈم.
سېنى يارى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىماق دەھشەت ماڭا،
مۇنچە دەھشەت بولمىغاي كۆزۈم ئويۇلغاندا، گۈلۈم.
قىينىلارمەن ئالقىنىڭ سىققان ئاشۇ كۆك ئۇسمىدەك،
ئۆزگىلەر دەرگاھىدا ئۇسماڭ قويۇلغاندا، گۈلۈم.
مەن ياشانغان، سەن ياشارغان، پەرقىمىز چارەك ئەسىر،
سەن تۇغۇلساڭچۇ ئاناڭدىن، مەن تۇغۇلغاندا، گۈلۈم.

* * *

تەلمۈرۈپ تۇرغۇنچە، يار، بولمامدۇ چاقىرساڭ مېنى،
غەيۇرتىمنى قىلغىچە، بولمامدۇ يا ئۇرساڭ مېنى؟
نېمە چىققاي ساڭا يازغان ئۇشبۇ نەزمەمدىن بۆلەك،
تۈن كېچە تۇتقۇن قىلىپ يوللاردا ئاختۇرساڭ مېنى؟!
مېنى دۈشمەن كۆرمىگەيسەن، شۈبھەلىرىڭدىن كەچ تۈگەل،
ئاشىقىڭمەن بىر ئۆمۈر رەمبالغا باقتۇرساڭ مېنى.
سەن مېنىڭدىن، مەن سېنىڭدىن ئەيمىنىپ ئۆتمەكتە كۈن،
سۆيمىسەڭمۇ قول بولۇپ يۈرسەمتى، ياقتۇرساڭ مېنى.
قان يۇتۇپ ھەسرەتتە قالدى قانچىلار قېيداپ يۈرۈپ،
مۇپتىلا شۇ كۈنگە سەن، دۈشمەنگە چاقتۇرساڭ مېنى.
كۆك چىمەنلەردىن چىقارمەن قوللىرىم تۇتقانچە گۈل،
ئاغدۇرۇپ كېمەمنى ھەم دەريادا ئاقتۇرساڭ مېنى.

* *

ساڭا ئېيتقاننى يارىم، دەپ، كۆرۈنگەنلەرگە دەپ بولماس،
قاياشمىدەك بولۇپ ھەتتا كۆيۈنگەنلەرگە دەپ بولماس.
پىچىرلاپ ئېيتقىنىم ئازدەك قۇلاقىڭغا قۇلاق ياقتىم،
پۈتۈن جان-تەنلىرى لال بوپ سۆيۈنگەنلەرگە دەپ بولماس.
سەۋەب: يۈمران مۇھەببەتنىڭ كۆرەر سەۋدالىرى كۆپتۇر،
يولۇڭدا يىگرۈشۈپ تەرگە چۆمۈلگەنلەرگە دەپ بولماس.
قۇلۇپلانغانغا يەتكەيمۇ سىرىڭنىڭ ساندۇقى دائىم،

ساڭا مۈلكى بىلەن پۈتكۈل بېرىلگەنلەرگە دەپ بولماس.
ئەقلىنىڭ ئالدىدا يۈرگەن تىلىڭنىڭ پەيلىدىن قورقىمەن،
تىلى يۇمشاق، گويا ئاقىل بىلىنگەنلەرگە دەپ بولماس.
ھەسەت مەلئۇنلىرى قۇتراپ چىقار ئارقىڭدا پىنھاندىن،
شۇڭا دەردتىن ئۆلۈپ ھەتتا تىرىلگەنلەرگە دەپ بولماس.

* *

خۇدايا، يۈرمىگەي مەندىن جىمى گۈل-لالىلەر رەنجىپ،
ماڭا ھەسرەتقۇ ئۇھ تارتسا، كۆزى مەستانىلەر رەنجىپ.
كېچەر دەپ ھەر گۇناھىمدىن، جىمىدىن ئۆلتىپات كۈتتۈم،
يۈرۈپتۇ كەچتى دەپ بىزدىن تۇگەل مەردانىلەر رەنجىپ.
گۈزەل يار كويىدا يۈردۈم، تېرىلماي قالدى ئاختامام،
قالارى بۇندا ھەقلىققۇ دىلى سەدپارىلەر رەنجىپ.
مىسالى بەلكى بىر شام مەن، شۇڭا كەتكەنگە يىغلايمەن،
مېنى ئايلانغىلى كەلگەن يەنە پەرۋانىلەر رەنجىپ.
مېنىڭ دەردىمنى نە باسقاي بۇ مەيدىن ئۆزگە ئالەمدە،
ئىچەرمەن، يۈرمىگەي مەندىن سېخىي مەيخانىلەر رەنجىپ.
يازارمەن تاڭلا مەرىكەمدىن شۇلارغا بىر باغاق بەلكىم،
مېنىڭدىن كەچمىگەي يارسىز تۇمەن بىچارىلەر رەنجىپ.

* *

مەن مۇرادىمغا يېتەي دەيمەن نىگارىمنى سۆيۈپ،
لەۋلىرىم خىزمەتتىدۇر تىككەن چىنارىمنى سۆيۈپ.
تەگسە تۇپراققا يۈزۈم، ھەرگىز تەئەججۇپ ئەيلىمە،
يۈرگۈنۈمدۇر ئۇ مېنىڭ ئۇشبۇ دىيارىمنى سۆيۈپ.
بىر قارارىم بار مېنىڭ شۇ سۆيگۈنى ئەۋزەل دېگەن،
مەيلى سۆيسەڭ سۆي مېنى، ئاۋۋال قارارىمنى سۆيۈپ.
قىش-زىمىستانلاردا ئۈششىق بەرمىگەنلەر نېرى تۇر،
كەلگىنىڭ مەشۇق ئەمەس تەنھا باھارىمنى سۆيۈپ.
كەلدى قانچە نازىنىنلار مەندىن ئالماققا ھۇزۇر،
جۇپ قولۇمدىن ئالدى ھەم بەرگەن ئانارىمنى سۆيۈپ.

مەن سۆيەرمەن ياخشىلارنى بۇ يۈرەك تەپتى بىلەن،
ئەڭ ئاۋۋال ئالتۇن دىيار، ئاندىن جانانىمنى سۆيۈپ.

*　*

مىڭ تىكەنىنىڭ خۇلقىدىن بىر گۈل جامالى مەززىدۇر،
ئالدىدا تۇتى تىلى بۇلبۇل زوۋانى مەززىدۇر.
ئۆتتى كۆڭلۈم قىيغىتىپ دۈشمەن ئىشكى ئالدىدىن،
بىزگە دۈشمەنىنىڭ، سەۋەب، تارتقان زىيانى مەززىدۇر.
ياش كۆڭۈللەر، سەن سەپەردىن قايتقىچە دىدارنى دەپ،
سېنى يارىڭ سېغىنىپ سورگەن خىيالى مەززىدۇر.
ھەر كۆڭۈلنىڭ زوقى باشقا، شوڭا ئۆردەك ئېيتقۇدەك:
بۇ جاھانىنىڭ بارچىدىن كەلگۈن-قىيانى مەززىدۇر.

*　*

بىر قەدەھ ئالدىم قولۇمغا مەي ئەمەس، دىدارنى دەپ،
كەلدىغۇ بۇلبۇلمۇ چۈنكى ھەر باھار گۈلزارنى دەپ.
يار قەدىرلەنگەي قىزىلگۈل قەدرىنى تاپقان كەبى،
كەلدى ئاشىق مەرىكىلەرگە مەشۇقى-شۇيارنى دەپ.
ھەر كىشى يارسىز ئۆمۈردىن زەررىچە نۇر كۆرمىدى،
كەلمىگەنمىز بىز جاھانغا بى ناۋا دىلدارنى دەپ.
بىردىدار، بىرناخشىغا جىسمىم تامام قۇربان مېنىڭ،
مەيلى مىڭ بوي تار ئۈزۈلسە، بىر يامان دۇتارنى دەپ.

*　*

كۆندە دەلدەڭشىپ كېلۇر چوڭ كوچىدا بىر مەست بالا،
كۆندە قىلغان ياخشى سۆزنىڭ قەدرىنى بىلمەس بالا.
تاشقا چاپقان كەتمىنىڭ كەتمەمدۇ قاڭقىپ، قايرىلىپ،
ئۆز يولىدىن ئۆزگە يولغا ئۆلسىمۇ كۆنمەس بالا.
تۆت قەدەھ ئىچكەن بىلەن قايتماس قاۋاقلار ئالدىدىن،
ئىچمىسە قەلبى جاھاندىن خۇش بولۇپ كۈلمەس بالا.

قانچە پاتقاقتىن يۇلۇپ ئالدى ئۇنى يۇرتداشلىرى،
قانچە ئۇتتىن ساق قېلىپ قالدى ئاتاق: ئۆلمەس بالا.
تاپقىنى كەتتى قاۋاققا، بولدى دوستى مەيپۇرۇش،
بىر قەدەھكە ئالسا ئۇن كوي ھەم زۇۋان سۇرمەس بالا.
بىر قەدەھ بەرسە بىراۋگەر، ھەققىغە ئۇن مۇشت ئۇرۇپ،
يىقىلىپ قوپقاندىمۇ ئەسلا قاپاق تۇرمەس بالا.
شىشىدەك داڭلىق بۇيۇم بولغايمۇ دۇنيادا ئاكا،
ئۇنى سۆيگەندەك لېكىن، ئەجدادىنى سۆيمەس بالا.
بىزدە بار شۇنداق يىگىتلەر، نە يوشۇرغايمىز ئۇنى،
تۆت يېقىدا نېمە ئىشلار؟ ئويلىنىپ كۆرمەس بالا.

*　　*

زىيان تارتىپتۇ دوستۇڭ، دەپ بىراۋلەر ئات چېپىپ كەلدى،
ئۇزاقتىن كەلمىگەنلەرمۇ تاغارلاپ گەپ تېپىپ كەلدى.
ئەزەلدىن خوش خەۋەر ئىپتىماس ئىغىزلارمۇ كىرىپ تىلغا،
بىرى راست سۆزلىسە، تۆتى تامام يالغان ئىپتىپ كەلدى.
مېنى ھەسرەتتە كۆيدۈرمەك ئۇلاردا مۇددىئا بوپتۇ،
يىقىلغان بولسىمۇ دوستۇم، بىرىگە ئۇن قېتىپ كەلدى.
ئۇلار شۇنداقكى، نەپ ئالسا، جىمىنى دوست تۇتۇپ، ماختاپ،
زىيان تارتسا، ھوزۇرىدىن مىنۇت ئۆتمەي قېچىپ كەلدى.
ئىپتىپتۇ قايسى دەستۇردا يىقىلغانلارنى قوپماس دەپ،
مېنى بىلمەي ئۇلار بۇندا بىكار ئاغزىنى ئېچىپ كەلدى.
ھايات دەرياسى دوستلۇقنى سىناپ كەلمەكتىكەن دائىم،
پېقىر ئۇنداق كېچىكلەرنى تالاي بىللە كېچىپ كەلدى.

مۇسا ئەھەد

# كىلەر شۇڭغۇپ بىر دەستە زەرنۇر

## سانسىز ئۇزۇم تەكتىكى يۇلتۇز

ئارچىمىكىن　　　　　　　　چوققىلارنى قۇچاقلاپ ياتقان.
يېشىل، زەڭگەر قوللىرى بىلەن　　　　　　　　دېڭىزمىكىن

www.uyghurkitap.com



چاپچىپ تۇرغان كۆمۈش بۇژغۇنى
قىرغاقلارغا مارجانلار ئاسقان.
يا زۇمرەتمۇ تۇرغىنى بۇندا،
يا جەننەتنىڭ سۈزۈك تامچىسى،
جۇلالىرى كۆزلەرنى چاقتان.
ياكى زەڭگەر كۆزلۈك رۇس قىزى،
بىر قاراشتا دىللارنى ئۇتقان.
ياق، ياق دىلبەر،
ئارچا ئەمەس ئۇ،
يوق بۇ يەردە تاغ تۈگۈل دۆڭلەر.
زۇمرەت ئەمەس، يوق بۇندا ئاسمان،
يوق بۇ يەردە ھەتتاكى كۆللەر.
بويلۇقى بۇ قەدىم تۇرپاننىڭ،
ئۈزۈمزاركانى،
سانسىز ئۈزۈم يۇلتۇزلارسىمان
باراڭلارنى قۇچاقلاپ ياتقان...

### كىلەر شۇڭغۇپ بىردەستە زەرنۇر

ئاسمىنىڭدا قانچە ئاي بالقىپ،
قوندىنقىمغا كەتتى قونالماي.
پىراقىمدىن ئاق لىچەك ئارتىپ،
ئاياغىمغا يىقىلدى ئاي.
ھەر سەھەردە كۆرگەن چۈشلىرىم،
سۇنار بىر گۈل پىنھان خانەڭگە.
ئاستا كەلگىن ۋە سۆيگىن تىمتاس،
كۆز شاملى سۆيگەن قەلبىمگە.
ئاستا كەلگىن ۋە سۆيگىن تىمتاس،
چىقسۇن شۇ تاپ بىر دەستە زەرنۇر
ۋۇجۇدۇمدىن پىنھان بىخلىنىپ.
شاۋقۇنى يوق جىمجىت قىرغاقنىڭ
دولقۇنىدا كۆلسۇن جىلمىيىپ.

### تۈنەر چۈشلەر كۆزلىرىدە لىق

يېزا يولى كەڭ قۇمساڭغۇ يول
ئۈيىنشار كەچكى شەپەق كۆكسىدە.
ياتار قۇمدا بىر سەبىي بالا،
يالڭاچلانغان بۇدۇرۇق قوللىرى،
كۆن جىلۋىسى چاقنار ھۆسنىدە.
تۇپا بىلەن پۈتكەن چېگرىسى،
ئۇ ياتىدۇ، ئەتراپ سوقما تام،
ئۆز ئەجرىدىن پۈتكەن قەسىرلەر
قىلغان كەبى ئۆز قەلبىنى رام.
ئۇ ياتىدۇ شۇنچە خىرامان،
كۈلكە تەپچىپ تۇرار تۇرقىدا.
كۈلەر گاھى ئۇماق لەۋلىرى،
قاي چۈشلەرنى كۆردى ئۇيقۇدا!؟
مەن يېنىدىن ئۆتتۈم ئاۋايلاپ،
ۋە ئايلانغۇم كەلدى بالىغا.
نەزەرىمدە بۇ قۇمساڭغۇ يول
قالدى ئۇخشاپ شۇ تاپ ئانىغا.

**ئابلىز ھوشۇر**

## بىر ئۆمۈر پەرۋانە

### پەرۋاسىز

قاراڭ بۇ پانىي دۇنياغا، ۋاقىت سۇرئەتتە پەرۋاسىز،
باھار گۈل چەكسە باغلارغا، جۇدۇن بىرچەتتە پەرۋاسىز.

تاپار پۇلدارنى پۇل ئىزدەپ، ئۆسەر پەرزەنتى نۇر ئىزدەپ،
خېنىملار تويدا تۆر ئىزدەپ، گاداي غۇربەتتە پەرۋاسىز.
پاراسەت ئەھلى جەۋرئەتتە ئۆزاتسا قولنى يۈكسەككە،
ھامان قول بوپ قالائەتكە نادان غەپلەتتە پەرۋاسىز.
تالاشقاي قۇشمۇ دان ھەتتا، تالاشتا بۇ ھايات كاتتا،
بىلى بوشلارنى بۇ دۇنيا قويار ھەسرەتتە، پەرۋاسىز.

## ئىخلاسى بۇ

چەنلگەن باغرىمنى قايسى تەلۋىنىڭ ئوقياسى بۇ؟
تاشلىغان ھىجرانغا قايسى كۆنچىنىڭ ئىغۋاسى بۇ؟
كۆنچىنىڭ ئىغۋاسىغا قالسا كىشى ھېچ گەپ ئەمەس،
قىينىغان جانىمنى ئەسلى ئىشقىنىڭ سەۋداسى بۇ.
مۈڭلىرىم قىلغاي ئايان قىسمەتلىرىمنى بىرمۇ بىر،
چاچلىرىمنىڭ ئاقلىقى كەچمىشلىرىم ئىزناسى بۇ.
ئىككى مەڭزىم گۈل سىياقى تۇرسا غەمسىز چاغلىماڭ،
ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلىگەن ئوت تەپتىنىڭ ئىنكاسى بۇ.
ئىزلىگەي پەرۋانە ئۆز بەختىنى ئوتتىن ھەر زامان،
ۋەسلى چىن دىدار ئۈچۈن، بىلسەڭ، ۋاپا-ئىخلاسى بۇ.

## يىراق

بۇ كۆكۈل گۈلزارىنى قىل، دىلبىرىم، غەمدىن يىراق،
بۇ كۆكۈل غەمدىن يىراق، بۇ كۆزلىرىم نەمدىن يىراق.
گۈل بويۇڭ تەشنالىقى باغرىمنى چاك-چاك ئەيلىدى،
قىلما بۇ ھىجران دېغىنى دورا-مەلھەمدىن يىراق.
سېنى دەپ چەكتىم جاپالار ھەم چېكەرمەن يۈز تۈمەن،
ماڭا سەنسىز بۇ جاھاندا قەنت-قىيام تەمدىن يىراق.
بۇلبۇلى بىچارىمەن گۈل ئىشقىدا قان يىغلىغان،
بىر دەقىق كۆلگەنمۇ بۇلبۇل ۋەسلى گۈلشەندىن يىراق.
بۇ مېنىڭ باغرىم تونۇر، ئىشقىڭ ئوتۇن، ئاھىم تۈتۈن،
گەرچە ئىشقىڭدىن يىراقمەن، بۇ جېنىم تەندىن يىراق.
بىر ئۆمۈر پەرۋانىمەن ئەھلى ساداقەت شامىغا،
قىل بۇ ھىجراندىن يىراق، ھېچ قىلما كۆلكەمدىن يىراق.

www.uyghurkitap.com



ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى

## جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل

ئۈپۈقتىكى زەر قۇياشمۇ سەن،
خوتەن قىزى، يېڭى بالقىغان؟
يۈزلىرىڭگە زەر نۇر چېچىلدى،
باقىنىمدا مەڭزىڭگە جانان.

تەپچىپ ئانار رەڭگى لېۋىڭدە،
جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل.
كۆزلىرىڭدە شەپەق جۇلاسى،
گۈلگۈن رەڭگە چىلاندى كۆڭۈل.

كىرگىنىڭدە گۈللەر ئارىلاپ،
گۈلدىن پەرق ئەتمەك بولدى تەس.
گۈل تۇغقانمۇ سېنى، گۈلنى سەن؟
بولۇپ قالدىم مەيسىز غەرق مەس.

ئۆرۈم-ئۆرۈم چېچىڭ چىرمىشىپ،
دىلنى يېپسىز بوغۇپ تولدى.
قارىچۇقىڭدىن يامىرسا بىر تۈن،
جۈپ قىلچىڭ كۆڭلۈم ئۇۋلىدى.

يۈز تۇرانە ئېغىز ئاچالماي،
مەكتۇپ سۇندۇم سەھەر سابادىن.
باغرى چاك-چاك بۇلبۇل ناۋاسى،
ئەجەب ئەمەس يەتسە سامادىن...

## سەن ئەمەس ۋېناس

ھۆسنۈڭدە يوق پەردازدىن ئەسەر،
ھەم يوق ئانچە گۈزەل لاتاپەت.
غەيرى خۇلق ۋە نازدىن يىراقسەن،
ھەمراھ قىزلىق غۇرۇر، نازاكەت.

كۆزۈڭدە بار سۆيگۈ جىلۋىسى،
قىلىقىڭدا ساددا سەبىيلىك.
مەڭزىڭ گويا ئانار دانىسى،
يوقالمىغان پاك تەبىئىيلىك.

سەممىيلىك، رايىش مىجەزىڭ،
ئويغاتتى بۇ كۆڭلۈمدە ھەۋەس.
ئويناپ كۆزۈڭ كەپتەر كۆزىدەك،
ئالدى مېنى ئېلىكىگە ھەس-ھەس...

قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلۈشلىرىڭدىن
ئويغىنىدۇ يېڭى تاڭ، باھار...
يۈرىكىمدە بىر شېرىن تۇيغۇ،
ئاڭا يىلتىز سەندۇرسەن ئانار.

سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى،
رەڭگى ئۆڭمەس، مەڭگۈ توزىماس.
يۈرىكىمدە بۇيۇك ئوبرازىڭ،
لېكىن سېنى دېمەيمەن ۋېناس...

ئادىل تۇنىياز

# مۆجىزىلەرنىڭ تىكچىنى سۆككەندە...

## سىرلىق مەنزىرە

يېشىل سايىلارنىڭ ئارىسىدا
تاغىل مۇشۈك ياتىدۇ
سېرىق چېچەكلەرنى بېسىپ ئاستىغا.
مەن مۇشۈككە قاراپ،
مۇشۈك ماڭا قاراپ،
تۇساتتىن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.
غېرىبلىقنىڭ زورلۇق كۆچى ئاستىدا
كۆرگىنىم يالماۋۇزنىڭ پال كۆزلىرى.

بۇ كۆنلەرگە ئىشەنمە، دوستۇم،
ھەممە پارقىرىغان نەرسە،
ھەممە قورقۇنچلۇق نەرسە،
ھەممە ئىگىلەنگەن نەرسە
ۋاقىتنىڭ تورىغا چۈشكەن بىر بېلىق.
مەن، سەن ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا
قۇرۇپ كەتتى ئاپرېلمۇ ئاستا-ئاستا.
ئاستا-ئاستا چۈشۈۋاتقان قاراڭغۇلۇق
قارا رەڭلىك پەرىشتىگە ئايلانماقتا،
كۆچلۈك ئىستەكلەرنى قۇتراتقان ھالدا
تولۇپ، يوغىناپ، مۇجۇپ، جىمجىتلا.

ئۆلۈۋاتقانلار يېشىل ئەمەسمۇ؟
بىلەلمىدىم كىمنىڭ جېنى ئۇ
ئوت-چۆپلۈكتە ئولتۇرغان مۇشۈك.

1996 - يىل ئاپرېل

## قوقمايلاق

ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ،
كۆزۈم چۈشتى سېرىق قۇيۇنغا.
ئەمدىلا توخۇمدىن چىققان چۈجىدەك
كەپتۇ بالىلىقتا ئۇنتۇلغان قۇيۇن.
كەڭ دالىدا ئويىنساق ئويۇن،
چاچلىرى چۇۋۇلغان قوقمايلاق
سېۋەتتە ئولتۇرۇپ پىرقىرايتتى
كۆرۈنمەستىن بوران چىقىرىپ.
ئېيتاتتۇق بالىلار قۇيۇن تاز كەلدى
قېچىڭلار، كوھىيقاپقا كېتىدۇ ئېلىپ...
يىللارنى قېرىتىپ يىگىت بولدۇم،
ئەمدى قورقمايمەن كەلسىمۇ قۇيۇن.
چاچلىرى ئۇزۇن-ئۇزۇن قوقمايلاق
تەلۋە ئايالسەن، مەن ساڭا ئامراق.
ئالدىمدا قىزغىن ھايات
سۇنايلىنىپ ياتقان.
قۇچىقىمدا ئىسسىق دېڭىزدەك
ئەركىلىگەن تەكلىماكان،
سىلايمەن يۇمران تېنىنى
توختىماستىن،
تەقدىر قۇيۇنى قوغلايدۇ مېنى.
ئىچىمدە جىمجىتلىق، سىقىلىش، ئارمان،
ئۈستۈمدە ئەركىن ئوينايدۇ ئاسمان،
پايانسىز، كۆپكۆك ئويلايدۇ ئاسمان...

1996 - يىل ئىيۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## سۇ ئۈستىدىكى ئوت

ئۈچ كۈن بولدى ئىشخانىدا مەن،
كوتۇلدايدۇ يامغۇر توختىماي.
تامچىلىرى تېگەر ئەينەككە،
ھېس قىلمەن ئوت يالقۇننى
شۇنچە كۈچلۈك ۋە شۇنچە يىراق.
غېرىبلىققا چىداش تەس بىراق،
قىچقىرىمەن ئوت ئىلاھىنى،
ئانام ماڭا ئىسرىق سالغىلى
يول چاۋىرى تېرىپ كېلىپ
قوي يېغى ۋە ئادراسمان بىلەن
ئوت ياقىدۇ كەتمەنگە سېلىپ.
ئاندىن
پۇرۇلدىغان خۇش پۇراق ئىسنى
بېشىمدىن ئۆرۈپ، ئاتلىتار مېنى.
ئاڭلايمەن مۇنداق شىۋىرلىشنى:
ئىسرىق، ئىسرىق،
كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنى ئالدىم،
ئاغزى يامانىنىڭ ئاغزىنى ئالدىم،
يامان كۆزدىن ساقلا ئىلاھىم.

ئەزىز ئوغلۇم ساڭا ئامانەت،
بەختىنى بەر، قىلغىن سالامەت...
ئىسرىق، ئىسرىق.
ئۈچ كۈن بولدى ئىشخانىدا مەن،
ئازابلايدۇ يامغۇر توختىماي،
بۇ غېرىبلىق سوزۇلدى ئۇزۇن.
تەكلىماكان ھۇۋلار ئىچىمدە،
تەكلىماكان يامغۇردىكى ئوت
سىم-سىم يامغۇر ياغار ئۈستىگە.
ھەممە نەرسە سۇنىڭ ئىچىدە
چېكى، ۋاقتى، سەۋەبى يوق سۇ،
كېمە بىزنى ئازدۇرغان كېمە.

يامغۇر توختاپ چىقتى كۈن،
دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئوت.
بۇژغۇنلاردىن كۆتۈرۈلدى
پەرىزات بېلىقنىڭ بېشى.

1996-يىل ئىيۇن

ئابدۇرېھىم سىدىق

## رۇبائىيلار

ساڭا گۈل كەلتۈرەر ئەجىر-مېھنىتىڭ،
تۆھپەڭگە ئاپىرىن ئوقار مىللىتىڭ.
تەر تۆكمەي قول سوزساڭ تەييار مېۋىگە،
بولمايدۇ زەررىچە قەدىر-قىممىتىڭ.

* * *

چىن ئىنسان كىشىگە قىلماس ساختىلىق،
ساختىپەز قولىدىن كەلمەس ياخشىلىق.
زەھەر بوپ ياندۇ (سىڭمەيدۇ ساڭا)
ئالدامچى ئۆيدە قىلغان ناشتىلىق.

* * *

تىلىمە غايىبتىن رىزىق-نېسىۋە،
مېھنەتسىز ئالدىڭغا كەلمەيدۇ مېۋە.
كەلتۈرەر ھوزۇرلۇق بېشىڭغا ئاپەت،
تەر تۆكمەي ھالاۋەت كۆرىمەن دېمە.

تۇراپ ھەسەن

# ئىسسىقلىق يەتكۈزگىن قىشتا ئوت بولۇپ

## قەشقەر

بىر بۈزرۈكۋار ئانىسەن ئۇلۇغ،
ئايدىن گۈزەل ساھىپ جامالىك.
قوشۇپ تۇرار ھۆسنۈڭگە ھۆسن
چىمەن باغلار،
ياپ-يېشىل تاغلار،
زەر چۇچىلىق شاھى رومالىك.
نوپۇزۇڭنى قىلار نامايان
ھىيتگاھ، ھەزرەت، خانىقۈي، ئوپالىك...
بازارلىرىڭ ئەجەبمۇ قايناق،
مال ساتىدۇ ھۆر لىۋەنلىرىڭ.
يىمەك-ئىچمەك، ساز، تۈرلۈك ئەسۋاب،
دورا-دەرمەك، گىلەم ۋە گەزمال،
ئەجەب چاققان ھۈنەرۋەنلىرىڭ.
دەرس ئۆتىدۇ ئەپلاتونىغمۇ
ئۇستاز، ئالىم — دانىشمەنلىرىڭ.

ئەتىيازدىن كەچكۈزگىچىلىك
ئېچىلىدۇ رەڭگا رەڭ گۈللۈك:
مەكتەپ، يەسلى، ئىدارە، زاۋۇت،
دوختۇرخانا، ھەتتا چەت بولۇڭ
سەبدە، ئەتىر، لەيلى، قىزىلگۈل
گۈل پۇرايدۇ تامام ئوڭ-سولۇڭ.
دەپ قالسەن گۈل شەھىرىمكىن،
قەشقەر گۈلزار-گۈلزاردۇر يولۇڭ.

سەككىز چەنەت نېمە ئالدىدا،
بۇندىكى كۆپ مېۋە ئالدىدا.
مىڭ-تۈمەن خىل «ئېچىل داستىخان»،
ئېلىڭ مېھمان،
تۈگمەيدۇ بۇ
قويساق ھەتتا دىۋە ئالدىدا.
شۇڭا دەيمىز قەشقەرنى كۆرمەي،
يۈرتلار كەزدىم دېمسۇن ھېچكىم،
قەشقەر تىنماي باسماقتا ئالغا
مەغرۇرلانماي غەلبە ئالدىدا.

## ئىسسىقلىق يەتكۈزگىن قىشتا ئوت بولۇپ

ھەر قاچان كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار،
ئىزدىسەڭ دوستۇم سەن، جانانىممۇ سەن.
يەر شارى يۇمۇلاق،
تىكەن بار،
گۈل بار،
يول ئېچىپ كەلگۈچى مەردانىممۇ سەن.

ۋە لېكىن ئاۋامغا ئىللىقلىق كېرەك،
ئەل قاچار مۇز تەلەت ساھىپ جامالدىن.
ئىسسىقلىق يەتكۈزگىن قىشتا ئوت بولۇپ،
يازدا ھۇزۇر ئالسۇن سالقىن شامالدىن...

www.uyghurkitap.com

ئابدۇسەمەت خېلىل

# ئۆتۈنۈش

سەن ياخشىلىق قىلمساڭ مەيلى،
يامانلىقتىن تارتقىن قولۇڭنى.
قالار ئالەم سەندىنمۇ ئېشىپ،
تار قىلمىغىن ئەلگە يولۇڭنى.

دوستۇم بىلەن دوست بول ۋە لېكىن،
رەقىبىمگە يۈرمە سىر بېرىپ.
بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئەگەردە،
ساڭا يۆلەك بولاي جان تىكىپ.

ئەزىزجان ھوشۇر

# ياتعاي قالدى قەلبىمگە سۆيگۈ

## بورانقۇش

تاغمۇ تىترەر بوران سۈرىدىن،
بوزىرىدۇ ئاسمانمۇ گاھى.
پەرۋاز قىلار شۇندا بورانقۇش،
چوغدەك يانغان ئۇنىڭ نىگاھى.

كەڭ دېڭىزدا بېلىق ئۈزگەندەك،
ئۈزۈپ بارار جەسۇر، يولەكسىز.
داستان بولۇپ قالامتى نامى
بولغىنىدا ئەگەر يۈرەكسىز.

شۇنچە ئەركىن ئۇچار بورانقۇش،
ئاڭا سەھنە بورانلىق ئاسمان.
ئۇ ئوخشايدۇ چاقماقتەك روھقا
پەرۋاز ئىچىدە ئۆزسىمۇ گەرجان.

## سەن ياشىغان يىراق سەھرادا

سەن ياشىغان يىراق سەھرادا
تەشۋىشلىرى يىتكەن ھاياتتەك
باراقسان بوپ كۆكلەيدۇ باھار.
بىلمەس زەررە ھەسرەت، رىيانى
سۈتتەك سۈزۈك بىغۇبار دىللار.

سەن ياشىغان يىراق سەھرادا
ساپ ۋە سالقىن ئۇرىدۇ سابا،
چوغقا رەڭداش بارلىق مەۋجۇدات.
كۆلۈمسىرەر سادىدا ئاي نۇرى،
چېچەكلەيدۇ يۇلتۇزلار قات-قات.

سەن ياشىغان يىراق سەھرادا،
كەمبەغەللىك ئۆيىدە قۇياش
تۆنەپ چىقار تۆكۈپ ئالتۇن نۇر.

قۇشلار تۆكەر بارلىق كۈيىنى
ئاڭا ئاتاپ قەلب گۆھەر-دۇر.

سەن ياشىغان يىراق سەھرادا،
پەنجىرىسىدىن پاكار ئۆيلەرنىڭ
پەرىشتە بوپ كىرىدۇ تاڭلار.
پەرىشتەدۇر يۇلتۇز باللار،
پەرىشتەدۇر مومايلار، چاللار.

سەن ياشىغان يىراق سەھرادا،
چاقناپ تۇرغان سۈزۈك ئۈمىدتەك،
ئەجەب گۈزەل يارقىن كائىنات.
پاتماي قالار دىللارغا سۆيگۈ،
مۇھەببەتلىك ئۈندىكى ھايات.

## تاغلىرىم

كەلدىم ساڭا بولاي دەپ مېھمان،
سەندە باردۇر مۇنبەت داستىخان.
بوسۇغاڭدىن ئاتلىماي تۇرۇپ،
چۈشتى دىلغا قايناق ھاياجان.
قۇياش چۆمگەن زەمزەم سۆزلىرىڭ
تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان قان.
چىمەندىكى سۈزۈك شەبنەملەر
گۈزەللىككە مەڭگۈ پاسىبان.
كۆيۈپ سېنىڭ ئىشقىڭدا ئوتتەك،
ئېشىپ كەلدىم يىراقتىن داۋان.
پۇرسەت كۆندە كەلمەيدۇ، مېنى
بېسىۋالغىن باغرىڭغا جانان.

## تېمىسىز

چۈش بولسىدى كەچمىشىم شۇتاپ،
كۆزلىرىمگە كەلمەس ئىدى ياش.
بىر مېنىڭلا بەختىمگە ئاتاپ،
چاچار ئىدى نۇرىنى قۇياش.

چۈش بولسىدى كەچمىشىم شۇتاپ،
بولماس ئىدىم بۇنچە پەرىشان.
ھىجرانىڭدىن يۈرىكىم قاناپ،
يىراقىڭدا قىينالمايتتى جان.

چۈش بولسىدى كەچمىشىم شۇتاپ،
بولماس ئىدىم بۇنچە بىچارە.
ئۆسەر ئىدىم سۆيگۈدىن پارلاپ،
بۇ چۈش ئەمەس، ئەمدى نەچارە.

www.uyghurkitap.com



مالىك كېۋىر

# باھار ئاپتىپى


(ھېكايە)

## 1

ئايىلىخاننىڭ چايخانىسى قاتناش بېكىتى ئالدىدىكى ھۆپپەرلەر رەستىسىدە بازار سوۋۇۋاتقان ئاۋات سورۇنلاردىن ھېسابلىناتتى. ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككىلا ئېغىز ئۆيى بار بۇ چايخانا شۇ قەدەر ئاددىيلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەشەمەتلىك ئاشخانىلار، ئىككى قاناتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئېگىز لەمپە ئاستىدىكى تەييار تاماق يايمىلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ ئەتىگەندە سودا-سېتىق ئۈچۈن بازارغا كىرگەن دېھقان-چارۋىچىلار، كۆمۈر توشۇغۇچىلار، ئۇششاق كاسىپلار، ئېلىپ-ساتارلار، مانا مۇشۇ يەردە قورساق تويغۇزىدىغانلىقى ئۈچۈن چايخانا ئىچى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى.

چىڭقى چۈش مەزگىل ئىدى، رەستىنىڭ چوڭ كوچىغا قارىغان دەرۋازىسىدىن كىرگەن دېھقان سۈپەت بىر ئادەم قىزىق بازارلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ چايخانا ئالدىدا توختىدى. يۈزى تاتىراڭغۇ كەلگەن ئورۇق بۇ ئادەم كۈننىڭ قىزدۇرۇپ تۇرغانلىقىغا قارىماي ئۈچىسىغا ياماق چۈشكەن چاپان، پۇتىغا قونچى ئاقىرىپ كەتكەن يوغان ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، مۈرىسىگە ئىككى بېشى تولدۇرۇلغان خورجۇن ئارتىۋالغانىدى. ناتونۇش ئادەمنىڭ بېشىدىكى شاپاق دوپپىسى ۋە يۈزىدىكى چاڭ-توزان يۇقىدىن ئۇنىڭ خېلى يىراقتىن يول بېسىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چايخانا ئالدىدا ئۇنىڭ-بۇنىڭغا ئەلەڭلەپ قاراپ شۇ قەدەر ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ بولمايتتى.

چايخانىدا ئىككىلا كىشى ئىشلەيتتى. بىرى چايخانا خوجايىنى ئايىلىخان بولۇپ، يەنە بىرى ئايىلىخاننىڭ ئون تۆت-ئون بەش ياشلاردىكى نەۋرىسى ئارزۇگۈل ئىدى. ناتونۇش ئادەم شۇ ئەسنادا بىر دەستە چىنىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئارزۇگۈلنىڭ كۆزىگە



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

چۈشۈپ قالدى. ئارزۇگۈل دەرھال مېڭىشتىن
توختاپ:
— ئاغا، بىزدە ئىشىڭىز بارمىدى،
ئەجەپ قاراپ تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ —
دەپ سورىدى.
ناتونۇش ئادەم ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى
پىلدىرلىتىپ ئارزۇگۈلگە قارىدى ۋە:
— ئايلىخان ھەدەمنىڭ چايخانىسىنى
ئىزلەيتتىم، — دېدى.
ئايلىخان ئالدىدىكى ئەنبەلگە قاتار
تىزىلغان چىنىلەرگە ئېڭىشىپ چاينىڭ
سۈت-قايمىقى، تۇز-تەمىنى تەڭشەۋاتاتتى،
ئۇشتۇمتۇت ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ بېشىنى
كۆتۈرۈپ چايخانا ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ
تۇرغان ناتونۇش ئادەمنى كۆردى.
— ئايلىخان دېگەن مانا مەن
بولىمەن، قېنى دۇكانغا كىرىڭ، نېمە ئىش
بىلەن ئىزلەپ كەلگەنتىڭىز؟
ئايلىخان ئىشنى توختىتىپ، قوللىرىنى
پەرتۇققا سۈرتكەچ ناتونۇش ئادەمنىڭ
ئالدىغا چىقتى. ئۇ، يېشى توختىغان، ئوتتۇرا
بوي، كەڭ پېشانە، كۆزلىرىدىن مېھرىبان
ئانىلارغا خاس ئىللىقلىق چىقىپ تۇرغان
ئىللىق چىراي ئايال ئىدى، ناتونۇش
ئادەمنىڭ ئالدىدا توختاپ قىسقىچە ئەھۋال
سورىغاندىن كېيىن ئۇنى چايخانىغا تەكلىپ
قىلدى. مېھمان بوش ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە
چۆكۈپ، خورجۇننى يېنىغا قويغاندىن كېيىن
ئۆزىنى تونۇشتۇردى.
— ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەن بىلەن
نام-شەرىپىڭىزنى ئاڭلىغان، چۈشلۈك
چاينى قولىڭىزدىن ئىچەي دەپ ئىزلەپ
كېلىشىم، — دېدى.

بۇ ئايلىخان ئۈچۈن يېڭى گەپ
ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئايلىخان مۇنداق
گەپلەرنى خېرىدارلىرىدىن كۆپ ئاڭلىغان.
ئامما مۇنۇ خېرىدارنىڭ روھى-كەيپىياتى
ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۇ گەپتىن
بەكمۇ خۇشال بولدى.
— خورجۇن-قاچىڭىز ئېغىردەك كۆرۈنە-
دۇ، — دېدى ئايلىخان ناتونۇش ئادەمنىڭ
سۆزىدىن كۆڭلى يورۇپ، — شەھەرگە
مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىرگەن ئوخشىما-
سىز؟
— شۇنداق، دوختۇرغا كۆرۈنەي دەپ
كىرىشىم.
— نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟
— چىرايىمغا قاراپ بىلگەنسىز بەلكى،
ئاشقازان كېسىلى، گېلىمدىن ھېچنېمە
ئۆتمەيدۇ، ئۆتكىنى سىڭمەيدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن چايلا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن.
— دوختۇرلار چۈش قىلىپ كەتتى،
ئىشقا چۈشۈشكە خېلى ۋاقىت بار، ئاۋۋال
چاي ئىچىۋېلىڭ ئەمىسە. چاينى ئاچچىق
چۈشۈرۈپ ئېتىمەنمۇ-سۈسمۇ؟
— ئاچچىقراق بولسۇن.
— بىزدە يەنە ھەر خىل نان
بار، — دېدى ئايلىخان، — سىزگە
قايسىنى ئەكېلىمەن، گۆشنانمۇ، قاتلىما
ياكى ناۋاينىڭ...
— نان ئۆزۈمدە بار، — ناتونۇش
ئادەم يېنىدىكى خورجۇننىڭ بېشىنى تۇتۇپ
قويدى، — سۈتتە يۇغۇرۇپ ياققان توقاچ،
ئوخشىتىپ بىر چىنە چاي ئېتىپ بەرسىڭىز
بولىدۇ.
— بىزنىڭ چېيىمىز سەھەرلىقلارغا

ئېتامدىكىنتاڭ؟

— تۆزۈت قىلماڭ، چىپىگىزنىڭ داڭقىنى سەھرادىمۇ ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى.

مېھمانىنىڭ ماختىشىدىن خۇش بولغان ئايلىخان جوزىنى دەسماللاپ چاي ئېتىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلدى.

## 2

ناتونۇش ئادەمنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم بولۇپ، ئاغرىق ئازابىدىن زىيادە ئورۇقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېزىدىكىلەر ئۇنى ئابدۇرېھىم ئاۋاق دېيىشەتتى. ئايلىخان ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپلا كەمبەغەللىكىنى ھېس قىلغانىدى، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان ئاۋات بازارغا بىر خورجۇن توقاچ كۆتۈرۈپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەمبەغەل بولغاندىمۇ تازا نەس باسقانلاردىن ئوخشايدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى. بۇنداقلار ھۆپپىگەرلەر رەستىسىگە قەدەم قويسىلا ھېچ تەرەپكە سولجىماي ئۇدۇل ئايلىخاننىڭ چايخانىسىنى تېپىپ كېلەتتى. ئايلىخان بولسا ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۆتكەندە چايخانىغا ھەر كۈنى سۈت-قايماق يەتكۈ-زۈپ تۇرغان بىرەيلەننىڭ سېغىن كالىسى ئېتىزدا ئوتلاۋېتىپ زەھەرلىك چۆپ يەۋېلىپ زەھەرلىنىپ، قورسىقى كۆپۈپ ئۆلۈپ قېلىۋېدى، ئايلىخان كالا ئىگىسىدىن بەكرەك قايغۇرۇپ كالا ئېلىۋېلىڭ، دەپ پۇل بېرىپ تۇردى. يەنە بىر كۈنى بىر چوكان ئەتكەن چايغا ئوبدان تويۇۋالغاندىن كېيىن پۇل تۆلەيمەن دەپ غەللىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇقىنى كولاپ تۇرۇپ قالدى. چوكان بىر پەستىن كېيىن رەڭگىنى بىر قىسما قىلىپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە بولدىڭىز ئۇكام، — دېدى ئايلىخان ئۇشتۇمتۇت بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ.

— ھەميانىمنى بىرى سوقۇۋاپتۇ، پۇلمۇ، بىلەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى، چۈشنىڭ ئاپتوبۇسىدا ماڭماقچىدىم.

ئايلىخان ھەيران بولمىدى. بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بولمىسىمۇ ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دۇچ كېلىپ تۇراتتى. ۋاقىت زىق بولۇپ، ھېلىقى چوكان ئازراقلا تۇرسا ئاپتوبۇستىن قېپقالاتتى. ئايلىخان غاچچىدە يېنىدىن ئوتتۇز يۈەننى چىقىرىپ چوكانغا تۇتقۇزدى. قەيەرلىكسەن، پۇلنى قاچان ئەكىلىپ بېرىسەن دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئايلىخاننىڭ پەزىلىتىدىن بەك تەسىرلەنگەن چېغى، ھەر ئىككىسى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەردى. سۈتچى مىننەتدارلىقىنى سۈتنى باشقىلارغا ئوخشاش سۇ قوشماي، قايماققا ئۇن ئارىلاشتۇرماي ساپ ئەكىلىپ بېرىپ ئىپادىلىدى. يولچى ئايال ئوتتۇز يۈەنگە قوشۇپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئوخشاش قىزىرىپ پىشقان بىر تونۇر توقاچ يېقىپ كەلدى. بۇ ئىش ھەرگىز ئاشۇ ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا مەخپىي سىر بولۇپ قالغىنى يوق. كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ شەھەر ئىچىگە، يىراق سەھرالارغىچە تارقالدى. شۇ تاپتا چايخانىدا ئۈستىگە گۈللۈك كىليونكا سېلىنغان ئۈستەلگە ئېگىشىپ، ناننى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ قۇلىقىغىچە

يەتتى. ئۇ، ئايلىخاننىڭ كىملىكىنى بىلمەي، سۈرۈشتە قىلماي ئەتەي ئىزلەپ كەلگىنى يوق، ئەلۋەتتە.

ئابدۇرېھىم ئاۋاق چايدىن كېيىن رەزگى قوللىرىنى جۈپلەپ كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— ئەمدى ماڭسام بولار ئايلىخان ھەدە، دوختۇرلار ئىشقا چۈشىدىغان ۋاخ بولغاندۇ؟

— يەنە ئازراق ۋاقىت بار، يېتىپ قوپىدىغان ئىشنى قانداق قىلسىز، شەھەردە ئۇرۇغ-تۇغقان تونۇشلىرىڭىز بارمۇ-يا؟

— شەھەردە ھېچنېمەم يوق.

— بالدۇر ياتاق تۇتۇۋېلىڭ، ھازىر خەقتە ئىنساب قالمىدى، يانپاشقا چىقىرىپ يۇلسام دەپلا تۇرىدۇ، كەچ قالسىڭىز قىممەت ياتاقتا يېتىشقا مەجبۇر بولسىز.

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئايلىخان ھەدە، ماقۇل، ئاۋۋال ياتاقتا ئورۇنلىشۋالاي.

ئايلىخان ئابدۇرېھىم ئاۋاققا شۇ ئەتراپتىكى ئەرزان باھالىق ياتاقلارنىڭ بىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. خورجۇندىكى توقاچنى چايخانىنىڭ توڭلاتقۇسىدا ساقلاپ بېرىدىغان بولدى. ئايلىخان توڭلاتقۇنىڭ ئىچى سۈت-قايماق ۋە باشقىلار بىلەن توشۇپ تۇرسىمۇ، بىر ئىلاج قىلىپ ئورۇن چىقاردى. ئاندىن رەستىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئابدۇرېھىم ئاۋاققا دوختۇرخانىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويدى.

3

ئايلىخان ئۆزىگە ھاجىتى چۈشكەن ياكى ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئەنە شۇنداق غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ نام-شۆھرىتىنى ئاشۇرغان بۇ ئىش ئىككى ئادەمنىڭ ئوغسىنى قايىنتىپ قويدى. بۇنىڭ بىرى ئايلىخاننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوغلى راخمان، يەنە بىرى خىزىر قويغان لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئاتىمىسا كىشىلەر پەرق قىلالمايدىغان ھۆپىگەرلەر رەستىدىكى مانتىپەز قارا قۇربان ئىدى.

ئايلىخان ئىرىدىن تۇل قالغاندا راخمان ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ راخماندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى، ئايلىخان ئوغلىغا يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كيىمىگەننى كيىگۈزۈپ باقتى، چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى، يولدىشى ھايات ۋاقتىدا ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ئىدارىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بازارنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن راخماننىڭ خىزمىتىدىن كۆڭلى سوۋۇدى تىجارەت قىلماقچى بولدى. تونۇشلارنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىپ تاراقشىپ كەتكەنلىكىنى خىيالدىن ئۆتكۈزسىلا ئولتۇرالماي قالاتتى. راخماننىڭ ئىدارىسىمۇ ئۇنىڭ خىيالىنى قوللاپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ بەردى. شۇ چاغدا ئايلىخاننىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى بىر ئۆزى بىلەتتى. ئايلىخان بۇ خۇشاللىققا بالايى ئاپەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، راخماننىڭ «زىيان تارتتىم»، «قەرزگە بوغۇلدۇم» دەپ ئۆيگە سالپاراپ كىرىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ ئويلىغان بولسۇن!

قەرز ئىگىلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈيلەپ كېلەتتى، كۈندۈزى كېلىپ بەرمە-

www.uyghurkitap.com

سەن-بولمىسەن دەپ راخمان بىلەن جېدەل چىقارسا، كېچىسى ئىشىك قېقىپ-زەن-جىر تاراقشىتىپ ئايلىخاننىڭ يۈرىكىگە ئىكەك سېلىپ ھېچ ھالىنى قويمايتتى. ئاخىرى ئاتا مىراسى جاينى سېتىپ قەرز تۆلەش قارار تاپتى. قارا قۇربان خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى بۇ جاينى كۆزلەپ يۈرەتتى. گاڭگىرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىيلە ئىشلىتىپ ئايلىخاننىڭ قورۇ-جاينى غاچچىدە قولىغا كىرگۈزۈۋالدى.

ئائىلە ئايالى ئايلىخاننىڭ بازارغا كىرىپ تىجارەت قىلىشىغا سەۋەب بولغان مانا مۇشۇ سورۇقچىلىق، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا پۇشايمانغا قاچا ئىزلەپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. ئۇ جاي ساتقان پۇلنى راخمان بىلەن تەڭ تەقسىم قىلىۋالدى. بۇ سەپەر ئۇ راخمانغا زادى رەھىم قىلمىدى. بىر قىسمىنى ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن دەپ بانكىغا ئامانەت قويدى. بىر قىسمىنى چايخانىغا دەسمايە قىلدى. نىيەت خالىس بولغاچقىمۇ ئۇ تىجارەتتە تېزلا روناق تاپتى. بۇنىڭ ئەكسىچە راخماننى بارغانسېرى دومىلە باسماقتا ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال-دا ئانىسىنىڭ ئېشىنچە پۇلنى باشقىلارغا بەرگەنلىكىگە راخمان زادى چىدىمايتتى. قارا قۇربان بولسا ئايلىخان بىلەن رەستىنىڭ ئىككى قانىتىدا بىر-بىرىگە روبىرو تۇرغان ھالدا تىجارەت ئېلىپ باراتتى. خېرىدارلار ئاستا-ئاستا بۇ ئىككى تىجارەتچىنى سېلىشتۇرۇپ مانتىخانىدىن چايخانىغا يۈزلەندى. ئايلىخاننىڭ تېزلا روناق تېپىشى ھەسەت-خورلۇقنى قوزغىدى، ھەتتا ئايلىخانغا نىسبەتەن بېسۋالغىلى بولمايدىغان ئۆچمەن-لىك قوزغىدى. بۇ ئىككىلەن غايىۋانە تىل بىلەن سۆزلىشىپ ئايلىخانغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. لېكىن ئۇلار ئىشنى قەيەردىن قانداق باشلاشنى بىلەلمەي بېشى قاتتى.

ھۆپىگەرلەر رەستىسىگە ھەر كۈنى ھارۋىدا كۆمۈر توشۇيدىغان مۆمىنجان ئىسىملىك 20 نەچچە ياشلىق بىر بالا بولىدىغان. بىر كۈنى ئۇ كۆمۈرنى ئارتۇقراق بېسىپ قويدىمۇ يولدا كېلىۋېتىپ ھارۋىسىنىڭ ئوقىنى سۇندۇرۇۋالدى. ئايلىخان مۆمىنجان-نىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەمبەغەل ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئوقىتى ئۆلمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا دەرھال قەرز بېرىپ تۇردى. قارا قۇربان بۇ ئىشنى سېزىپ دەرھال راخمانغا يەتكۈزدى.

ئۇلار شۇ كۈنى مانتىخانىنىڭ ئىچكىرىسىدى-كى كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇپ بۇ ھەقتە خېلى ئۇزۇن قايناشتى.

— مۇشۇ كۈندە ئاپامدەك ئەخمەقتىن يەنە بىرىنى تاپقىلى بولارمۇ، — دېدى راخمان ئاچچىقىدا ئالدىدىكى جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ، — قاچانلا قارىساڭ خەقنىڭ كاكۇنچىلىقىنى قىلىۋاتقان. «ياردەم»، «قەرز» دېگەنمۇ گەپمۇ. ھېچ بولمىسا ئۆسۈمىنى ئالسۇن، جىنىڭ سارىڭ بوپتۇ جۇمۇ.

— ئىش كۆرمىگەن، ساددا ئايال، — راخماننىڭ تامامەن ئەكسىچە قارا قۇربان ناھايىتى تەمكىن كۆرۈنەتتى، — ھۆكۈمەت-نىڭ تەشۋىقاتىغا گول بولۇپ ھۆل قىشقا دەسسەۋاتىدۇ. ھازىر باج-سېلىقتىن باش

كۆتۈرەلمەيدىغان بولدۇق. قېنى، ئېيتە، هۆكۈمەت بىزگە ئادىل بولۇۋېتىپتىمۇ، تىجارەت قىلغان ئادەم دەرياغا تالقان چالغاندەك ئىش قىلماي خەقنى بىر ئامال قىلىپ يۇلۇش، روناق تېپىشنىڭ كويىدا بولۇش كېرەك. مەن هازىر ئۆيۈڭلەرنى سېتىۋېلىپ سېنىڭ ئورنىڭدا داداڭنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇۋاتقان ئادەم. ساڭا ئېچىنغانلىقىمدىن ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىمنى يەتكۈزدۇم. قانداق هەزىم قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

قارا قۇربان راخماندىن بەش-ئون ياش چوڭ ئىدى. قاراقۇربانىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن هەممىسى قىلچە گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان هەقىقەت ئىدى. راخمان ئالدىدىكى ئۈستەلگە پاق قىلىپ ئورۇپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. قارا قۇربان ئۇنىڭ پەيلىنى ئۇقۇپ مىڭ تەستە مانتىخانىغا ياندۇرۇپ كەلدى.

— ئۇكا، سەن هازىر كىچىك بالا ئەمەسسەن، — دېدى راخمان ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن هاسىراپ تۇرۇپ، — ئىككى بالىغا ئاتا بولدۇڭ. بىر قىزنىڭ ئاپاڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ، هەرگىز سېنىڭ گېپىڭنى قىلمايدۇ، جېدەل چىقىرىپ ئۆزۈڭنى سېستىماقچىمۇ، ئېغىر-بېسىق بول. قاچان چوڭ بولىدىغانسەن؟

— ئارىلاشما، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر.

— ئارىلىشمەن، ساڭا بۇ گەپنى مەن دېدىم. بىز دېگەن كونا قوشنا، ئاپاڭ بىلىپ قالسا مەندىن رەنجىيدۇ.

— سېنى دېدى دېمەيمەن.

— بۇ گەپنى مۆمىنجان ماڭا ئېيتقان تۇرسا.

— رەستىدە مۆمىنجاندىن كۆمۈر چۈشۈرىدىغان يالغۇز ئاپام ئىككىڭلارلىمۇ. قايسىبىرىدىن ئېنىقلايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارا قۇربانىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— سەن ئاپاڭنى بۇ يولدىن ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كەل، — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىپ، — بولمىسا جاي ساتقان پۇلنىمۇ غاجاپ تۈگىتىدۇ. پۇلنى چېچىپ تۈگەتسە قېرىغاندا قانداق قىلىدۇ، يەنە ئۆزۈڭ باقامسەن، ئۆلگەندە قولۇڭدا پۇل بولمىسا غېرىب يۇيۇقىدا ئۆزىتامسەن. سەن ئېيتقاندەك كاللىدىن كەتكەن، ئايىنغان ئايال بۇ. جېنىم ئېچىنغانلىقتىن شۇنداق دەۋاتىمەن. جۇمۇ جېنىم ئۇكا...

## 4

خېرىدار راسا ئاۋۇيدىغان چىڭقى چۈش مەزگىل ئىدى. كونا كاستۇم ئىچىدە شالاقلاپ قالغان ئورۇق بىر گەۋدە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ چايخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۈگۈلۈپ ئالدىغا چۈشۈپ دوقا ماڭلىينىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلاپ تۇراتتى. قان قۇيۇلغان هەر ئىككى كۆزى ئاچ بۆرىنىڭ كۆزىدەك تېپچەكلەپ ئوت چاچرىتىپ تۇراتتى. ئايلىخان ئەنبەل تۈۋىدە ئالدىدا قاتار تۇرغان چىنىلەرگە چاي ئېتىۋاتاتتى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، ئوغلى

راخماننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. چاي ئىچىۋاتقان خېرىدارلار ئۇپۇر-توپۇر بولۇشتى. راخمان ئايلىخاننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى-دە:

— نېمە قىلىپ يۈرگىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا، مۆمىنجاننى قايسى ئەردىن تۇغدىڭ؟ — دېدى.

راخماننىڭ ئۆكتەملىكى ھەممىنىڭ سەپرايىغا تەگدى. ئارزۇگۈل ئاچچىق چىرقىراپ كۆرۈك توخۇدەك ئېتىلىپ بېرىپ دادىسىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردى. قوشنا ھۆپىگەرلەر يۈگۈرۈپ چايخانىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بەزىلىرى راخماننى باستى، بەزىلىرى غەزەپلىنىپ ئۇنى سىرتقا ئىتتەردى.

قارا قۇرباننىڭ كۇشكۇرتۇشى ئارقىسىدا ئايلىخان ئۆز پەرزەنتى تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق چىدىغۇسىز ھاقارەتلەنگەنىدى. ھەرھالدا جېدەل ۋاقتىدا جىمىقتۇرۇلدى. كىشىلەرنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالدىمۇ ئاشۇ جېدەلدىن كېيىن راخمان چايخانىغا قەدەم باسمىدى. لېكىن ئايلىخان ئۆزىنى قانچە بەزلەپمۇ كۆڭلىنى تىنجىتالمىدى. بۇنىڭ راخماننى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقۇچە تارتمىغىنى ئازمۇ؟!

ئايلىخان تۇرمۇش قۇرۇپ بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن يولدىشىدىن تۇل قالغان، ئۇنىڭ يەنە تۇرمۇش قۇرۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، لېكىن يات ئەرنىڭ ئالدىغا بارسام راخماننىڭ بوينى قىسىلىپ قالارمىكىن، يولدىشىمنىڭ روھى قورۇنارمىكىن دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئىككىنچى بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرغۇسى كەلمىدى، نى-نى ئېسىل لايىقلارنى قايتۇرىۋەتتى. راخماننى باقىمەن دەپ ھويلىغا كۆكتات تېرىدى. توخۇ باقتى، تۇخۇم ساتتى، قولۇم-قوشنىلارنىڭ نان-توقاچلىرىنى ياقتى. كىر-قاتلىرىنى يۇيدى، قىسقىسى ئۆزىنىڭ ياشلىقى ۋە گۈزەللىكى، ھەۋەس-ئىستىكى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى راخمان ئۈچۈن قۇربان قىلىپ يەنە راخماندىن تىل-ئاھانەت ئاڭلىسا بۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق! راخمان ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى پاچاق-پاچاق چېقىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ چايخانىنى داۋاملىق ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال چايخانىنىڭ پېشانىسىدىكى ۋېۋىسكىنى ئەتۈر ئۆرۈپ قويدى. مەتىرىلىرى ماي بوياقتا سىزىلغان ئاجايىپ چىرايلىق بۇ ۋېۋىسكىدا چەينەك كۆتۈرگەن ئوتتۇرا بويى سومباتلىق بىر ئايالنىڭ سۈرىتى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئاندىن ئارزۇگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى قورۇ-جايىغا قاراپ كەتتى.

ئايلىخاننىڭ ئىلگىرىكى قورۇ-جايىنىڭ ھويلىسى ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتكە تولغان بولۇپ، ياز بويى سەيلىگاھدەك قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. پەقەت ھويلىسىلا ئىككى مو كېلەتتى. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ چاغدا ئىگىلەنگەن بۇ جاينىڭ سېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئوقەتچىلەر، پۇلى بارلار، كۆزىنىڭ تىرىكىدە بالىلىرىغا ئايرىم ئۆي قىلىپ بېرىش ئارزۇسىدا كۆيۈپ-ئۆچۈپ يۈرگەن كىشىلەر خېرىدار بولۇپ تەڭلا

ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئايلىخاننىڭ تەساد-
دىپىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ جاي سېتىشقا
مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى.
ھەممىسلا گاڭگىرىغان پەيتتە چىڭ
تۇتۇپ قورۇ-جايىنى ئەرزان باھادا قولغا
كىرگۈزۈۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. قارا قۇربان
ئار-نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ مەن
جاي ئىگىسى بىلەن قوشنا ئادەم. شىپىلىق
ھوقۇقۇم بار، مەندىن ئاشسا باشقىلار
ئالسۇن، دەپ باشقىلارنىڭ ھورىنى باستى.
— ئايلىخان ھەددەم بۇ ئۆيىنى يېڭى
توي قىلغان كۈندىن باشلاپ تۇتقان، —
دېدى ئۇ ئۇستۇنلىككە ئېرىشكەندىن
كېيىن مۇغەمبەرلىكتە يەنە بىر قەددەم
ئىلگىرىلەپ، — ئۆگەنگەن ماكانىنى تاشلاپ
چىقىشقا بەلكى كۆڭلى ئۇنىمايدىغاندۇ،
ماقۇل كۆرسە ھازىر ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان
ئىككى ئېغىز ئۆيدىن ئالەمدىن ئۆتكىچە
قوزغالمىسىمۇ بولىدۇ. ئايلىخان ھەددەم
مەرھۇم ئانامنى كۆرگەن، ئانام بىلەن
قوشنىدارچىلىق قىلغان. خۇدا ئامانىتىنى
سوراپ كەلسە ئۆلۈم مەرىكىسىگىمۇ ئۆزۈم
ئىگە.

ئايلىخان راستىنلا ئاشۇ جاينىڭ
مېھرىدىن كېچەلمەي ئازابلىنىپ تۇراتتى.
مۇشۇ گەپنىڭ تەسىرىدىن پىلىكتەك
يۇمشىدى، باھادا يول قويدى.

ئۇ — ئۆيگە يېتىپ كەلدى، ھويلا
ئىچى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى،
مېۋىلىك كۆچەتلەر تامامەن كېسىلگەن،
تام ياقىلىتىپ قوي قوتىنى، توخۇ كاتىكى،
لاپاس سېلىنغانىدى، ئايلىخانغا بولۇپمۇ
تەسىر قىلغىنى ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۆزىنىڭ
بولۇپ قالغان ئىككى ئېغىز ئۆيدىكى نەرسە-
كېرەكلەر بىر ئۆيگە يىغىپ قويۇلۇپ، يەنە
بىر ئۆيىنىڭ كوچا تېمى ئېچىلىپ دۇكان
قىلىنغانلىقى بولدى.

— ئۇكام نېمە ھادىسە بۇ، — دېدى
ئايلىخان شۇ ئەسنادا گۈرجەك كۆتۈرۈپ
ئۆي يېنىدا پەيدا بولغان قارا قۇرباننى
كۆرۈپ، — قورۇغا كۆچۈپ كىرگەندىن
كېيىن ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ-
سەندە؟

قارا قۇربان گۈرجەكنىڭ سېپىگە
تايىنىپ گەۋدىسىنى غادايتتى:

— پۇلنى قورقماي خەجلىگەن ئوغۇل
بالا ئەلۋەتتە قەددەمنىمۇ يوغان-يوغان
ئالىدۇ-دە.

— مۇنۇ ئىككى ئېغىز ئۆي مەن
ئالەمدىن ئۆتكۈچە مېنىڭ ئىلكىمدە قالغان
ئەمەسمىدى؟

— توختامغا شۇنداق پۈتۈلگەنما؟

— سەن شۇنداق دەپ لەۋزە
قىلغان.

— ئۇ چاغدا سىز بىر بىچارە ئايال
ئىدىڭىز، — دېدى قارا قۇربان ئايلىخانغا
گەۋدىسىنى يېرىم قىيپاش قىلىپ
تۇرۇپ، — ھازىر تىجارەت قىلىپ ھۆپپىگەر-
لەر رەستىسىنىڭ نوچىسىغا ئايلاندىڭىز،
خەقنىڭ شىللىسىغا دەسسەپ چىققۇدەك
كۈچ-قۇۋۋەت تاپتىڭىز، بىزمۇ قاپاق كاللا
ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى
بىلىمىزدە...

مانا مۇشۇ گەپتە ئايلىخان قارا
قۇرباننىڭ غەرىزىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ
«تاتلىق» گەپلىرىگە ئالدانغانلىقىنى ھېس

قىلىپ غەزەپلەندى. بىراق كېچىككەندى.

## 5

ئابدۇرېھىم ئاۋاق ھەر كۈنى چايخانىدىن ئۈچ ۋاخ چاي ئىچىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئايلىخان يۇقىرىدىكى ئىشلارنى خىيالىدىن يەنە بىر قېتىم تىزىپ ئۆتكۈزدى. قارا قۇربانىڭ سوغۇق كۆتۈۋېلىشىگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن ئۇ چايخانىغا قايتىپ كېلىپ تىجارىتىنى قايتىدىن قولغا ئالدى. ئۇنىڭ بارىدىغان باشقا يېرىمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، كۆڭۈل ئارامىنى باشقا يەردىن ئەمەس چايخانىدىن، ئۇ يەرگە ھەر كۈنى تاپان بېسىپ كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل، ھالال خېرىدارلاردىن تاپتى. ئۇ، مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۇچراشسا، مۇڭداشسا، بۇنداق ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلسا، ھاجىتىدىن چىقسا خۇشال بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇ، مۇشۇ پەزىلىتى ئارقىلىق شۆھرەت قازانغان، روناق تاپقان، ئۇ، مۇشۇ پەزىلىتى ئارقىلىق تاپقىنىنى قاغىغا ئوخشاش دەرەخنىڭ بېشىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان، سۇغۇرغا ئوخشاش ئىنىغا سۆرەيدىغان، ئىتقا ئوخشاش خىرىس قىلىپ ھاۋشىيدىغان رەستىدىكى ئاچ كۆز، بۇلاڭچى، پەسكەش ھۆپىگەرلەرگە جەڭ ئېلان قىلغىنى قىلغان!

ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇنىڭ مۇشۇ ئىرادىسىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى بولۇپ قالدى. ئايلىخان بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئوخشىتىپ بىر چىنە ئەتكەنچاي ئېتىپ ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن:

— ئۇكام، دوختۇرلار نېمە دەيدۇ، پەرىزىمچە مېھمانخانا بىلەن دوختۇرخانا ئوتتۇرىسىدا قۇرۇق قاتناپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — دەپ سورىدى.

— ھەممە بۆلۈملەر ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم ئاۋاق.

— تۈگىمىگەن قانداق تەكشۈرۈش ئىكەن ئۇ؟

— بۈگۈن ئەللىك يۈەنلىك بىر ماشىنىغا سېلىپ ئاندىن بىر نېمە دەيدىغان ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ ئۇكام، ئوبدانراق تەكشۈرتۈڭ، كېسەل ئېنىقلانسا داۋالاش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئاۋاق چاينىڭ ئوخشىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ چايخانىدىن چىقتى. ئۇ، شۇ كەتكىنىچە بىر ھەپتىگىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئايلىخان ئەنسىرەپ قالدى: نېمە بولغاندۇ زادى، دوختۇرلار بىر بولاق دورا بىلەن يولغا سالدىمۇ ياكى كۆپرەك يۈگۈرلىيمەن دەپ كۈندە بىر تەكشۈرۈش قىلىپ يانچۇقىنى يۇنۇپ قاچۇرۇۋەتتىمۇ، توختا، كەينىدىن ئىزلەپ قوياي دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ، ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا قۇلاق تۈۋىدە تونۇش ئاۋاز پەيدا بولدى، ئايلىخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئابدۇرېھىم

ئاۋاقنى كۆردى.

— نېمە بولدىڭىز ئۇكام، — دېدى ئايلىخان ئابدۇرېھىم ئاۋاقنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، — ئالتىنچى ئاينىڭ ياقىسى-دەك يېتىپ كەتتىڭىزغۇ؟

— كېسىلىمدىن چاتاق چىقتى، ئاشقازان يارىسى ئىمىش، ئوپېراتسىيە قىلمىغىچە ساقايمىغۇدەكمەن.

— ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇۋېتىڭ ئەمىسە.

— شۇنداق قىلاي دەپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندىم، بىراق ماڭا قارايدىغاندەك ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— دوختۇرلارغا يەر تېگىدىن سۆزگۈت-كىدەكمەن. ئازراق بولسا مەيلى ئىدىغۇ، كەم دېگەندە... بىزنى نېمە كۆرىدۇ زادى، — ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، — ۋىجدانىم چىدىمىدى، ئۆلسەممۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن.

— ھازىر جاھان شۇنداق، چىداپ تۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇڭ.

— ياق، قىلدۇرمايمەن.

— قاراپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلامسىز؟

— تەشكىلگە ئەرز قىلىمەن.

— قايسى ھۆكۈمەتكە، — دېدى ئايلىخان مىيىغىدا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قو-يۇپ.

— گېپىمنى ئاقتۇرالمىسام دارد-پەرياد دەپ يۇقىرىقى تەشكىلگىچە بارىمەن، پارىخور دوختۇرلارنىڭ چاۋىسىنى چىققا يايمىغىچە توختىمايمەن.

ئايلىخان يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ، ئابدۇرېھىم ئاۋاق ۋەزىيەتنى چۈشەنمەي ئاخىرى چىقمايدىغان يولغا قەدەم بېسىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدى دەپ ئېچىناتتى. ئابدۇرېھىم ئاۋاقنى بۇ يولدىن قايتىشقا ئۈندەپ كەچمىش--كەچۈرمىشلىرىنى ھەتتا ئوغلى راخمان بىلەن بولغان ئىشلارغىچە سۆزلەپ بەردى.

راخمان تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى تېزلا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا قەرزگە بوغۇلدۇم دېگىنىگە ئايلىخان ئىشەنمىدى، ئۇ تىڭ-تىڭلىدى، يەر تېگىدىن كۆزەتتى.

ئايلىخان تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن رەستىنىڭ كۆزەتچىسىگە ئىشەنچ قىلالماي چايخانىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سىرىنى يەنى ھەر كۈنى كەچتە قارا قۇرباننىڭ مانتىخانىسىدا قىمار بولىدىغانلىقىنى، قارا-قۇرباننىڭ جەزخور ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئايلىخان قاراقۇربانغا ھەيران قالمىدى. قورسىقىنى يارسا ئۆلپىنىڭ سۇنۇقى چىقماي-دىغان بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىن ئۇمۇمەن بىر ئېپلاسلىقى تېشىغا تېپىپ تۇراتتى. لېكىن راخمان ئونىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان، جەمئىيەتتە خىزمەت قىلغان، تەربىيە ئالغان ئەمەسمىدى، ئۇنى كاززاپ، ئاچكۆز قىلىپ ئۆزگەرتكەن، ئىنسان قېلىپى-دىن چىقارغان راستىنلا ئاشۇ پۇلپەزلىكمىدۇ-مۇ؟!

ئۇ، ئاچچىقىغا پايلىماي ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇدۇل ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. لېكىن

قاراقۇرباننىڭ ئۇيەردىكىلەرنىڭ گېپىنى
مايلىشۋەتكەنلىكىنى ئايلىخان نەدىن بىلسۇن،
شۇنداق قىلىپ ئەرز ئۈن-تىنسىز بېسىلىپ
قالدى، قاراقۇرباننىڭ مانتىخانىسىدا يەنە
ھەر كۈنى قىمار قايناپ تۇردى.

— قىسقىسى، ئەرز قىلمەن دەپ
ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، — دېدى ئايلىخان
ئەسلى گەپكە قايتىپ كېلىپ، — ئەرزدىن
نەتىجە چىقمايدۇ، ئاڭلىسام بۇنداق ئىشلار-
دىن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىمۇ بىزار ئىكەن،
ئەرزىڭىزنى دوختۇرخانىغا قايتۇرسا دوختۇرغا
تېخىمۇ سەت كۆرۈنسىز، ئەڭ ياخشىسى
غەيرەت قىلىڭ، پارا دېسە بېرىڭ، پۇلدىن
قىسىلامسىز يا قەرز بېرىپ تۇرايمۇ؟

ئابدۇرېھىم ئاۋاق «قەرز» گېپىنى
ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ياق-ياق، قەرز ئالمايمەن. قەرز
سوراپ كەلمىدىم، — دېدى.

— ھازىر سېرىقتال، دېھقان يىلىكىدىن
ئۈزۈلگەن چاغ، ئەلدىن ئەلگە نەپ
دېگەن گەپ بار، پۇلىڭىز يېتىشمىسە
خىجالەت بولماڭ.

— بۈگۈن ئوبدان مۇڭداشتۇق،
خەير خوش.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چايخانىدىن چىقىپ
ئۇدۇل دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى.

## 6

ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە يەنە ھەپتە--
ئون كۈن بولدى. ئايلىخان ئابدۇرېھىم
ئاۋاقنى ئوپېراتسىيە قىلىندى دەپ ئىشەن-
گەنىدى. چۈنكى ئۇ قايسى كۈنى خوشلىشىپ
چايخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئايلىخاننىڭ
گەپلىرىگە قايىل بولغانلىقى، چوقۇم ئوپې-
راتسىيە قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.
بۈگۈن ئەتىگەن چاپ-چاپ تىجارەت ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن ئايلىخان تەييارلىق
قىلىپ ئابدۇرېھىم ئاۋاقنى يوقلاپ دوختۇر-
خانىغا قاراپ ماڭدى. ئىككى تەرىپىدىكى
سۇۋادان تېرەكلەر قويۇق سايە تاشلاپ
تۇرغان پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقاندا
قايسى كۈنى «پۇلدىن قىسىلسىڭىز قەرز
بېرىپ تۇراي» دەپ ئېيتقاندا، ئابدۇرېھىم
ئاۋاقنىڭ چۆچۈپ ئۈركىگەنلىكى، بۇنىڭ
مۆمىنجاننىڭ ھارۋا رېمونتىغا قەرز بېرىش
ۋاقتىدىكى روھىي ھالىتىگە شۇ قەدەر
ئوخشايدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

مۆمىنجان رەستىدىكى ھۆپىگەرلەرگە
كۆمۈرنى تەكشەپ چۈشۈرۈپ بەرگەندىن
كېيىن ئۇدۇل چايخانىغا كېلىپ قورساق
تويغۇزاتتى. شۇ كۈنى ئايلىخان خېرىدارلارغا
ئالدىراش چاي ئېتىۋاتقانلىقتىن مۆمىنجاننىڭ
لىڭزا ئوچاق تۈۋىدە بىرپارچە كۆمۈرنى
ئاستىغا تارتىپ گەپ قىلماي مۈگدەپ
ئولتۇرغانلىقىنى كۆرمەي قالغانىدى.
كۆرگەندىن كېيىن ئىتتىك ئالدىغا باردى.

— نېمە بولدۇڭ، نېمىگە شۇنچىلا
غېرىپسىنىسەن؟

— ...

— بىر يېرىڭ ئاغرامدۇ-يا، دوختۇرغا
ئاپىرايمۇ؟

— ...

— پەمىمچە تېخى ھېچنېمە يۇتمە-
دىڭ، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، چاي ئېتىپ
كېلەي ئەمىسە؟

— مەيلى، — دېدى مۆمىنجان كالپۇكىنى ئۆمچەيتىپ، ئايلىخان چاي ئۈستىدە سۆھبەتنى داۋام قىلىپ مۆمىنجاننىڭ بازارغا كۆمۈر ئەكىلىۋېتىپ ھارۋىسىنىڭ ئوقىنى سۇندۇرۇۋالغانلىقىنى، كۆمۈرنى بازارغا يېقىنلا بىر يەردە زىيىنىغا سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئۇقتى. ھارۋىنىڭ ئوقىنى يېڭىلاش غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان كۆمۈرچىگە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئايلىخان چۈشىنەتتى. ئۇ، مۆمىنجاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئۆزۈڭنى يوقىتامسەن، ئوقنى قانچىگە يېڭىلايدۇ، پۇلۇڭ بولمىسا مەن بېرىپ تۇراي، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۆمىنجان خۇددى قايسى كۈنى ئابدۇرېھىم ئاۋاق ئايلىخاننىڭ ئالدىدا قەرزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۈركىگەندەك چۆچۈپ كەتتى.

— رەھمەت. ھارۋىنى قەرز قىلىپ ئالغان، ئۈستىلەپ يەنە ئالساق قايتۇرالمايمىز.

بىراق مۆمىنجان قەرز ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى، قەرز ئالمىسا، ئوقنى يېڭىلىمىسا جاھازلىرى جىنازىدەك شالاقلاپ تۇرغان ھارۋىسىنى يېزىسىغا ئېلىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ، ئاخىرى ماقۇل بولدى، بىراق ئايلىخاننىڭ قولىدىن پۇل ئېلىۋاتقاندا نېمە ئۈچۈندۇ تىترەپ كەتتى. تۇۋا، دېدى ئايلىخان ئابدۇرېھىم ئاۋاق بىلەن مۆمىنجاننىڭ مىجەز، خۇلقىدىكى ئوخشاشلىقتىن ھەيران بولۇپ، بىزنىڭ بۇ رەستىدىكىلەر قولغا ئېلىنغاننى يالماپ يۇتۇشقا ئالدىرايدۇ، بېرەلمىسەم سەت بولىدۇ، دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئاما بۇ ئىككىسى... مۇھتاجلىقتىن بولسىمۇ قول ئۇزاتسا بولمامدۇ، نېمىدېگەن ھالال-ئاق كۆڭۈل ئادەملەر-ھە؟!...

ئايلىخان بالىنىسىنىڭ كارىدورىدا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئالدى تەرىپىدىن مۆمىنجان چىقىپ قالدى. ئايلىخاننىڭ مۆمىنجاننى كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت بولغانىدى، مۆمىنجان قەرزنى قايتۇرالمىغانلىقتىن بازارغا كىرسىمۇ چايخانىغا بارماس بولۇۋالغانىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئايلىخان ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان مۆمىنجان ئىككەندىلىكىگە ئىشەنمىگەندەك سىنچىلاپ قارىدى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ شالاڭ قاشلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كۆزىنىڭ چۆرىسى ۋە پېشانىسىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ گىرەلىشىپ ئۆمچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئارىلىق تۆت ماڭدام قالدى، مۆمىنجاننى تونۇپ ئايلىخاننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ئوغلۇم، ئاغرىدىڭمۇ ياكى تۇغقانلىرىڭدىن بىرەرى بالىنىسىدا يېتىپ قالدىمۇ؟ — دېدى ئايلىخان مېڭىشتىن توختاپ.

— دادام بالىنىستا، — دېدى مۆمىنجان سۇس ئاۋازدا.

— نەرى ئاغرىيدۇ؟

— ئېغىر ئاشقازان يارىسى، ئوپېراتسىيە قىلىشنى كۈتۈپ ياتىدۇ.

— ۋوي توختا، — دېدى ئايلىخان ئىسەنكىرىگەندەك ئىتتىك-ئىتتىك سۆزلەپ، — مەن يوقلاپ كېلىۋاتقان ئابدۇرېھىم ئاۋاق سېنىڭ داداڭ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟

uyghurkitap.com



— شۇنداق.
— ئوپېراتسىيە قىلدىمۇ؟
— ياق.
— نېمىشقا؟

مۆمىنجان دۇدۇقلاپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئايلىخان باشقا گەپ قىلماستىن ئابدۇرېھىم ئاۋاق ياتقان ئۆيگە كىردى، ئايلىخانغا ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بولدى. نامرات بۇ دېھقان كۆمۈرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھارۋا سېتىۋالماقچى بولۇپ مەھەللىسىدىكى بورداقچىلىق قىلىپ بېيىغان قوشنىسىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئابدۇرېھىم ئاۋاق ئۇنىڭ چاشقانغا كېپەك ئالغۇزمايدىغان خەسىس ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ يەنە ئۇنىڭدىن قەرز سورايدۇ، باي تولغانمايلا قەرز بېرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇ يىلى بورداقچى يەنە بىر قوتان كالا بورداغانىكەن، يەم-خەشەكنىڭ باھاسى ئۆرلەپ زىيان تارتقانلىقتىن قەرزگە ئۆسۈم ئالىمەن دەپ جېدەل چىقىرىپ ئابدۇرېھىم ئاۋاقنى ئۆرۈپ ياتقۇزۇۋاتىدۇ... بۇ قەرزنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمىغانلىقتىن ئابدۇرېھىم ئاۋاق، ئۇنىڭ ئوغلى مۆمىنجانمۇ قەرزنىڭ ئېتى چىقسىلا تىترەيدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئايلىخان كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەنە شۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. مۆمىنجان كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى توغرا ياغاچقا تايىنىپ دادىسىنىڭ گېپىگە گەپ قىستۇرۇپ تۇردى. بىر پەستە ئايلىخاننىڭ كۆز ئالدىدا بورداقچىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. پۇل بىلەن مېھرى-شەپقەت، ئىنسانىي پەزىلەت بىر-بىرىگە ھەقىقەتەن شۇ قەدەر دۈشمەنمۇ، پۇل تاپقانلار پۇلسىزلارنى يۈگۈزلىمسا راستىنلا قىيامەتتە سورىقى بولامدۇ؟! ئۇ، ئەنە شۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ غەزەپتىن جالاق-جالاق تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان مېھرى-مۇھەببەت تۇيغۇسى يەنە بىر قېتىم ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلدى. ئەتىسى ئۇ بىر باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا يەنە پەيدا بولدى.

— ئۆزىڭىز كۆردىڭىز ئۇكام، مەن بولسام ئاددىي بىر تىجارەتچى، ئاز كۆرمەي مۇنۇ پۇلنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ، ھېچبولمىسا دوختۇرنىڭ گېلىنى مايلاشقا ياراپ قالار. ئۆزىڭىزنى ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.

تاساددىپىي بۇ غەمخورلۇق ئابدۇرېھىم ئاۋاقنىڭ كېسەل ۋەھىمىسىدىن شۈركىنىپ تۇرغان بەدىنىنى باھار ئاپتىپىدەك ئىللىتىۋاتاتتى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، بىراق قەرز ئالالمايمەن، قايتۇرالمىسام چاتاق بولىدۇ.

— ئاڭلىسام بۇ يىل دېھقانچىلىقىڭىز ياخشى ئىكەن، چوقۇم قايتۇرالايسىز، بۇ يىل قايتۇرالمىسىڭىز يەنە بىر يىلى قايتۇرسىڭىزمۇ مەيلى. ھازىر مۇھىم بولۇپ تۇرغىنى پۇل ئەمەس، سىزنىڭ جېنىڭىز. جاھاننىڭ چېچىكى چاغلىق، جان كۆندە چېچەكلىمدۇ، دېگەندەك جان مۇھىم، جان بولسىلا، ئايىغىمىزنىڭ ئاستىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسىلا پۇل تېپىلىدۇ. قېنى چاققان

ئېلىك، باشقا بىرى كۆرۈپ قالسا، بېشىمغا بالا بولىدۇ...

ئابدۇرېھىم ئاۋاق ئائىلىخانىنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ پولىغا قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ تىلىم-تىلىم قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ ياش ئۇنچىلىرى يىپپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ چۈشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**



مالىك كېۋىر 1934-يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ نوغايتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1953-يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن ياكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1954-يىلدىن 1995-يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ھەم «ئىلى گېزىتى» دە ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئالىي مۇخبىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىرغىچە «مەشئەل»، «يېزىدىكى ئادەملەر»، «ئۈزۈك گۈللىگەندە» قاتارلىق ئۈچ ھېكايىلەر توپلىمى ۋە «كۈن شەرقتىن چىقىدۇ» ناملىق رومانى نەشر قىلىندى. ئۈچ ھېكايىسى ۋە بىر تەرجىمە ئەسىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىرىنچى ھېكايىسى خەنزۇچىغا، «كۈن چىقىشقا سەپەر قىلىش» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بىرىنچى ھېكايىسى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

1996-يىل 14-ئىيۇن ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئوبلاست بويىچە تۆھپىكار ئەدەب-سەنئەتكارلار قاتارىدا ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ژۇرنىلىمىز يېقىندا ئاخباراتچى ھەم كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى مالىك كېۋىرنىڭ يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىدۇ.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

# قانۇن دەرۋازىسىدا

(ھېكايە)

دادام، ئانام ۋە مەن.

بىز كېتىۋاتىمىز. دادام مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ماڭماقتا. سول تەرىپىمدە ئانام مېنىڭ ياقىلىرىمنى تۈزەشتۈرگەچ، باش-كۆزۈمنى سىلىغاچ يېنىك قەدەملەر بىلەن ماڭماقتا. مەن ھەممە نەرسىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزۈمنى بىلگەن ناخشىلارنى توۋلاپ كېتىۋاتىمەن.

بىز كېتىۋاتىمىز. مەن ئېيتىدىغان ناخشىلىرىمنى تۈگەتتىم. دادام بىلەن ئانامغا ئەركىلەپ قىلىدىغان گەپلىرىمنى تۈگىدى. نېمە ئۈچۈنكىن دادام بىلەن ئانام جىمجىت كېتىۋاتىدۇ. ھەردائىم مەن گەپ باشلىغىچە سۆز قىستۇرۇپ ئاخىرىدا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي بىر-بىرى بىلەن تاكاللىشىپ كېتىدىغان بۇ غەمگۈزارلىرىمغا بۈگۈن نېمە بولدىكىنا؟ ھەي توختا، ئەسلىدە مەن خاتالاشقان ئىكەنمەن، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى مومام ئاغرىق ئەمەسمىدى. ئۇنىڭغا قازا يەتكەن ئوخشايدۇ-دە!

. بىردىنلا دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. پۇت-قوللىرىم كۆيۈشۈپ، دادام بىلەن ئانامنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تۈگۈلۈپ كەتتىم.

يۈزلىرىم قىزىپ، بەدىنىمگە سوغۇق تەر تەپچىقىپ چىقتى.

ھەي، ماۋۇ ئىشنى قارا، ئۇلار مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ؟ مۇنداق مۇسىبەتلىك كۈندە مېنىڭ ناخشا ئېيتقىنىم، ئۇلارغا ئەركىلىگىنىم نېمىسى، لېكىن ئۇلار نېمىشقا بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتمىغان بولغىيدى. توغرا، مېنى قورقۇپ كەتمىسۇن دېگەن گەپ.

مەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن، روھىي ھالىتىدىن نېمىشقا بۇنى سەزمىگەندىمەن، ئاتا-ئانا دېگەن قانچىلىك ئۇلۇغ-ھە؟ يەنە ئۇلار ماڭا قىلچە تىنماي، ماڭا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىچىدە يىغلاپ، تېشىدا سۈكۈت قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن كۈچلۈك مېھىر ۋە تەڭداشسىز مۇھەببەت-ھە!

بىز كېتىۋاتىمىز. مانا، مومامنىڭ مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كېلەي دەپ قالدۇق. مەن بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. پۇت-قولۇم، پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشاتتى. ئىچ-ئىچىمدىن ھەسرەتلىك تىناتتىم. مەن ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا ئاستاغىنە دادامغا قارىدىم. ئاندىن كۆزلىرىمنى ئانامغا ئاغدۇردۇم. شۇ تاپتا دادام نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ،

ئانام نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ پەرىزىمچە ھەر ئۇچىمىزنىڭ ئوي-خىيالى مومامدا.

مانا، مومامنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغان دوقمۇشقا كەلدۇق. دادام ئەمدى ئىچىگە پاتۇرالمايۋاتقان دەردىنى ئۈن سېلىپ يىغلاپ، كۆز يېشى بىلەن تۆكىدۇ، ئانامۇ، مەنمۇ ئۈن سېلىپ يىغلايمىز.

لېكىن... بۇ نېمە ئىش؟ دادام بىلەن ئانام مومامنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى. مەن تېڭىرقاپ قالدىم. كاللامدا قالايمىقان خىياللار دولقۇنلايتتى.

مەن دادامغا قارىدىم:

— دادا، بىز نەگە بارىمىز؟

— ئانا، بىز نەگە بارىمىز؟

— ...

بۇ ئىككىسىگە نېمە بولدىكىنە؟

نېمە خىياللار بىلەن بولۇپ كەتتىمكىن تاڭ، بىر چاغدا دادام بىلەن ئانام ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا تەگلا توختىدى. مەن ئۆزۈمنى سەل ئوڭشىۋېلىپ بىناغا قارىدىم. بىنانىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان «X ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى» دېگەن قارا خەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى.

ھە بۇلار ئەسلى بوۋامنىڭ قورۇ-جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى ئىكەندە.

مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ قايسىدۇر بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدىم. دادام ئاستا ئىشىكنى چەكتى. ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ئۈستىگە سوت فورمىسى كىيىۋالغان بىر خادىم چىقتى. ئۇ دادام ۋە ئانامنىڭ چىرايىغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن مېنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سوتچى خادىمنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن تەمتىرەش، ھودۇقۇش ئىچىدە ئىشخانا ئىچىگە كىردىم. دادامغا قارىدىم. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سېلىنغان، لەۋلىرى تىنىمسىز لىپىلداپ تۇراتتى، ئانامغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزارغان بولۇپ، روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى.

سۆرۈن تەلەت سوتچى خادىم بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قوندۇرۇلغان كۆز ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ماڭا قاراپ:

— ھە رەخمەتجان، داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ مەسىلىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولدى، — دېدى.

— نېمە مەسىلە؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە سوتچىغا قارىدىم.

— نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسى.

گويا يەر شارى ئوڭدا-دۈمدە ئىرغىراۋاتقاندەك، پۈتۈن سىزىمىمنى يوقاتقان ھالدا جايىمدا داڭقېتىپ قالدىم. ئىچىم ئېلىشىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى.

— دېمەك، — دېدى سوتچى خادىم ئالدىدىكى چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەرنى رەتلىگەچ، — ئەمدى مەسىلە سېنىڭ ئۈستۈڭدە قالدى، — يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايىم دىرىلدەپ تىترەيتتى. سوتچىنىڭ ئاۋازى ئەمدى قۇلىقىمغا ھەرە غوڭۇلدىغاندەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى، — داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ ئالىقاچان بىر-بىرىدىن مېھرى ئۈزۈلگەن. پەقەت ئۇلار سېنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈنلا چىشىنى چىشلەپ، تۇرمۇشنى مۇشۇ كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىككىلىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار بۈگۈن نىكاھتىن ئاجراشتى. لېكىن، داداڭمۇ، ئاناڭمۇ سەندىن ئايرىلىپ

www.uyghurkitap.com

قالغۇسى يوق، ھەر ئىككىسى سىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن سابىر؟

— شۇنداق.

— شۇنداقمۇ ئامىنىخان؟

— شۇنداق.

— رەھمەتجان ئۇكام، قانۇن بويىچە پەرزەنت ھوقۇقۇم بىر تەرەپكە بۇيرۇلىدۇ. داداڭمۇ، ئاناڭمۇ نەق مەيداندا تۇرۇپتۇ. بىز ساڭا ئەركىنلىك بېرەيلى. كىم بىلەن قېلىشنى خالايسەن؟

ئاھ مەن نېمە دەي، بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ مەن دادامغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن دادامغا تۇرىمەن دە، دېگەندەك كۈچلۈك بىر ئىلتىجا چاقناپ تۇراتتى. ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. مەن نېمە دېيىشىم كېرەك؟ زادى نېمە دېيىشىم كېرەك؟

ئىلتىجا قىلدىم: دادا، ئانا، مەن ھەر ئىككىڭلاردىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، سىلەر نېمىشقىمۇ...

لېكىن... سىلەر مېنى دەپ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بوپسىلەر، مېنى كەچۈرۈڭلار... سىلەر مېنى قانۇن دەرۋازىسىغا يېتىلەپ كېلىپ بۇنداق تەڭلىكتە قويغىچە ئۆيدىلا بۇ ئىشنى ماڭا دېسەڭلار بولماسمىدى؟

— قېنى ئۇكام، داداڭغا تۇرامسەن، ئاناڭغىمۇ؟

— سوتچى ئاكا... مەن... مەن... سىز...

سوتچى خادىمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ گويا ھازىرلا مېنىڭ قولۇمغا كويزا سېلىپ تۈرمىگە تاشلايدىغاندەك غىل-پال تەسەۋۋۇر كاللامدىن كەچتى.

ئاھ، مەن نېمە دەي، دادامغا دەيمۇ، ئانامغا دەيمۇ، ياق... مەن...

كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ۋۇجۇدۇمدىن ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ئازابتىن لەۋلىرىم تىترەيتتى.

— ھۆرمەتلىك سوتچى ئاكا، سىز ماڭا ئەركىنلىك بەردىڭىز. سىزگە رەھمەت. مەن دادامغىمۇ تۇرالمايمەن، ئانامغىمۇ تۇرالمايمەن. مەن بۈگۈندىن تارتىپ تىرىك يېتىم...

ئىشىكنى شۇنداق چىڭ ياپتىمكى، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز خېلىغىچە كارىدوردا ئەكس سادا قايتۇردى.

مەن بۇ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتىم. ئالدىمغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابدۇلئەھەد قادىرى

# غەزەللەر

## 1

مېنى خوپ مەھلىيا قىلدىڭ تولۇنئايدەك سىياقىڭغا،
سىياقىڭ ئۆزرە چوغلانغان زۇھەلدەك جۈپ زىناقىڭغا.
تەبەسسۇم جىلۋىسى چېھرىڭ ئاراتۇغقاندا جۈپ يۇلتۇز،
چېچىلدىم رەڭگىدە تۈننىڭ سىياھتەك كۆزقاراقىڭغا.
ياراتمىش نەسەۋەب رەببىم ئەتەي مەڭزىڭ ئاراخالنى،
نەخالكىم، ئۇ مېنىڭ روھىم چۈمۈلگەن نۇر بۇلاقىڭغا.
زىناقىڭ بەھرىسىز بەختىم تېپىلماس كۈللى ئالەمدىن،
چىدايمەن شۇ سەۋەب قانچە ئازابلىق دەرد-پىراقىڭغا.
ئەھەدى، ئەيلىگىن جاننى تەسەددۇق جۈپ زىناقلارغا،
ئەجەبمەس ئۇل پەرى ئاخىر نېسىپ بولسا قۇچاقىڭغا...

## 2

مىگەر قالسا بىراۋ سوراپ مېنى ئۇل بىناۋا، دەڭلەر،
نىگارى ئىشقىدا دائىم ۋۇجۇدى ئوت-لاۋا دەڭلەر.
كۆزىدە ياش، لېۋىدە گەز، دىلىدا بىھېساب ئەپغان،
چىرايى زەپىران، جىسمى گويا قاقشال چاۋا، دەڭلەر.
مىگەر بىرلەھزە ئاھ ئۇرسا شۇدەم ئالەم تونۇر بولغاي،
قىلىپ يال-يال كۆيەر ھەتتا زېمىندا ھەننىۋا، دەڭلەر.
كۇنۇ تۈن يار پىراقىدا يۈرەر مەجنۇن سىياقىدا،
ئۆزىگە يادى غەپلەتنى ئەجەب كۆرمەس راۋا، دەڭلەر.

ئەھەدى مۇپتىلا بولدى ساقايماس بىر ئىغىر دەردكە،
نىگارى ۋەسلىدىن ئۆزگە تېپىلماس ھېچ داۋا، دەگلەر.

3

مەن سۇيەتتىمغۇ سىنى سۆيگۈمنى ئەرزان قىلمساڭ،
مىس قاماقتەك ئەۋرىشىم كۆڭلۈڭنى لەرزان قىلمساڭ.
سەرگەسال، مىسقالغا سال ئىككى يۇرەكنىڭ ۋەزنى تەڭ،
سەن ئۆزۈڭنى شاھى سۇلتان، مىنى ئۇلتان قىلمساڭ.
مەيلى ئىشلەت قۇل قىلىپ ۋە ياكى ساتقىن پۇل قىلىپ،
بۇ ئۆزۈڭدىن ئۆزگگە پالانى-پۇستان قىلمساڭ.
ئاي يۈزۈڭنى ئايدا كۆرسەت، مەيلى كۆرسەت يىلدا بىر،
ياخشىسى، دىل ئامبىرىڭنى سىرى-پىنھان قىلمساڭ.
ئەھەدى سۆيگەي سىنى بىر جان ئەمەس مىڭ جان بىلەن،
بۇ بىشىمغا تارتقۇلۇقنى دەردى-ھىجران قىلمساڭ.

4

ھاياتلىق قەۋمدە بولغان ئۇچۇن سەن، مەنمۇ ھەم بارمەن،
مىگەر يوقسەن، شۇئان جان تەسلىمگە تەييارمەن.
ياشاشتىن مۇددىئايىم شۇ-سىنىڭ ۋەسلىڭنى قۇچماقلىق،
بۇ يولدا كەچمىسەم قاندىن نىچۈك ئاشىققا ئوخشارمەن؟
مۇرادىم سەن بىلەن يەڭگۇ ھايات-ماماتتا بىر بولماق،
كويۇڭدا نە بالا كۆردۇم، يەنە كۆرمەككە خۇشتارمەن.
كۆلەرمەن سەن ئەگەر كۈلسەڭ، سىنىڭ كۈلكەڭ مىنىڭ بەختىم،
مىگەر كۆرسەم كۆزۈڭدە نەم، رەقىبنىڭ بويىنغا دارمەن.
نىگارا، سەن مىنىڭ سۆيگۈ-ئەقىدەم تەختىگە شاھسەن،
ۋەلەيكىن بىلمىدىم شۇنداق تۇرۇپمۇ مەن نىچۈك خارمەن؟!

5

ئەي نىگارا كۆيمىدىممەن ساڭا كۆيگەندىن بۆلەك،
ئەزبىرايى سۆيمىدىڭسەن، مىنى سۆيگەندىن بۆلەك.

سەن كەبى گۈل نازىنىنلار كۈندە ئۇچرايدۇ، بىراق
كۆيدۈرەلمەس مېنى ھېچكىم سەن كەبى سەندىن بۆلەك.
مەن قاچان كۆردۈم سېنى كۆيدۈم ئىشقىنىڭ ئوتىدا،
سوگرى ئىمكان تاپمىدىم ھېچ ئىشتىياق-غەمدىن بۆلەك.
كۆيگىنىمگە يوق پۇشايمان مەيلى كەتسەم كۈل بولۇپ،
بەلكى يوقتۇر ساڭا شەيدا قۇلمۇ ھەم مەندىن بۆلەك.
كۈنۈتۈن ۋەسلىڭ كويىدا ئۆرتىنەرمەن ئاھ ئۇرۇپ،
قالمىدى جىسمىمدا تاقەت بۇ زەئىپ تەندىن بۆلەك.
مۇپتىلا بولدى ئەھەدى بۇ ئىشقىنىڭ كامىغا،
يوق شىپا لوقمان لېۋىڭ قىلغان داۋا-ئەمدىن بۆلەك.

6

قۇش قىلالماس كۆكتە پەرۋاز جۈپ قاناتى بولمىسا،
نە قانات، پەرۋازغا ئىمكان جان-ھاياتى بولمىسا.
ئۇل ھاياتلىق ئالەمدە جان تىرىكلىككە نىشان،
يوققا تەڭ ئەرلەر قاتارى نامۇ ئاتى بولمىسا.
ئەر ئەمەس كىم مەيدە مۇشتلاپ ئەل قاتارى يۈرسىمۇ،
ئەرگە خاس ۋىجدان، غۇرۇر، ئەخلاق، سۈباتى بولمىسا.
ھەر كۆكۈل خۇددى ئېتىزدۇر گاھ ئۈنەرگۈل، گاھ تىكەن،
قالغۇسى ھەتتاكى ئاق پەم-ئىجتىھاتى بولمىسا.
ھەرنە پۇرسەت قۇت ۋە نۇسرەت نۆۋەتى ياشلىققا خاس،
ئەھەدى ئېتىماس بۇنى چىن تەسراتى بولمىسا.

**تەلئەت قادىرى**

## تاغ قەلبىدە

نېمە دېگەن غېرىبسىنغان تاغ دېمە،
كۆرگىنىڭدە باغرىنى گۈل-گىياھسىز.
ئۇ ئەمەسمۇ سېنىڭ، مېنىڭ ئەسلىمىز،
ياشاپ كەلگەن ئەسىر بويى سىماسىز.

ئۇ ھەتتاكى سۇدىن چىقىپ ھېلىلا،
قىرغاقلاردا ئۇخلاپ قالغان بىر بالا.
چۆشگەندەك بولار ئۇلۇغ بىر ئۇتىنىڭ
تەنلىرىنى كۆيدۈرگەندەك بىر ھازا.

بىلەلمەيسەن،
يەتمەس ئەقلىڭ بىلىشكە،
ئۇ ئىلاھمۇ ياكى تاغمۇ ئەسلىدە.
كۆرەلمەيسەن كۆكلەپ تۇرغان بىر روھنى
شۇ كۆيۈك تاغ، شۇ چوققىلار قەلبىدە.

ئابدۇلھېكىم مەخسۇم

## چىمەنلەر جىلۋىسى

چىمەنلەر جىلۋىسى ئاشىق دىلىمغا كۆيىنى پۈتكەن چاغ،
ئېچىلغان كۆپ چېچەكلەردىن بىنا بولدى ناۋالىق باغ.
كۆڭۈل غۇربەتلىرىم يەتتى زامانىنىڭ رىغبىتى بولغاچ،
بىلىندى تاش يېسەم قۇمدەك زەھەر-زەققۇممۇ گۆش ھەم ياغ.
قەلەممۇ تەۋرىدى دەرھال شېرىن بىر كۈلكە لەھزىدە،
جۇدالىق دەردىدە چۈشتى تولۇن ئاي يۈزىگە مىڭ داغ.
پەلەكنىڭ چەرخى بىر-بىرلەپ ئۈزارمىش كائىنات ئۆزرە،
نەھاجەت قايغۇرۇش بىر كۈن چۈشەرمۇ دەپ بېشىمغا تاغ.
تەبەسسۇم گۈلىنى سۇنسامگەر لاچىنغا ئەل-دەۋران،
ھوقۇش توختايدۇ سايراشتىن، يۇتار قان-قان ھەسەتتىن زاغ.
پىقىرنىڭ كۆڭلى گۈلشەندۇر ئايان ئەل-ئامغا نەزمەمدە،
كۈلەي ھەم كۈلدۈرەي ئەلنى رەقىبلەر تىترىسۇن لاغ-لاغ.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

## سۆيگۈ تۇمارى

1

كۆيگىنىم راست ساڭا بىرىنچى قېتىم،
ئايرىلغان لېۋىڭدىن سۆيەلمەي بىر رەت.
بىلمەيمەن يادىڭدا بارمىكىن ئىسمىم،
تارىخىڭ مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ھەسرەت.

ئاددىي بىر قىز ئىدىڭ،
ئىدىڭ مەسۇم قىز،
چۈشمىگەن ئۆزگىنىڭ كۆزى ئېھتىمال.
ھېلىمۇ يۇلتۇزۇڭ مەن ئۈچۈن ئېگىز،
بەختىڭنى تىلەيمەن دائىم، ياخشى قال.

2

ئۆستەڭنىڭ ئۇ يېقى يارلىق مەھەللە،
بوستانلىق بۇ يېقى مەھەللە بىزنىڭ.

يېزا تىنچلىقىدا شادلىق ھەم بىللە،
ئاڭلىنار ناخشىسى شوق ئۇغۇل-قىزنىڭ.

سەن مۇڭلۇق ناخشاڭنى توۋلىغاچ ھەر كۈن،
چىقاتتىڭ چىملىققا ھەيدەپ قويۇڭنى.
خۇشاللىق بىر ماڭا بولمىدى پۈتۈن،
بىلمەيمەن قاچاندا كۆردۈم بويۇڭنى.

ناخشاڭنى توۋلايتتىڭ شۇنداق ئۇياقتا،
بۇ قاشتا ئاڭلايتتىم بىلمەي ھوشۇمنى.
ئەمدىلا مەن ئۇچۇم بولغان بىر ۋاقتا،
كۆندۈرۈپ ئالغان سەن خىيال قۇشۇمنى.

3

كۈن ئۆتتى،
ئاي ئۆتتى،
كەلدى ئەتىياز،
دالىدا بىدىلەر قومۇردى چالما.
جۈپ-جۈپ قۇش شاخلاردا چېلىپ ئىزگۈ ساز،
دەيتتى: يار تۇتۇۋال، بىزلەردىن قالما...

كېلەتتىڭ بىز ياققا تەرگىلى بىدە،
بىر نەچچە قىز دوستۇڭ بىللە ھەردائىم.
ئۇقمايمەن قىلدىنمۇ كۆڭلۈڭنى زىندە،
تەۋەككۈل ئەيلەشكە باشلىغان رايىم.

ئالدىنقى ئاخشىمى ساڭا خەت پۈتۈپ،
جىن چىراغ ئالدىدا قىينالغان يۈرەك.
بىدىلىك ئېرىقتا تۇردۇم پەيت كۈتۈپ،
قايتماقچى بولدۇڭسەن تولدۇرۇپ ئېتەك.

ئالدىڭنى توستۇمەن دوستلىرىم بىلەن،
باج تۆلە، بۇ بىزنىڭ بېدىلىكقۇ، دەپ.
دوستلىرىڭ قېچىشتى،
ئاھ، تۇتۇلدۇڭ سەن،
بېدىنى تاپشۇردۇڭ قىلماستىن ھېچ گەپ.

خېتىمنى ئۇتقۇزدۇم شۇئان قولۇڭغا،
دوستلىرىڭ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتىڭ...
كۈن-ئايلار ئۆتتى، مەن قاراپ يولۇڭغا،
يوقىدىڭ، جاۋابقا ئىنتىزار ئەتتىڭ.

4

مەھەللەڭ تەرەپكە قوي ھەيدەپ بېرىپ،
مەن سېنى مارايتتىم چىغلىق ئىچىدە.
ھېسلىرىم ياشىرىپ، گاھىدا قېرىپ،
قايتاتتىم ئۆيۈمگە ھەسرەت ئىلكىدە.

ئىشىكتىن بويۇنداپ كۆرەتتىڭ مېنى،
بەزىدە ئۆگزەڭدە بولاتتىڭ پەيدا.
مەن جىلە، قېشىمغا شەرەتلەپ سېنى،
چىقمايتتىڭ ۋە لېكىن كۆزلىرىڭ شەيدا.

بىر كۈنى ئىسقىرتسام بېغىڭ كەينىدە،
ئالدىمغا سەكرىدى تامدىن بىر ئايال.
يامانلىق بار ئىدى ئۈنىڭ پەيلىدە،
قاچاي دەپ كۆتەكتە يېقىلدىم شۇھال..

يەپ ئۆگەي ئاناڭدىن يەتكۈچە ئەدەب،
مەھەللەڭ تەرەپكە بولدۇم ئۆتەلمەس.
بويۇڭنى كۆرمەككە ئىزدەيتتىم سەۋەب،
دەردىمنى ھېچكىمگە ئىدىم تۆكەلمەس.

www.uyghurkitap.com

## 5

ئۈچ موماي ئۇلتۇرۇپ كۆۋرۈك بېشىدا،
ئاشقلىق ئۈستىدە سىرلار تۆكۈشتى.
ئاڭلىدىم ھەممىنى مۆكۈپ قېشىدا،
ياشلىق دەرياسىغا بىر پەس چۆكۈشتى...

ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بىر ئامال تاپتىم،
ئوقۇتۇپ ئالماقنى پۈكتۈم كۆڭۈلگە.
ئاخشىمى داخانىڭ ئۆيىگە چاپتىم،
تۇمارغا ئېرىشتىم،
ئېرىشتىم گۈلگە!

كۆپ يۈردۈم تۇمارنى يۈرەككە يېقىپ،
بېشىڭدىن ئۆرۈشكە تاپالماي پۇرسەت.
تېز قاچتىم ئىشىكىڭ ئۈستىگە تىقىپ،
تۇماردىن كۈتتۈم ھەم سىرلىق كارامەت.

يەتتە كۈن،
قىرىق كۈن،
ئۈچ ئايمۇ ئۆتتى،
ئاھ، بولدۇڭ چۈشۈمگە ھۆكۈمران ھامان.
كۈندۈزى سىمايىڭ كۆزۈمدىن يىتتى،
مۇھەببەت كۆزىنى قاپلىدى تۇمان.

بېغىڭنىڭ كەينىدىن ئۆتتۈم شۇ سەھەر
سۇ تۇتماق ئۈچۈن مەن ياقىلاپ ئېرىق.
ئۇيقۇدا ھەممە ياق،
تىمتاس شۇ قەدەر،
ئاڭلاندى توساتتىن بىر تاۋۇش شىرىق...

قوناقلىق ئىچىدە تۇراتتىڭ يالغۇز،
يوغان بىر تاغارغا ئېلىپسەن لىق ئوت.
نەدىندۇر بۇرنۇمغا پۇرايتتى يالپۇز،
تۇراتتىم جايىمدىن يۆتكىيەلمەي پۇت.

كۆرۈندى لەۋ يارغان قىزىلگۈل يۈزۈڭ،
ئېگىپلا پۇراشقا جۈرئەت مەندە يوق.
كۆزۈمگە تىكىلدى بۇلاقتەك كۆزۈڭ،
يۈرەككە سانجىلدى كىرپىكلىرىڭ ئوق.

مەن ساڭا قارىسام،
قارايتتىڭ يەرگە،
سەن ماڭا تىكىلسەڭ، كۆزۈم تىرناقتا...
ئولتۇردۇق قانچىلىك چۆمۈلۈپ تەرگە،
ئەپسۇس،
مەن سەندىن تۆت قەدەم يىراقتا...

مۇڭداشتۇق ئىككىمىز ئۈنسىز-تىۋشسىز،
يانچۇقتىن خەت ئېلىپ ئۇزاتتىڭ ئاخىر.
بىرچاغدا قۇۋ ئاناڭ كەلدى ئىزدەپ ئىز،
تۈيدۈرماي قاچتىم مەن بولۇپ مۇساپىر...

خېتىڭنى ئوقۇدۇم،
كۆيۈپسەن ماڭا،
كۆيۈپسەن ماڭا چىن مەندىنمۇ بۇرۇن.
ئۈمىدىم گۈل ئاچتى،
ئىشەندىم ئاڭا،
بار ئىكەن قەلبىڭدە ماڭىلا ئورۇن.

## 6

چىملىققا بىر كۈنى كەلدىم ھەيدەپ قوي،
قوي ھەيدەپ سېنىمۇ چىقارمىكىن، دەپ،
كىم بىلسۇن، قىزىپتۇ ئۆيۈڭلاردا توي،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم ئاڭلىنىپ شۇ گەپ.

ئاڭلىدىم، ئۇنكەن ئەر نەچچە نىكاھلىق،
يىزنىنىڭ موللىسى، يىشى ئەللىك ئۈچ.
ساۋابتىن تاپاي دەپ ئاتاڭ پاناھلىق،
ئاھ، سېنى بېرىپتۇ قىلسۇن دەپ تەپكۈچ...

توي يۆتكەپ كېتىشتى كەچتە جامائەت،
ئۈشكىنىڭ ئالدىدا مۆڭگىلىنىپ قالدىم.
جۇدالىق ئازابى، ئەلەم ئىچىدە
يوشۇرغان يوچۇقتىن تۇمارنى ئالدىم...

ئۈككىنچى كۆرمىدىم سېنى، پەرىشتەم،
بەلكىم شۇ توي بىلەن ئۇنتۇدۇڭ مېنى.
تۇمارىم قېشىمدا، سۆيگۈ خېتىڭ ھەم،
بىرىنچى يارىمسەن، ئەسلەيمەن سېنى.

* *

بىر ئاددىي قىز ئىدىڭ،
ئىدىڭ مەسۇم قىز،
چۈشمىگەن ئۆزگىنىڭ كۆزى ئېھتىمال.
ھېلمۇ يولتۇزۇڭ مەن ئۈچۈن ئېگىز.
بەختىڭنى تىلەيمەن ساق بول، ياخشى قال.

ئابلىمىت سەمەت

# كۆڭۈل سۈرەتلىرى

— ئۇسساپ ھالىم قالمىدى مېنىڭ،
بېرىپ تۇرغىن سۈيىڭدىن ئازراق.
— سۇ يىراقتا، ئىشكىم ئەگەر
ئۇسساپ قالسا قىلمەن قانداق؟

* *

خالىماستىن قىلچە جاپا چېكىشنى،
ئادەت قىلساڭ ئارمان بىلەن يېتىشنى.
ئەجەب ئەمەس تەگرى ساڭا كۆيىنىپ
نېسىپ قىلسا ئارمان بىلەن كېتىشنى.

* *

ئۆتمەك ئۇلۇغ دەريا سۈيىدىن
بولۇپ قالدى ئاتقا بەك قىيىن.
ئۆتۈپ كەتتى لېكىن بىمالال
قانىتىغا تايىنىپ چۋىن.

* *

باھا بەرمە بىر قاراپلا تۇرقىغا،
ئالدىڭدىكى ياخشى مىجەز-خۇلقىغا.
جىنمۇ كىرىپ ياخشى ئىنسان تۇسىگە،
چاڭ سالىدۇ غەرق قىلىپ ئۇيقۇغا.

* *

باشقىلارغا ماختىسام مەن ئۆزۈمنى،
كۈلسە ئۇلار ئاڭلاۋېتىپ سۆزۈمنى،
ئويلاپىشىمەن تاپىمىغۇ دەپ يۈز-ئابروي،
ئەمدى بىلسەم تۆكۈپتىمەن يۈزۈمنى.

* *

ئاداش، دېسەم قاپقىنى تۇردۇڭ سەن،
بەلكىم مېنى بەكمۇ پەستە كۆردۇڭ سەن.
كەلگەن چاغدا لېكىن سايلام مەزگىلى،
قانداق ئاداش ئەھۋالىڭ؟ دەپ كۈلدۈڭ سەن.

* *

تىرىشچانغا بولار بەخت يار،
ھورۇن ئادەم ئۆتەر بولۇپ خار.
تەدبىرىڭگە باغلىق تەقدىرىڭ،
تەلەي سىناپ يۈرگىنىڭ بىكار.

* *

تۆرىلىدۇ شېئىر خىيالدىن،
تۇرمۇش تۇغار خىيالنى ئالدىن.
بەدەل بەرمەي تۇرمۇشقا شائىر،
نەپ ئالالماس شېرىن ۋىسالدىن.

* *

چۈشۈپ كۆكتىن يامغۇر تامچىسى، سىڭىپ كەتتى يەرگە ھايالسىز،
دېدى بىر تاش ئېچىنىپ: بۇندا تۇرالماي ئۇ كەتتى ئامالسىز.
دېدى بىر گۈل: كەلمەي كېرەككە، يۈك بولغىچە يەرگە سىڭىندەك،
يەرگە سىڭىپ يىلتىزغا يەتسە، ئۇ ئۆزىنى سېزەر ئارمانسىز.

## تۇيۇقلار

ئۇقۇپ، تېخنىك بولۇپ كەلدى مۇشۇ چەت يېزىغا تۇردى،
بۈگۈن ئۇ ئويغىنىپ بالدۇر يېنىكلا ئورنىدىن تۇردى.
ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ ياتقان كېرەكسىز بۇ ماتور ئەمدى،
ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشلۇقتا گۈرۈلدەپ ماڭغىلى تۇردى.

* *

ئانىسى: ئوبدان قىزىم، قىلماي سارائىلىق، تەگ، دېدى،
قىزى: ياق، ۋىجدانىنى قىلمايمەن ئاياغقا تەگ، دېدى.
ئانا: ھەددىڭ يوق! دېدى ھەم قولىغا ئالدى تاياق،
قىز ھودۇقماي: ئەي تاياق، مەيلى بېشىمغا تەگ، دېدى.

*   *

مەن گويا دېۋانىمەن، كۆڭلۈمنى بايلىق ئاچمىدى،
يا ماڭا سۆيگۈ ئىلاھى ئالقىنىنى ئاچمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ سۆيگۈ تىلەيمەن، ئاچچىقىممۇ بار خېلى:
مەن ئۇنى كۆرمەستە كۆڭلۈم مۇنچە تەشنا-ئاچمىدى؟!

*   *

تاپسا كىم ھۆرمەت-ئىناۋەت ياخشى نامى تارقىلىپ،
ئىقتىدار دەۋاسى قىلدىڭ سەن ئىچىڭنى تار قىلىپ.
ئىقتىدارىڭ شۇ ھەسەتنىڭ زەخمىكىنى ئويىنىتىش،
يۈرىكىڭنى ياخشى بىر ساز، ھەسرىتىڭنى تار قىلىپ.

ئابلەت ئەخمەت

## بەختلىك ياشاشقا كۆپ ئەجرە كېرەك

بەختسىز شائىرنىڭ تەبەسسۇمىدەك،
قەلبىمدىن ئۆزۈلۈپ چۈشتى بىر ياپراق.
ئۇچراشاق قىلىچلار كېسىشكەن جايدا،
لەپىلدەپ قالارمۇ كۆزۈڭدىن يىراق؟

كۆرسەن دۇنيانىڭ ئايلىنىشىنى،
كۆرسەن چىراغنىڭ ئۆچۈشلىرىنى.
كۆرسەن قۇياشنى، چەۋرەڭنى ھەتتا،
كۆرسەن قۇملارنىڭ كۆچۈشلىرىنى.

بىر يېشىل چىراغتۇر يولۇڭغا چوقۇم
مەن ساڭا خاتىرە قالدۇرغان بەدەل.
ئەتىرگۈل توزىغان چىغىر يول ئارا
كەچمىشلەر يالت قىلىپ چاقنىدى تۈگەل.

ئۆلۈم يوق سۆيگۈگە بىلسەڭ ھېچقاچان،
ھاياتتا جۇدالىق-ۋىسال قوشكېزەك.
چەكسىز بىر ئۇزاق يول ياتار سوزۇلۇپ،
بەختلىك ياشاشقا كۆپ ئەجرە كېرەك.

ئەخمەتجان ئىمىن ئارمان

## ئىككى شېئىر

### شېئىر ئىلاھى ئۇماق پەرىشتەم

تېخى شائىر ئاتالغىنىم يوق،
بىراق شېئىر دەپ ياشىغىنىم راست.
سەن ئويغاتقاچ مەندە شۇنداق زوق،
ھەسرەتلەردىن بولغانمەن خالاس.

تېخى شائىر ئاتالغىنىم يوق،
شېئىرىم مېنىڭ پەقەت ساڭا خاس.
چۈشىنىشتۇق شېئىر بىلەن تولۇق،
بولساقمۇ گەر مەن گاچا، سەن گاس.

تېخى شائىر ئاتالغىنىم يوق،
بىراق شېئىردىن ئۈزۈلمەس رىشتەم.
شائىر بولاي ساڭا تەئەللۇق،
شېئىر ئىلاھى ئۇماق پەرىشتەم.

تېخى شائىر ئاتالغىنىم يوق،
شائىرلىققا ئەمەسمەن لايىق.
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەم پۈشكىندەك،
شائىر دېگەي شۇندا خالايىق.


### كۈتۈش

شاۋقۇنسىمان دەۋرەيدۇ ۋوگزال،
كۈتمەكتىمەن بىر كىمنى مەڭدەپ.
لۆمۈلدىگەن گەۋدىلەر ئارا
كۆز نۇرلىرىم يۈرەر تەمتىرەپ.

يىغا تۆكەر چاناقلىرىمغا
ئاپئاق قارنىڭ مەيۈس پەرۋازى.
ئاچچىق سۆيۈپ قولاقلىرىمغا،
خورسىنىدۇ پويىز ئاۋازى.

كېتىپ قالدى ئادەملەر تامام،
بوسۇپ كىردى گۈگۈم ۋوگزالغا.
ئاھ، زارىقىپ كۈتكەن قامەتنى،
باسالمىدىم تېخى باغرىمغا.

## سۇلتان ھاشىم



# خەير خوش، يەر شارى

(فانتازىيىلىك پوۋېست)*

7

كاتىپ قىز نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۇنى باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا قارشى ئالدى.

— باشلىق سىزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، جۇڭشياۋ ئەپەندى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — مېنى كېتىپ قالماڭ دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. بىرنى يېغىپ ئولتۇرغۇدەك قانچىلىك مۇھىم ئىش ئىدى ئۇ؟

— ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس، — جۇڭشياۋ شوخلۇق بىلەن قىزنىڭ ئېڭىكىدىن چىمدىپ قويدى، — بەلكىم، مەن سىزدەك تۇتۇق بەرمەيدىغان گۈزەل قىزنىڭ رۇخسارىنى قانغۇدەك كۆرۈپ ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندىمەن.

قىز ناز بىلەن قاشلىرىنى ئۇچۇردى:

— يېنىڭىزدا گۈزەللەرنىڭ گۈل تاجىسى تۇرغاندا، بىزگە نەزەر كۆزىڭىزنىمۇ سالمايدىغىنسىز.

— ئۇ بىر تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ئىدى...

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئاقلاشقا شۇنداق ئۇستا. كۆرەرمىز، يەنە بىر قېتىمدا يەنە بىرىيگى باھانىنى ئويلاپ تاپارسىز، ھەقىچان، — قىز سائىتىگە قاراپ ئالدىرايتتى، — قېنى، مەرھەمەت، جۇڭشياۋ ئەپەندى. باشلىقىمىز ۋاقىتقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

كاتىپ قىز ئاجايىپ بىر تولغىنىپ مېڭىپ، ئىشكنى چەكمەيلا قىيا ئېچىپ چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

كومار ئەپەندى ئىشككە ئارقىسىنى قىلىپ، يالغۇز كىشىلىك سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

بېشىنى تاشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ مۈگدەپ قالغان بولسا كېرەك. جۇڭشياۋنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپمۇ ئويغانمىدى. كاتىپ قىز جۇڭشياۋدىن ئالدىنىراق بېرىپ كىرسلونىڭ يۆلەنچۈكىدىن تۇتۇپ ئايلاندۇردى.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كومار ئەپەندىنىڭ سول كۆكرىكى — يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىۋاتقان قان، ئاپئاق كۆڭلىكى، كاستۇمىنىڭ پەشلىرىدىن ئېقىپ، سافانىڭ ساپ پاختىدىن قىلىنغان قېلىن ياپچۇقىغا يېيىلىپ كەتكەنىدى. قاننىڭ ھېلىمۇ چىقىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە بىر-ئىككى مىنۇت بولغانىدى.

— ھەيران بولماڭ، جۇڭشياۋ ئەپەندى، — دېدى قىز ئىشخانىغا كىرىش ئالدىدىكى نازۇك خۇلقىنى ئۆزگەرتمەي، — بۇ بىزگە خائىنلىق قىلغانلارغا بېرىلگەن جاۋاب. بىھۇدە ئاۋارە بولماڭ، جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

قىز شەرەت قىلدى. قويۇق ساقاللىق، بەستلىك ئىككى ئادەم كېلىپ جۇڭشياۋنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن تاپانچىنى ئېلىۋالدى.

— سائەتنىمۇ ئېلىڭلار.

نۇرۇل جۇڭشياۋ قولىدىن سائەتنى چىقىرىۋاتقان پەيتتە، كەينىگە يېرىم بۇرۇلۇپ، ئىشىك تۈۋىدە قوراللىق قاۋۇل ئىككى يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى چۈشەندى.

— مېنىڭ سىزگە، ئەگەر مەن خالىسام، خالىغان چاغدا سىزنى تېپىپ سۆزلىشەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتقانلىقىمنى ئېسىڭىزدىدۇر، — دېدى قىز سائەتنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ، — بۇ شەھەرنىڭ بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدا ئىكەنلىكىنى تەكرار سەمىڭىزگە سېلىپ قويماقچىمەن. بۇنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇشقا پايدىسى باركى، ھەرگىز زىيىنى يوق.

نۇرۇل جۇڭشياۋ بىر ئامال قىلىپ ۋاقىتنى سوزماقچى بولدى.

— نېمە ئۈچۈن كومار ئەپەندىنى ئۆلتۈردۈڭلار، — دېدى ئۇ قىزىققان ھەم ئۇنىڭدىكى سەۋەبنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىگەن قىياپەتتە.

كاتىپ قىزنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش ئىستېھزالىق كۈلكىگە ئۆزگەردى:

— سىز بۇ ئىشخانىغا ئۈنئالغۇ يوشۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، بىز ياتىقىڭىزغا تىڭشىغۇچ ئورنىتىپ قويغانىدۇق. كومار ئەپەندى قولىڭىزغا تىرىك چۈشكەن بولسا، بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتىن يانمايتتى. قايىلمەن، سىزنىڭ ئۇنىڭ ۋىجدانىغا قويغان دىئاگنوزىڭىز ناھايىتى توغرا. ئۇ ئىككىلىنىپ قالغانىدى.

— نېمىگە، نېمە ئۈچۈن؟

— ئۇ، بىزگە كېلىدىغان خەۋپ-خەتەردىن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى،

ئەمما قول سالمايتتى، بۇ ھەقتە كېلىشىم تۈزۈلگەن. سىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئىككىلىنىپ قالدى. بىز ئۈچۈن مۇنداق ئادەمنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى.

— مېنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەن ۋاقتىمنى كومار ئەپەندى خەۋەر قىلغانىكەن-دە، شۇنداقمۇ؟

— سىز ئۈچ قېتىم ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالدىڭىز، مۇنداق مۆجىزە ھاياتىڭىزدا بولۇپ باقمىغان بولغىيتتى، جۇڭشياۋ ئەپەندى؟

— ھاياتنى قەدىرلىگەن ئادەمگە ئۆلۈممۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئوخشايدۇ، خېنىم.

— لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ.

— مېنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟

— گىئولوگ مۇرات ئەپەندىنىڭ كاساپىتىدىن بىز ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدۇق. بۇ زىياننى نىگار خانىمنى نەۋرىسى بىلەن قوشۇپ گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ئارقىلىق تولۇقلاش پىلانىمىز بار ئىدى، بۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمىدۇق، شۇنداق قىلغىنىمىزمۇ ياخشى بولغانىكەن. ئەمدى بىز ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەدەل بىلەن زىياننى ئۇندۇرۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق.

— خۇش پېچىم قامىتىڭىز، شۇنچە گۈزەل رۇخسارىڭىز بىلەن ئىنسانلارنى زەھەرلەشنى، زەھەرلەشكە قارشى تۇرغانلارنى قانغا بوياشنى كەسىپ قىلىشنى ۋىجدانىڭىز قانداقمۇ قوبۇل قىلغاندۇر، خېنىم.

— ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىنى ۋاستە تاللىماي قولغا كەلتۈرەلىگەن ئادەملا، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ ياشىيالايدۇ.

— مېنى تۇتۇپ كېتىش بىلەن ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىيدىغان ۋاقتىڭىزنىڭ قىسقىراپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

كاتىپ قىزنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. ئۇ سائىتىگە ئىتتىك كۆز تاشلاپ، نۇرۇل جۇڭشياۋغا ئالىيىپ ۋارقىرىدى:

— ۋاقىتنى سوزماقچى بولۇۋاتامسىز، جانابىي جۇڭشياۋ، ھايات توغرىسىدا كېيىن شۇنداق سۆزلىشىپ ئالىمىزكى، سىز ئۇ مىنۇتلارنى ئېسىڭىزدىن مەڭگۈ چىقىرالمايدىغان بولىسىز، — ئۇ ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، جۇڭشياۋنى ئاگاھلاندۇردى، — ئاۋارىچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇنماڭ، دېگىنىم بويىچە ئىش قىلمىسىڭىز، ھاياتىڭىزنى بىر پاي ئوق بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. سىز بولمىسىڭىزمۇ قولىمىزدىكى ئىككى كوزۇر بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. ئادەملىرىڭىزدىن ئۈمىد كۈتمەڭ، ئۇلارنىڭ كېلىشىگە يەنە ئۈچ مىنۇت بار، بەرىبىر ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئاخىرقى بىرلا ئۈمىدى قالدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئادەملىرىنىڭ بىر مىنۇت بولسىمۇ بۇرۇن كېلىشىنى تىلىدى. ئۇلار كېلىپ

قالسا قاتتىق توقۇنۇشۇش يۈز بېرەتتى-دە، قۇتۇلۇپ كېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايتتى. ئۇ كاتىپ قىزنى تېزلىك قولغا چۈشۈرۈشنى، ئۇۋا-ئەگلىك ئورنىغا ئادەم قېنى سۈركىسىمۇ، كۆزلىرى مەست قىلىپ قويمايدىغان ئالۋاستى تەبىئەتلىك بۇ خېنىم ئارقىلىقلا، يىلان ئۇۋىسىنى يوق قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

كاتىپ قىزنىڭ باشلىقى بىلەن كۈچتۈڭگۈر تۆت ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان جۇڭشياۋنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن كۆرە، قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىنى ئۆرتەپ ئازابلىماقتا ئىدى. تاشقى پىلانت ئادەملىرى بىلەن ئېلىشىپ «شەپەق — 301» نى ساقلاپ قالغاندىن بۇيان، ئۆزى ھەرگىز ئىقرار قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىپ كېتىشتىن يېتىلگەن مەغرۇرلۇق ئۆسۈپ قالغانىدى. باشلىق بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، تېخى قولغا كەلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن خۇشاللىنىپ، خەلقئارا رازۋېدكا بىرلەشمىسىدە ئىشلەپ قىلىش تەمەسىدە بولدى. ئۆزىنى ئەر چاغلىدى-يۇ، باشقىلارنىڭ شىر ئىكەنلىكىنى ئويلاشنى خالىمىدى. ئۆزىنى زېرەك، تەجرىبىلىك چاغلاپ باشقىلارنىڭ ئىشخانىسىغا ئۈنئالغۇ ئورنىتىپ قويدى، لېكىن باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى تىڭلايدىغانلىقىنى ئۇنتۇدى. كاتىپ قىزنىڭ ئۇنى ھەرقانداق چاغدا تاپالايدىغانلىقى توغرىسىدا سەللا باش قاتۇرغان بولسا، ھازىرقىدەك تۆت ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ماڭمىغان بولاتتى. ئۇ، كۆزگە ئىلىنمىغان نايناق كاتىپ قىزچىلىكمۇ بولالمىدى، ئېنىقراقى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. بۈگۈنكى ھەرىكەت ئۇنىڭ سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىسا، گورۇھ كاتتىباشلىرىنىڭ خورلىكى ئۆسۈپ جاھانغا پاتماي قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ بىرەر نۆۋەتچى ساقچىنىڭمۇ ئۇچرىمىغانلىقىغا قاراپ، كاتىپ قىزنىڭ ئۇلارنى ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئەمەس، ئارقا تەرىپىگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچى باشلىقىنى قولغا ئېلىش ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىغا توغرىلانغانلىقتىن، ئۇلار كېتىۋاتقان كەڭ، ئۇزۇن زالنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئىشخانىلاردا ئادەم شەپىسى ئاڭلانمايتتى.

ئېگىز، كەڭ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. كاتىپ قىزنىڭ باش ئىشارىسى بىلەن، ئالدىدا ماڭغان ئىككى ئادەم دېرىزە تەكچىسىگە ئىرغىپ چىقىپ، ئوچۇقچىلىق تەرەپكە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ قويدى-دە، سەكرەپ چۈشۈپ كېتىشتى.

— تەكچىگە چىقىڭ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى قىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىككى قېتىم ئىرغىپ چىقالمىدى، ئۇ ۋاقىتنى قەستەن سوزۇۋاتاتتى.

— ئىتتىرىپ چىقىرىڭلار!

قاتتىق سىلكىش، قوپال ئىتتىرىشتىن، جۇڭشياۋ تەكچىگە قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. سىرتتىكى كەڭ گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈرئىتى تېز، ئاۋازسىز ئۇچىدىغان بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان تۇراتتى. ئايروپىلان پىرقىرىغۇچىنىڭ قۇيۇندەك ئايلىنىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يەرگە ئون-ئونبەش سېكۇنت ئاۋۋال قونغانلىقىنى پەرەز

قىلغىلى بولاتتى. جۇڭشياۋ ئېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنى ماشىنىدا ئېلىپ ماڭغان بولسا، ماشىنا ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى-دە، ئالاھىدە ئەترەتنىڭ ئادەملىرى بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قېلىش پۇرسىتىمۇ تۇغۇلاتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ كاللىسىدىن پالت قىلىپ بىر خىيال ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ تەكچىدە تۇرغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، زال ئىچىدە تۇرغان ئۈچ ئادەمگە ھوجۇمغا ئۆتسىچۇ؟! ئەلۋەتتە، بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولاتتى، لېكىن ئېگىز يەردە تۇرغانلىقى ئۇنىڭغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرەتتى، بىرىنىڭ قورالىنى تارتىپ ئالالىسىلا، سىرتتا تۇرغانلار دېرىزىدىن ئاتلاپ كىرگىچە، ئۇ ئۆزىنى ئېتىشاپ زەربە بېرەلەيتتى.

ئۇ تاشلىنىشقا تەييارلىنىپ تۇرغۇلدى.

— جۇڭشياۋ، ھوشىڭىزنى يىغىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قالغان كاتىپ قىز، — مەن سىزنى ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرىمەن، ھاياتىڭىز ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇشىڭىزغا باغلىق.

قورال تەڭلەپ تۇرغانلاردىن بىرى دېرىزە قانىتىنى تۇتۇپ سەكرەپ كۆتۈرۈلدى-دە، جۇڭشياۋنىڭ مەيدىسىگە مۇشت بىلەن قاتتىق بىرنى سالدى. جۇڭشياۋ كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى ۋە يەرگە قاتتىق چۈشۈپ، ئاستىدا قالغان قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى.

ئالدىن سەكرەپ چۈشكەن ئىككى ئادەم جۇڭشياۋنىڭ باش-كۆزىگە، بىقىنلىرىغا تەپتى. ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ تولغىنىشلىرىغا قارىماي ئۇرۇشدا قىلدى-دە، ئىككى قولتۇقىدىن ئېلىپ سۆرەپ ماڭدى. ئۇ دۈم بولۇپ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشنى، قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئويلاپ تىپىرلايتتى. بىراق، ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋالغان كۈچلۈك قوللار مىدىر-سىدىر قىلغۇزمايتتى. ئۇ بېشىغا تەگكەن تېپىكتىن قاراڭغۇلۇق تىقىلغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقانلارنى غۇۋا كۆردى. ئەڭ كەينىدىن سەكرەپ چۈشكەن كاتىپ قىز ئالدىدىكىلەرگە قول شىلتىپ، يان تەرىپىگە قارىتىپ ئاۋازسىز ئېتىلىدىغان تاپانچىسىنى تەڭلىدى، جۇڭشياۋ ئۇنىڭ قولىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئوق ئۆزگەنلىكىنى بىلدى. ئارقىدىنلا ئۇزۇلمەي ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ساقاللىق بىرى خۇددى ھاۋادا ئۈچۈپ يۈرگەن بىر نېمىنى تۇتىۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى-دە، كېيىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ قىمىرلىماي يېتىپ قالدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ بېشىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە سەل قىيشايتىپ، ئەللىك قەدەمچە يىراقلىقتا، تامنىڭ بۇرجىكىنى دالدا قىلىپ يېنىك ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈۋاتقان ساقچىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىلا ئوق تېگىپ ئۆلگەن يەنە بىر ساقچى ئىككى پۈكلىنىپ ياتاتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋنى تىك ئۇچارغا تارتىپ چىقىرىشتى. ئارقىسىدىن ئۇنى سۆرەپ ماڭغانلارمۇ ئايروپىلان ئىشىكىگە يامىشىشتى. جۇڭشياۋ ئايروپىلان ئەينىكىدىن تام

بۇرجىكنى دالدا قىلىپ، بىر كۆرۈنۈپ-بىر كۆرۈنمەي ئېتىشىۋاتقان ساقچىنىڭ مەيدىسىنى چاڭگاللاپ يىقىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ يىقىلىش ئالدىدىن ئاتقان ئوقى كاتىپ قىزنىڭ ئالدىدا ئېتىشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان — نۇرۇل جۇڭشياۋغا مۆشت ئاتقان ياش يىگىتنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئاسقاقلىتىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

ئوق ئاۋازى بىردىنلا كۆچىيىپ كەتتى.نۇرۇل جۇڭشيام تام بۇرجىكىدىن ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ كەلگەن تۆت ئادەمنىڭ تىك ئۇچارغا قارىتىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تونۇدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ بۇ يەرگە كەلمەكچى بولغان ئادىمى، ئىككىسى ساقچى ئىدى.

— ئىشكنى ياپ! — دەپ ۋارقىرىدى تىك ئۇچار ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىسى ياردەمچىسىگە.

— ئۇلار تېخى چىقىپ بولالمىدى، «ۋېنىرا» ئېتىشىۋاتىدۇ.

— ئۇلگۈرەلمەيمىز، ئۇلارنى ئېتىۋېتىڭلار!

— بۇ...

— چاپسان بول!

بۇ چاغدا كاتىپ قىز ئايروپىلان ئىشىكىگە ياماشقان ياردار يىگىتنى ھەدەپ يۇقىرىغا ئىتتەرمەكتە ئىدى. ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئىچىدىن تارتىپ ئالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئىشىك گىرۋىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ياردار يىگىت ئېسىلىپ قالدى. ئوق ئېتىلدى. ياردار يىگىت بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، دېگىنىدەك، نۇرى قېچىۋاتقان ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىگە تىكىلدى. ئىككىنچى پاي ئوق ئۇنىڭ قوللىرىنى بوشاشتۇردى، جانسىز، ئېغىر گەۋدىسى كاتىپ قىزنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. كاتىپ قىز ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلاردىن، ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان جەسەتنىڭ دالدا قىلىشى ئارقىلىقلا ساقلىنىپ قالدى. ئۇ ئەلەمگە چىدىماي كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان تىك ئۇچار ئايروپىلانىنىڭ ئىشىكىگە توختىماستىن ئوق ئاتتى. ئايروپىلان ئىشىكى ئېتىلدى، ئەمدى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار، ئۇنىڭ ئوق ئۆتمەس گەۋدىسىنى ئۇچقۇنداپ چاچرايتتى.

كاتىپ قىز ئۈستىدىكى جەسەتنى ھېلىمۇ تىك ئۇچارغا قارىتىپ ئېتىۋاتقان تۆت ئادەم تەرەپكە ئاغدۇرۇپ چۈشۈردى. ئۇلار ئۇنىڭ تىرىكلىكىنى بىلىپ قالسا، جەسەتنى توسۇق قىلىپ ئاخىرىغىچە ئېتىشماقچى بولدى. ئۇ ياشنىشى، ئۇنى تاشلاپ كەتكەنلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىك قېلىشى كېرەك ئىدى. چىشى يىلپىزدەك چەكسىز غەزەپلەنگەن كاتىپ قىز، قورالىنى توغرىلىدى، لېكىن ئوق چىقارمىدى. ئېتىشماقچى بولغان بۇ ئادەملەر ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ئادەملەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇقچىلىقتا ئوقۇقا پىسەنت قىلماي تۇرغىنىدىن قارىغاندا، ئىچىگە ئوق ئۆتمەس كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار كاتىپ قىزنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ئۇ تەرەپكە

قاراپمۇ قويماي ئۆرلەپ كەتكەن تىك ئۇچارغا ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېتىۋاتاتتى.

ئۇقنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن چۆچىگەن كاتىپ قىز تۇيدۇرماستىن قېچىشنى ئەۋزەل كۆردى. ئېگىز غوللۇق گۈللەر زىلۋا بەدىنىنى يوشۇرۇپ قالالايتتى. ئۇ يىلاندەك شەپە چىقارماستىن گۈللەرنى چەيلەپ ئۆمىلەپ، گۈلزارلىقنى قورشاپ تۇرغان پاكارغىنە سېمونت توسۇققا يېتىپ باردى. ئۇنىڭدىن ئارتىلىپ چۈشتى، ئەمدى سېمونت يولدا ئۆمىلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ بىرئاز ئۆمىلەپ بېقىپ، تىز ۋە بىلەكلىرىنىڭ سۈركىلىپ ئاغرىشىغا چىدىماي ئېڭىشىپ يۈگۈردى. ئۇنى بايقاپ قېلىپ ئوق ئېتىلغاندا، ئۇ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك بىناسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانىدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېقىن ئەتراپتىن كەلگەن ساقچى ماشىنىلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەرگە، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىشنى بۇيرۇدى. ساقچىلارنىڭ تولىسى ئۇنى تونۇيتتى، ئۇنىڭ تاپانچا تۇتقان، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى بۇلغانغان تۇرقىنى كۆرگەن ساقچىلار جىددىي ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن بىرنەچچە ماشىنىدىكى ساقچىلارنى شۇ ئۇسۇل بىلەن ئالداپ دەرۋازىدىن چىقىۋالدى. ئەمدى، ئۇدۇل كەلگەن ماشىنىنى توسۇپ كۆزدىن دەرھال يوقالمىسا، ئۇنى قوغلاپ ماڭغان ئالاھىدە ئەترەتنىڭ ئادەملىرى گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسىتىپ، ساقچىلار بىلەن بىللە كېلىپ قالاتتى.

— خېنىم، سىزنى كۆپكۆندۈزدە بىرى بوزەك قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى ئالدىدىلا توختىغان ماشىنىدىن قارا كۆزەينەك تاقىغان چىرايلىق بىر قىز بېشىنى چىقىرىپ.

كاتىپ قىز ھاسىراپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى گەپكە كەلمىدى. ئۇ ئىككى يېنىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىۋېلىپ، شۇنداق دېگەندەك باش لىڭشىتتى.

— ياردىمىمنى قوبۇل كۆرسىڭىز ماشىنامغا چىقىڭ.

ئۇ ماشىنا قوزغالغاندىلا ئۆزىنىڭ قۇتۇلغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يېنىك ئۇھ تارتتى.

— تېزراق ھەيدەڭ، — دېدى ئۇ بۇ خەيرخاھ شوپۇرغا، — قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، مەن ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئالالايمەن، سىز ئۈمىلىگىنىڭىزدىنمۇ كۆپ پۇلغا ئىگە بولىسىز.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ماشىنام ئەڭ يېڭى تىپتىكى ماشىنا. سىز ئۆزىڭىزنى خەتەردىن قۇتۇلدۇم دەپ ئىشەنسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ماشىنا كاتىپ قىزنى ئۇچقاندەك ئېلىپ كەتتى.

8

نۇرۇل جۇڭشياۋ بارماقلىرى بىلەن سىپىلاپ، يېرىك سۇۋالغان داق سېمونت پولدا ياتقانلىقىنى بىلدى. كامىرسۇس يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ،

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تام-تورۇسلارنىڭمۇ شۇنداق يىرىك سوۋۇلغانلىقىنى، پۇتقا ئىلىنغۇدەك، قولغا چىققۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئالاھىدە كامىرغا تاشلانغانلىقىنى چۈشەندى. مۇنداق كامىرلارنى تىرورچىلار، قوراللىق ئەتكەسچىلەر ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتىدىغان كۈچلۈك گۇرۇھلارنىڭ ئادەم قىيناش ئۈچۈن مەخسۇس ياساتقانلىقىنى، ئۇ بىلەتتى.

جۇڭشياۋ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ جەينەكلىگەنىدى، سول بىلىكىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي قاتتىق ئىڭراپ يەنە يېتىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە مۇشت يەپ يەرگە يىقىلغاندا ئاستىدا قالغان، رەھىمسىزلەرچە تېپىش ۋە سۆرەشتۈرۈپ مېڭىشتىن ئۇۋۇستىلەپ ئەدەپ يېگەن قولى ئىدى. ئۇ ساق قولى بىلەن بىلىكىنى سىپاشتۇرۇپ كۆردى، بىلىكى ئىششىغان، چىدىغۇسىز ئاغرىقىنىغا قارىغاندا بېغىشىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ساق قولىغا تايىنىپ، مىڭ مۇشەققەتتە سۆرىلىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تامنى سىپاشتۇرۇپ ئۆرە بولدى. ئاغرىقتىن پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇ ئاغرىققا چىشىنى چىشلەپ چىدىدى. پۇتلىرى ھەرھالدا ئۇنىڭ بەدىنىنى كۆتۈرەلىدى. ئۇ ساق قولى بىلەن تامغا تايىنىپ ماڭدى. يېڭىلا ئايىغى چىققان بالىدەك، تام ياقىلاپ تەمتىلەپ يۈرۈپ كامىرنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ماڭالايتتى، ئۇنىڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتى.

جۇڭشياۋ تام-تورۇسلارغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ چىقتى، تۆمۈر ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى، ئىشىك قىمىرلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن قۇتۇلۇپ چىقىش، ئېلىشىش ۋە ياشاش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىپ چىقتى. ئۇنى بىرلا سوئال ئازابلايتتى: ئۇلار ئۇنى نېمە قىلماقچىكىن؟ ئاۋۋال ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشقانىدى، كېيىن ساقچى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشتى. جۇڭشياۋ تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىچىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى، ئۇ مۇنداق شەرمەندىلەرچە قولغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەنىدى. ئۇنى ئۇرۇشتى، ئەمما ئۆلتۈرۈشمىدى.

سىرتتىن قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. كامىر بىردىنلا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. جۇڭشياۋ ئالقانلىرى بىلەن قىسىلغان كۆزلىرىنى كۈچلۈك يورۇقلۇقتىن توسۇپ، پەيدا بولغان جىددىيلىكتىن ئۆزىگە كەلگۈچە، شاراقلاپ ئېچىلغان ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئىككى قوراللىق ئادەم ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— بىز بىلەن ماڭ، چاپسان!

جۇڭشياۋنىڭ ئىنجىقلاپ، تامنى سىيلاپ سۆرىلىپ مېڭىشى، كىرگەنلەرنىڭ تاقىتىنى تاق قىلدى.

— سۆرەلمىلىك قىلمىساڭچۇ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئاچچىقلاپ ۋە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىق قولىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ سىلكىپ تارتتى. جۇڭشياۋ ئادەم

ئاۋازىغا ئوخشمايدىغان بىر زارلىنىش بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ساق قولى تامدىن ئاجراپ، بەدىنى ئاغرىق قولىدا ئېسىلىپ قالدى. يەنە بىرى كېلىپ ئىككىنچى قولتۇقىدىن ئالدى. جوڭشياۋ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى.

نۇرۇل جوڭشياۋ ھوشىغا كەلدى. ئۇ يالغۇز كىشىلىك ئەپچىل، يۇمشاق سافادا، بېشىنى سافا يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ ئولتۇراتتى. كۆرگەن ئادەم ئۇنى قاتتىق ئىشلەپ ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ ئاغزىدىكى قاڭسىق تەمدىن ئېرۋىلىرىنى جانلاندۇرىدىغان دورا ئىچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى. بەدىنىدە ئاغرىق سەزمىگەن جوڭشياۋ پۇت-قولىنى مىدىرلاتماقچى بولۇۋېدى، بەدىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ بەدىنىنىڭ ناركوز قىلىنىپ، ئاغرىق پەسەيتۈرۈلگەنلىكىنى شۇ ھامانلا چۈشەندى. دېمەك ئۇنى دەرھال سوراق قىلىدۇ، سوراق قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىگراپ تۇرغان ھالىتى ئەمەس، سەگەك كاللىسى كېرەك. شۇڭا ئۇلار ئادەم بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ۋاقتىدىن ئىلگىرى كاردىن چىقىرىدىغان بۇ دورىلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلەتكەن.

جوڭشياۋ ئۆزى ئولتۇرغان بۇ جاينى كۆزى يەتكۈدەك دائىرىدە كۆزىتىپ چىقتى. تاملىرى سۇس يېشىل سىرلانغان بۇ زال خېلىلا چوڭ ئىدى. چىراغنىڭ يېنىقلىق تۇرغىنى ۋە دېرىزىنىڭ يوقلۇقىغا قارىغاندا، بۇ يەرنى يەر ئاستىغا سېلىنغان دەپ پەرەز قىلغىلى بولاتتى. زالنىڭ يان تەرەپلىرىدە بىرنەچچە ئىشىك بار ئىدى.

كۆتۈلمىگەندە نۇرۇل جوڭشياۋغا تاملار ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھوشۇمدىن كېتىۋاتىمەنمۇ نېمە دەپ زېھنىنى يىغىپ قارىۋېدى، تام ئەمەس ئۆزى ئولتۇرغان سافا، سافا جايلاشتۇرۇلغان كىچىككىنە بىر پارچە يەرنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالىدى. سافا يېرىم ئايلىنىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا — كەڭ، يۆلەنچۈكى نەقىش چىقىرىپ ياسالغان ھەشەمەتلىك سافادا بىر ئادەم پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. جوڭشياۋ ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدى. بۇ ئادەم يەرشارىنىڭ يېرىمىدىكى زەھەرلىنىك چېكىملىك سودىسىنى كونترول قىلىۋالغان، خەلقئارا رازۋېتكا ئورۇنلىرى ئۇزۇندىن بېرى كەينىگە چۈشكەن، لېكىن قولغا چۈشۈرەلمەي كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى.

— ئويغىنىشىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم، — دېدى جوڭشياۋنىڭ قارشىسىدىكى بۇ ئادەم مۇلايىم ئاۋازدا.

— ھوشۇمغا كەلدىم، ۋېرنىر ئەپەندى، — دېدى جوڭشياۋ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇنۇپ.

ئەجدادى ناتسىسلاردىن بولغان ۋېرنىرنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلدى.

— ئوھوي، جانابىي جوڭشياۋ، سىز مېنى قالتىس خۇش قىلىۋەتتىڭىز. بۇ ئىسمىنى ئۆزۈممۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىمەن. بىلەمسىز، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىمنى ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى قويغان ئىسمىنى ئاڭلاش كىمنى خۇشال قىلمايدۇ-ھە.

www.uyghurkitap.com



— ئىنسان تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويغان ئادەملا ئۆز ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ۋېرنېر ئەپەندى. ھازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى «كارول» دېگەن نامىڭىزنى ئاڭلىشى بىلەنلا سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ.

ۋېرنېر ئاۋازلىق كۈلۈۋەتتى:

— مېنى يەنە بىر قېتىم خۇشال قىلدىڭىز، جانابىي جۇڭشياۋ، — ۋېرنېر گەۋدىسىنى سافا يۆلەنچۈكىدىن ئاجرىتىپ ئالدىغا سەل ئېڭىشتى. ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلىدىغان دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭكىدەك، قورۇق چۈشمىگەن پارقىراق چىرايى كۈلكىدىن ئېچىلىپ كەتتى، — مېنى ئادەملەرنىڭ مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى قىزىقتۇرمايدۇ. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم نام-شۆھرىتىمنى دۇنياغا تونۇتۇش. سىز ئېتىراپ قىلدىڭىزكى، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم مېنى بىلىدىكەن. مۇنداق شۆھرەتكە ھازىرغىچە ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن. ماڭا كېرىكى ئەنە شۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگە قادىلىپ دېدى:

— دۇنيا خەلقىنىڭ نەپرىتى سىزگە شۆھرەت بىلىنگەن بولسا، سىز بۇ شۆھرەتكە ئۆز قولىڭىز بىلەن تارقاتقان زەھەردىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ھەم دوزاخ ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان ئادەملەرنى دەسسەپ-چەيلەپ ئېرىشتىڭىز. شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ ۋېرنېر ئەپەندى، ئېيتىڭا، سىز ۋىجدانىڭىزنى تېڭشاپ باقتىڭىزمۇ، ۋۇجۇدىڭىزدا ئىنسان تەبىئىتىدىن زەررىچە تېپىلارمۇ؟

ۋېرنېرنىڭ چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى.

— ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى مەندىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك، جۇڭشياۋ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بولۇپ ئۆتكەن — مىليونلاپ ئادەم ئۆلگەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، قىسمەن جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇنداق دۇنياۋىي خاراكتېر ئالغان ئۇرۇش بولۇپ باقمىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر تىنچ مۇھىت، دۇنيا نوپۇسىنىڭ مۆلچەردىكىدىنمۇ تېز كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى مۇشۇ سۈرئەت بىلەن داۋاملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار 21-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يەرشارىدىكى ھاياتلىققا ئېھتىياج مەنبەلىرىنى قۇرۇتۇپ، بىر-بىرىنى ئوزۇق قىلىدىغان ھايۋانلارچە ياشاش يولىغا كىرىپ قالىدۇ. ماڭا ناھايىتى ئېنىق مەلۇم، ھازىر دۇنيا بويىچە ھەر تۆت ياكى بەش ئادەمنىڭ بىرى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ھەر تۆت ياكى ئادەمنىڭ بىرى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ تۇرسا، بۇ نوپۇسنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشنىڭ بىر تەدبىرى ئەمەسمۇ. چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، مەن بۇ تەدبىرنى نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كەتمەسلىكىگە قوشقان تۆھپەم دەپ قارايمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىستېھزالىق كۈلدى:

— ئەجدادلىرىڭىزنىڭ روھىغا كەم-كۈتىسىز ۋارىسلىق قىلىپسىز. ئۇلار زەھەرلەپ

ئۆلتۈرۈشنى « ئىرقنى ساپلاشتۇرۇش » دەپ ئاتىغان بولسا، سىز « نوپۇسنى كونترول قىلىش » دەپ چىرايلىق ئات قويۇپسىز. خۇپسەنلىك قىلماڭ، نوپۇسنىڭ تېزگىنلەنگىنىگە ئون يىلدىن ئاشتى، ھەتتا ھازىرقى كۆپىيىش نىسبىتى نۆلدىن تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ ئايغا ماكانلىشىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، بۈگۈنكى كۈندە باشقا پلانېتلاردا ماكانلىشىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ، — غەزەپتىن ئىچى سىقىلغان جۇڭشياۋ ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى بىلىشكە ئالدىرىدى، — سىز مېنى بۇ يەرگە مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن تۇتۇپ كەلمىدىڭىز، ئېيتىڭا، مەقسىتىڭىز نېمە؟

ۋېرنىر ياش يىگىتلەردەك ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا ئايلاندى، كېيىن جۇڭشياۋنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— ھەمكارلىشىش، — دېدى قادىلىپ تۇرۇپ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ كۈلدى:

— مەن بۇ شەرەپكە ئېرىشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مۇمكىن بولسا ھەمكارلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى ئاڭلاپ باققان بولسام.

— تامامەن مۇمكىن. سىز ماقۇل بولسىڭىز نىگارخانىم بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى رەنا قىزچاق قويۇپ بېرىلىدۇ. گېئولوگ مۇرات ئەپەندىنىڭ « تاقىر تاغ » دىكى يەر ئاستى خروئىن ئىشلەش زاۋۇتىمىزنى پارتلىتىۋېتىپ كەلتۈرگەن زىيىنى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

— سىز ئۆزىڭىز بىلەن قارشى مەيداندا تۇرغان بىر ئادەمنىڭ ھەمكارلىشىشقا قوشۇلماي قىلىشنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— شارائىت بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئادەمنى بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام مۇنداق سوئال ئۈستىدە ئويلانمىغان بولاتتىم.

— رەت قىلسامچۇ؟

— يېڭىلىك قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، جۇڭشياۋ، سىز قابىلىيەتلىك ھەم جاسارەتلىك ئوفىتسېرسىز. تاشقى پىلانېت ئادەملىرى بىلەن تۇتۇشۇشقا جۈرئەت قىلغان مەردانىلىقىڭىز سىزنى ھۆرمەت ۋە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قىلدى. يوشۇرمايمەن، بىزگە خەلقئارا رازۋېتكا ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان سىزدەك بىر ئادەم بىلەن ھەمكارلىشىش ئىنتايىن پايدىلىق. بۇنىڭ سىزگىمۇ پايدىسى بار، سىز چۈشىڭىزدىمۇ كۆرەلمەيدىغان بايلىق ۋە راھەت - پاراغەتتىن خالىغىنىڭىزچە بەھرىمەن بولالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولالايسىز. بىز ئەسلىدە بىزنىڭ پېيمىزغا چۈشكەن كۈندىن باشلاپ سىزنى يوق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدۇق. ئۈچ قېتىم قولىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىگەن بولسىڭىزمۇ، ئۆلۈم ھامان سىزگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، قۇتۇلالمايتتىڭىز. سىز مېنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقلۇقى بىلەن ئەيىبلىدىڭىز، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئادەمگەرچىلىكنى

قەدىرلەيمەن، شۇڭا بىر ئاز سەۋر قىلىپ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن. لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي جۇڭشياۋ، جاھىللىق قىلماڭ، ھەرقانداق كۈتۈشنىڭ چېكى بولىدۇ.

— مەنمۇ سىزنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى زۆرۈر تاپىمەن، ۋېرنىر ئەپەندى، — دېدى جۇڭشياۋ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — نىگارخانىمنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش بىلەن، خەلقىنىڭ غەزىپىنى يەنە بىر ھەسسە كۈچەيتىپ، نازارەتنى ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈۋالدىڭىز. ئالاھىدە ئەترەتچىلەر مېنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كۆردى. ئۇلارنى بوش چاغلىماڭ جانابىي ۋېرنىر. مېنى باش ئەگدۈرمەن دەپمۇ بىھۇدە ئاۋارە بولماڭ...

تۈرۈستا يانغان قىزىل چىراغ ۋە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ بېرىلگەن سىگنال نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئىشىك-ئىشىكلەردىن چىقىپ كەلگەن ئون نەچچىلىگەن قوراللىق ئادەم ۋېرنىرنىڭ ئالدىدا ئىككى رەت بولۇپ سەپ تۈزۈپ، قوراللىرىنى تەق قىلىپ تۇرۇشتى. جۇڭشياۋ كەينىنى قىلىپ تۇرغاچقا، زالغا كىرىپ كەلگەن ئادەملەرنى كۆرەلمەيتتى. لېكىن ئۇ ۋېرنىرنىڭ ھەيرانلىقتىن چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىگە قاراپلا، ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملىدى.

— ۋېنىرا! — ۋېرنىر تەئەججۈپ ۋە گۇمان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

— شۇنداق، جانابىي كارول، مەن ۋېنىرا.

نېمىدېگەن تونۇش ئاۋاز-ھە! نۇرۇل جۇڭشياۋ كاتىپ قىزنىڭ تىنىك ئۈچار ئايروپىلاندىكىلەرنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئالاھىدە ئەترەتچىلەر ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمەي قالغانىدىمۇ. ئۇ تىرىك قالغان بولسا ئالاھىدە ئەترەتچىلەرنىڭ كۆزىدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلغاندۇر. جۇڭشياۋ ئالاھىدە ئەترەتچىلەرنىڭ ئالۋاستى ئۇۋۇسىغا باشلاپ كېلەلەيدىغان بۇ چىشى ئالۋاستىنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا قاتتىق خورسىندى.

— قايتا كۆرۈشكىنىمىزگە ئىنتايىن خۇشالمەن. جۇڭشياۋ ئەپەندى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، مايمۇن ئويۇننى كۆرگەندەك مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرغان كاتىپ قىزنى كۆردى.

— كارول جانابلىرى، بىز ئايرىم سۆزلىشىشىمىز كېرەك.

ۋېرنىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن، مۇھاپىزەتچىلەر قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن تارقىلىپ غايىب بولۇشتى. ۋېرنىرنىڭ كۆزى جۇڭشياۋغا چۈشتى.

— بۇ ئادەم تۇرۇپ تۇرسۇن.

كاتىپ قىز نۇرۇل جۇڭشياۋنى تۇتقۇن قىلغۇچە بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۆزىنى ۋە يەنە بىر شېرىكىنى ئېتىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ چېچىلدى، ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن جۇڭشياۋ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. غەزەپلىنىش نۆۋىتى ۋېرنىرغا كەلدى. ئۇ، ۋېنىرا ساقچى تەرەپنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ئۆلدى، دەپ يالغان

ئېيتقۇچىنى يۇتىدىن باشلاپ قىيناپ چاناپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىككىسىنىڭ گەپ-سۆزىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بايقىدى.

— بۇ ئەپەندى ماقۇل بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كاتىپ قىز جۇڭشياۋغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ.

— بىز سۆزلىشىۋاتاتتۇق، مېنىڭچە، جۇڭشياۋ ئەپەندى بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ. سىزنىڭ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ئەمدى بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرىمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋنى يەنە سولاپ قويۇشتى. ئىچۈرۈلگەن، ئۇرۇلغان دورىلارنىڭ تەسىرى تارقاپ، بەدىنىنى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەتتەررەك ئاغرىق چىرمىۋالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، پۇت-قوللىرى مىدىرلىغىنى بىلەن ئۆرە بولۇشقا مادارى يەتمىدى. جەينەكلەپ سۆرىلىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالغىچە قارا تەرگە چۆمدى. دورىلار ئۇنى خاراموش قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. تۆمۈر ئىشىك ئېچىلىپ، كاتىپ قىز كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا بېشىنى سەل قىڭغايتىپ پەرۋاسىز قاراپ قويدى-دە، ئۆزى قادىلىپ ئولتۇرغان نوقتىغا تىكىلىپ جىمغىنا ئولتۇرۇۋەردى.

كاتىپ قىز ئىشكنى ئېھتىيات بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. يانچۇقىدىن تۈگمىدەك ئاق دورىنى ئېلىپ:

— بۇنى يۇتۇۋېتىڭ، — دېدى دورىنى تەڭلەپ.

جۇڭشياۋنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى.

— ئۆلسەم ئۆلىمەن... سېتىلمايمەن... — ئۇ بىردىنلا قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈتۈلمىگەن بىر غەيرەت بىلەن قىزغا تاشلاندى. كاتىپ قىز ئۆزىنى قاچۇرمىدى قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىدى. جۇڭشياۋ ئارتۇقچە كۈچىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قىزنىڭ قۇچىقىغا دۈم يىقىلدى. كاتىپ قىز ئۇنىڭ كۈچسىز تېپىرلاشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۇڭدا قىلدى-دە، ئاغزىنى زورلاپ ئېچىپ دورىنى سېلىۋەتتى ۋە دورىنى يۇتۇۋەتكۈچە ئاغزىنى ئېچىۋېلىشىغا يول قويمىدى، ئاندىن ئۇنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. جۇڭشياۋ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشكە ھەيران قالغانلىقتىن، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى. كاتىپ قىز بوينىدىن باشلاپ يۈزىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنى ئاستا-ئاستا سويۇپ ئېلىۋاتاتتى.

— زەمىرە... زەمىرە خېنىم... — دەپ تۇۋلىۋەتتى جۇڭشياۋ بىردىنلا.

— مانا ئەمدى ئۆزىڭىزگە كەلدىڭىز، — دېدى زەمىرە خېنىم كۈلۈمسىرەپ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزنى باغرىغا باستى. ھەربىر سۆيۈشۈشتىن ۋۇجۇدىغا كۈچ-قۇۋۋەت ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك بارغانسېرى جانلىنىپ كېتىۋاتقان جۇڭشياۋ، قىزنى ئۆزىدىن سەل يىراقلىتىپ قاراپ كېتەتتى-دە، قىن-قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىق، ئىچ-ئىچىدىن ئۇرلەپ چىققان مېھرى-مۇھەببەت، قانمىغان بىر

تەشنالىق بىلەن ئۇنى يەنە باغرىغا باساتتى.

قىزنىڭ بوينىدىكى مىدالىئوندىن يېشىل نۇر چاقناپ، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئاڭلانغان غۇڭۇلدىغان ئاۋاز، سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرق بولغان ئىككى قەلبنى شېرىن چۈشتىن ئويغاتقاندەك سەگىتتى.

— نۇرۇللا، — دېدى قىز ئۇنىڭ ئىسمىنى توغرىدىن توغرا ئاتاپ، — بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىمنى كېيىن ئېيتىپ بېرەي. بۇ دادامنىڭ بەرگەن سىگنالى، چاپسان بولايلى، بۇ يەردىن قانچە تېز چىقىپ كەتسەك شۇنچە ياخشى.

جۇگشياۋ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ چەبدەسلىكىگە ھەيران بولغاندەك پۇتىغا قاراپ قويدى، زەخىملەنگەن قولىنى سوزۇپ-يىغىپ باقتى، بەدىنىدە ئۇنىڭ جىنىنى قاقشاتقان ئاغرىقتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئىككى يېرىگە ئوق تېگىپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغاندا، ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ بىر سائەت ئىچىدە ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى دەرھال ئېسىگە كەلگەن جۇگشياۋ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنى ئورۇنسىز كۆردى.

— زەمىرە، — دېدى ئۇمۇ قىزنىڭ ئىسمىنى تەكەللۇپسىز ئاتاپ، — مەن بۇ يەردىن نىگار خانىم بىلەن رەنا قىزچاقنى قۇتۇلدۇرماستىن چىقىپ كېتەلمەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار ئەڭ بىخەتەر جايدا.

جۇگشياۋ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى قىز ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ چاقچاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى، — مېنىڭ تاشقى پىلانت ئادىمى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— خەۋەرلىشىش ئاپاراتىڭىزدىن پايدىلانسام بولامدۇ، — دېدى جۇگشياۋ قىزنىڭ بوينىدىكى مىدالىئونغا كۆز تاشلاپ.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئالاھىدە ئەترەتتىكىلەر بىلەن سۆزلىشىمەن، ئۇلار دەرھال يېتىپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىشى كېرەك.

— ھاجىتى يوق، بىز چىقىپ كېتىشىمىز بىلەن، بۇ ئالۋاستىلار ئۇۋىسى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.

نۇرۇل جۇگشياۋنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— زەمىرە خېنىم، — دېدى ئۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، — قورال كۈچى بىلەن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن بىز ئۆزىمىز چىقالايمىز. مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك.

— نۇرۇللا ئەپەندى، — دېدى قىزمۇ زەردە بىلەن، — بۇ يەردە ئەڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان يەتمىشتىن ئارتۇق ئادەم بار، ئۇلار چىش-تىرنىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قان ئىچىپ تويمىغان بۇ قانخورلارغا يەنە قان تۆكۈپ بېرەي دەمسىز. ئۇلار ھازىر يۆتكىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەترەتتىكىلەر يېتىپ

كەلگىچە ئۇلار كېتىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

مىدالىئون چاقناپ يەنە غۇڭۇلدىدى.

— تالىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، ئۇلار ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق دۈشمەن. يۈرۈڭ، بەش مىنۇتقىچە چىقىپ كەتمىسەك بىزمۇ تۈگىشىمىز.

ئىلاجىسىز قالغان نۇرۇل جۇڭشياۋ ئېغىر تىنىپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭغان قىزغا ئەگەشتى.

9

ماشىنا تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، نۇرۇل جۇڭشياۋ ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قوياتتى.

— بىرەرىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتامسىز، نۇرۇل ئەپەندى، — دېدى زەمىرە خېنىم ئالدىدا سوزۇلۇپ كەتكەن قاراڭغۇ يولدىن كۆز ئۈزمەي.

جۇڭشياۋ ئەندىشىسىنى يوشۇرالمىدى:

— مەن پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم، ئوت يالقۇنلىرىنىمۇ كۆرمىدىم. «تاقىرتاغ» دىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر يەر ئاستى خروئىن ياساش زاۋۇتى پارتلىغاندا، پارتلاش زەربىسىدىن پۈتۈن-سۈرۈك بىر تاغنىڭ بېلى ئۈشتۈلۈپ، 70 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى يەرنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

زەمىرە خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، قاراڭغۇدا چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ جۇڭشياۋ قىزنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى سەزدى.

— «شەپەق — 301» نىڭ چېرتيوژى ساقلانغان ئۆي ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالمىغاندۇر، نۇرۇللا ئەپەندى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ چېرتيوژ ساقلانغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئۆزگىرىشنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. شۇ چاغدا ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە ئوچۇم كۈلكە ئايلىنىپ قالغانىدى، پارتلاشنى تەتقىقات ئورنىدىكى ئەڭ سەزگۈر ئەسۋابلارمۇ سېزەلمىگەنىدى.

— شۇ چاغدا ئۆيدە چېرتيوژنىڭ بولمىغىنىمۇ ياخشى بولغانىكەن، بولمىسا بىز ئۇچراشمىغان بولاتتۇق.

جۇڭشياۋنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. زەمىرە خېنىمنىڭ «نۇرۇللا ئەپەندى» دەپ ئاتىشىدىن غەش بولغان دىلىمۇ ئېچىلدى.

— زەمىرە، — دېدى ئۇ «خېنىم» نى ئارىلاشتۇرماي ھەم شۇنداق ئاتاش بىلەن ئالۋاستىلار ئۆۋىسىدىكى شېرىن مىنۇتلارنى قىزنىڭ ئېسىغا سېلىپ، — بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىڭىزنى كېيىن سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانىدىڭىز...

www.uyghurkitap.com



— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — دېدى قىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، — سىز ساقچى مەھكىمىسىگە كەتتىڭىز. بىر ئاز ئولتۇرۇپ باقتىم، كېيىن سىز بىلەن بىللە بارمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. كۆڭلۈم يامان بىر نېمىنى سەزگەندەك قىلاتتى. ئاخىرى تېلېۋىزورلۇق كۆزىتىش ئاپاراتىمنى ئېلىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ كۆرۈپ چىقتىم، ساقچى مەھكىمىسىنى تاپقىچە بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مەن سىزنى تىك ئۇچار ئايروپىلانغا سۆرەپ ئېپكېتىۋاتقاندا تاپالدىم. كاتىپ قىز بىلەن كېچىلىك كۇلۇپتا ئۇچراشقانىدۇق، ئۇ ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ كېتىۋېتىپتۇ. ساقچى مەھكىمىسىگە يېتىپ بارغىنىمدا، دەرۋازا ئالدى ساقچىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. تىك ئۇچار ئايروپىلانىنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا سىز بار ئىدىڭىز. ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، كاتىپ قىز دارۋازا ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەلپازىدىن ئايروپىلانغا چىقالماي قېچىپ چىققانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭغا ماشىنا كېرەك ئىدى. ئايروپىلانغا ھۇجۇم قىلسام سىز خەۋپ ئىچىدە قالاتتىڭىز، شۇڭا كاتىپ قىزنى ئېلىپ كېتىشنى توغرا كۆردۈم.

— ئۇ ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ-دە.

— كەچۈرۈڭ نۇرۇللا، مەن ئۇنى ئۇسمان ئەپەندىگە ئوخشاش بەنت قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بولمىسا بۇ كەڭ كەتكەن ئېدىرلىقتىن ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىش تەسكە توختايتتى. بولمىدى دېگەندە كېچىكىپ قالاتتۇق-تە، ئۇلار يۆتكىلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەتتى.

— قانداق كىردىڭىز؟

— ئېدىرلىقتا كىچىككىنە بىر يارلىق بار ئىكەن. ئادەتتە، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمايدىغان بۇ يارلىققا تاساددىپىي كېلىپ قالغان ئادەممۇ تىرىك قايتىپ كېتەلمەيدىكەن، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ يەر ئاستى ئۇۋىسىنىڭ ئىشىكى ئەنە شۇ يارلىقتا بولغاچقا، بۇ يەر قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېدىرلىقتا يەنە بىر دۆڭلۈكمۇ بار ئىكەن. زۇرۇر چاغلاردا دۆڭلۈك ئاجراپ ئىككى تەرەپكە سۈرۈلىدىكەن. ئېچىلغان ئېغىزدىن تىك ئۇچار ئايروپىلان چۈشۈپ-چىقالايدىكەن. دۆڭلۈك ئېغىزىنى ئېچىش-يېپىش قۇرۇلمىسىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ۋېرنىردىن باشقا ئادەم بىلمەيدىكەن، — زەمرە خېنىم جىم بولۇپ كەتكەن جۇڭشياۋنىڭ قولىغا قولىنى قويۇپ بوشقىنا قىسىپ قويدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بىرەر تال گىياھمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇچىنچى نومۇرلۇق ئۆي ئاۋازسىز پارتلىغاندا، قوشنا ئۆيلەرنىڭ تام-تورۇس سۇۋاقلىرىدىن بىرەر پارچىمۇ چۈشمىگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى بۇ ئەمەس ئىدى. شۇنچە جاپا چېكىپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ ئۇۋىسىنى ئۆز قولى بىلەن ياكى ئالاھىدە ئەترەتتىكىلەر بىلەن بىللە گۇمران قىلىۋېتەلمىگىنىگە ئىچىنىڭ بىر يېرى ئېچىشاتتى.

ئۇنىڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشىدىن كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن زەمىرە خېنىم:

— سىز ھاياتىڭىزنى دوغا تىكىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋۇسىنى تېپىپ بەردىڭىز، بۇنى خەلق چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئىسپات كېرەك بولسا كاتىپ قىز تېخى ھايات، — دېدى كۆڭلىنى ياساپ.

ماشىنا يولدىن چەتكە بۇرۇلۇپ، بىرلا دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغان تاشلاندۇق ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. زەمىرە خېنىم ماشىنىدىن چۈشۈپ، سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغان جۇڭشياۋغا:

— رەنا قىزچاق بىلەن كاتىپ قىز ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە، — دېدى بوشقىنا ۋە بىردەم يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ داۋام قىلدى، — سىزگە بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئېيتىشقا مەجبۇرمەن، بۇ ئۆيدە نىگار خانىم يوق. ۋېرنىرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى ئۆيدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، بايىقى يەر ئاستى زاۋۇتىغا ئېلىپ كەلگەن. نىگار خانىم دەسلەپكى سۆھبەتتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ھوشىدىن كەتكەن. دىلارا خېنىم بىلەن مۇرات ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ يۈرگەن بىچارە مومايىنىڭ كۆزى شۇ يۇمۇلغىنىچە باشقا ئېچىلمىغان. ئەتكەسچىلەر ھەرقانچە قەبىھ بولسىمۇ، نىگارخانىمنىڭ جەسىتىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئۇنى چىرىمەيدىغان قىلىپ ئوراپ، سىرتقا ئەپچىقىپ يۇزە كۆمۈپ قويغان. بۇنى ماڭا ۋېرنىر ئېيتىپ بەردى. مەن كۆمۈلگەن يەرنى تېپىپ، جەسەتنى كۆرگىنىمدىن كېيىنلا، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى ۋە ئاستا بېرىپ ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىغا ئارقىسى بىلەن يۆلەندى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا — دىلارا بىلەن كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشكەن چاغلىرىدا، ئۆز ئانىسىدەك بولۇپ كەتكەن بۇ كۆيۈمچان مومايىنى ئون بىرىيلدىن بېرى زادىلا خىيالىدىن چىقىرالمىغانىدى. دىلارا بىلەن ئارىنى ئۈچۈق قىلىپ بۇ شەھەردىن ئايرىلغاندا، موماي بىلەن خوشلىشىپمۇ قويمىغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ قالسا، ئاچچىق يۇتۇۋالغاندەك ئىچى ئېچىشاتتى. مانا ئەمدى بۇ قەدىردان ئانىمۇ ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

جۇڭشياۋ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياشنى بارمىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— رەنا مومىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى غارالڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا.

— بىلمەيدۇ، كېيىنرەك ئېيتارمىز.

— ئەھۋالى قانداقراق؟

زەمىرە خېنىم جاۋاب بېرىشكە قىينالغاندەك دۇدۇقلىدى:

— ئۆزى ياخشى... مومىسىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىدىن شۇنداقمۇ، بىلمەيمەن... ھەركۈنى چۈش كۆرگۈدەك... يالغۇز بىر باش، يەنى ئادەمنىڭ بېشى ئۇنى

چاقىرارمىش... رەنا شۇ يەرگە بارىمىز دەپ زادىلا ئۇنىمايدۇ...

بۇ قىز ئەقلىدىن ئازغىشىپ قالدىمۇ نېمە، دېگەن دەھشەتلىك بىر خىيال نۇرۇل جۇڭشياۋنى پۇرژىنىدەك ئالدىغا ئىتتەردى.

— جىددىيلەشمەڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلگەن زەمىرە خېنىم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى، — بۇ تۇرقىڭىز بىلەن رەنانى چۆچۈتۈۋېتىسىز. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بەكمۇ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. سەللا قاتتىقراق ئاۋاز ئاڭلاپ قالسا كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ.

جۇڭشياۋ ھوشىنى يىغدى. ئىككى ئاي ئاتا-ئانىسى، مومىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىچىككىنە قىز ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن زەربىلەردىن ھەرنېمە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ زەمىرە خېنىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە زەمىرە خېنىم ئاۋۋال يۆتىلىپ قويۇپ ئاندىن ئىشىكنى چەكتى.

قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن كاتىپ قىزنىڭ ھاڭۋاقتىدەك پەرۋاسىز چىرايى كۆرۈندى. زەمىرە خېنىمنى كۆرۈپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

ئۆيدە چۈشەك سېلىنغان ئىككى كارىۋات ۋە بىر كونىراپ كەتكەن ئۈستەلدىن باشقا جاھاز يوق ئىدى. بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان سەككىز ياشلاردىكى قىزچاق، زەمىرە خېنىمنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەمنى كۆرۈپ قورققاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، كارىۋاتتىن ئاستا چۈشۈپ، قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان يەر ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا ئالاق-جالاق قارىدى. ئاڭغىچە ئىتتىك يېتىپ بارغان زەمىرە خېنىم، قىزچاقنىڭ قويۇق، دولقۇنسىمان چاچلىرىدىن سىلاپ يۈزىنى يۈزىگە ياقتى، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ:

— قورقماڭ رەنا، بۇ سىزنى قۇتۇلدۇرغان ئادەم، — دېدى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىچىنغان بىر تەرىزدە قىزچاققا سەپسالدى. ئۇنىڭ دولقۇنسىمان قارا چاچلىرى، كەڭ پېشانىسى مۇرات ئەپەندىگە ئوخشايتتى. جۇڭشياۋ مۇرات ئەپەندىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئارخىپتىكى سۈرەت ۋە دىلارا خېنىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا تارتىلغان سىنئالغۇ لېنتىسىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق پەرەز قىلدى. رەنانىڭ كۆزى، بۇرنى، يۈزىنىڭ سوزۇنچاقلىقى دىلارا خېنىمغا ئوخشايتتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن قىزچاق، ئادەمگە تولىمۇ يېقىشلىق، ئوماق كۆرۈنەتتى.

جۇڭشياۋ ئاستا بېرىپ قىزچاق ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. قىزنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ بوشقىنا:

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ، رەنا، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

رەنا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا زەمىرە خېنىمنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. زەمىرە خېنىم يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن باش

لىگشتتى. قىزچاق شۇنىڭدىن كېيىنلا جوگشياۋغا قاراپ:

— سىز ئاياز ئاكامنىمۇ قۇتۇلدۇرامسىز؟ — دېدى.

نۇرۇل جوگشياۋ نېمە دېيىشنى بىلمەي زەمرە خېنىمغا قارىدى. زەمرە خېنىم، كۆردىڭىزمۇ، قىزچاق مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ، دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ ئەمدىلا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋېدى، يان تەرەپتىن كاتىپ قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئاپىسىنى يامان ئادەملەر ئېتىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئۇنىمۇ ئېتىۋەتمەكچى بولغانىكەن، ئاياز ئاكىسى كېلىپ قېلىپ، ئاتماقچى بولغان ئادەمنى ئىسقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئاياز ئاكىڭىز ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى زەمرە خېنىم.

قىزنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

— يەر ئاستىدا، مەن ئۇنىڭ بېشىنى كۆردۈم، ئۇ مېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

قىزچاقنىڭ مومىسىنى سوراپمۇ قويماي، قانداقتۇر بىر ئادەم بېشى ۋە بۇ باشنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلىرى ئۇنىڭدىكى روھىي تەگچۆگلۈكنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ نۇرۇل جوگشياۋ ئويلىنىپ قالدى. دىلارا خېنىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆزى كېلىشكەن، لېكىن چىرايى سوغۇق بىر ئادەم مۇرات ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي دېگۈدەك يۈرەتتى. جوگشياۋ بۇ ئادەم توغرۇلۇق مۇرات ئەپەندىنىڭ ئىدارىسىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەكچى بولىۋېدى، ئۈلگۈرەلمىدى. كېيىن ئۇمىدىنى نىگار خانىمغا باغلىدى، ئەمما بۇ ئىمكانىيەتمۇ يوققا چىقتى. بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ رەسىمىنى رەناغا كۆرسەتسىلا، بىرەر ئىشنىڭ تۈۋىگە يەتكىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى پەرەز ئىدى. نۇرۇل جوگشياۋ بەزى چاغلاردا تۇيغۇسىدا ئىشىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ، رەنانى قانچە تېز داۋالاتسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى مۇھىم دەپ قارىدى.

— بۇ يەردىن چاپسانراق قوزغىلايلى، — دېدى جوگشياۋ زەمرە خېنىمغا قاراپ. ئۇ داۋالىتىش توغرىسىدىكى خىيالىنى ئېغىزدىن چىقىرىشنى ئەپسىز چاغلاپ، بۇ مەنىنى ئىما-ئىشارەت بىلەن بىلدۈردى.

— ئاياز ئاكامنىڭ قېشىغىمۇ، — رەنا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، زەمرە خېنىمنىڭ قولىغا ئېسىلدى، چىرايى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، — چاپسان بولايلى، ئۇ بار يەرنى مەن بىلىمەن، دادامنىڭ پۇتى تېپىلغان جايدىن يىراق ئەمەس.

— ماڭا قاراڭ، رەنا، بىز ئاياز ئاكىڭىزنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال شەھەرگە كىرىپ قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋالمىساق قانداق بولىدۇ، — دېدى جوگشياۋ چۈشەندۈرۈپ.

قىزچاق جاھىللىق بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

www.uyghurkitap.com

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. ئەمدى كېچىكىپ قالساق، ئاياز ئاكام گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھازىرلا بارايلى.

زەمىرە خېنىمنىڭ بويىنىدىكى مېداليون يېشىل نۇر چاقنىتىپ غۇڭۇلدىدى.

— دادام كېلىۋاتىدۇ، بىز تاڭ يورۇماستا كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ نائىلاج ئەھۋالدا قالغاندەك مەيۈسلۈك بىلەن، — سائىتىڭىز كاتىپ قىزدا، ئادەملىرىڭىزگە خەۋەر بېرىڭ، ئۇنى ئېلىپ كەتسۇن، — زەمىرە خېنىم كاتىپ قىزنىڭ بىلىكىدىكى سائەتنى ئېلىپ جۇڭشياۋغا بەردى، — مەن سىزگە بۇرۇنلا ئەسكەرتكەن ئىدىم، ئىككىمىزنىڭ بىللە ئۆتۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ پىلانېتىدىكىلەرنىڭ سىرتقا قىز چىقىرىش ئادىتى يوق. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ سىزنى بىئارام قىلغانلىقىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن. مېنى ئۇنتۇڭ، بىرگە ئۆتكەن چاغلىرىمىز بىز ئۈچۈن شېرىن چۈش بولۇپ قالسۇن.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ۋۇجۇدى تۇيۇقسىز تارقالغان ئاچچىق بىر سېزىمدىن، قىزىق تۆمۈرنى ياققاندەك ئېچىشىپ قاقشىدى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇۋېدى، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ، ئېچىنىشلىق ئىڭراشتىن باشقا زۇۋان چىقمىدى. قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتماقچى بولغانىدى، قوللىرىمۇ ئىختىيارىغا بويسۇنماي جانسىز ساڭگىلاپ تۇرۇۋەردى.

— زەمىرە ئاچا، سىز كەتمەڭ، — دەپ ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلدى رەنا، — سىزنى كەتكۈزمەيمەن. بولمىسا ئاياز ئاكامنى تاپقاندىن كېيىن سىز بىلەن بىللە كېتەي، ماقۇلمۇ،

زەمىرە خېنىم ئېڭىشىپ، رەنانىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى.

— كەتمىسەم بولمايدۇ، رەنا، — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — سىز يالغۇز قالمايسىز، نۇرۇللا ئاكىڭىز سىز بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇ باتۇر ئادەم...

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، چارباش بېشىغا كەڭ قاسقانلىق شىلەپە كىيگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك ۋىجىككىنە ئادەم كىرىپ كەلدى.

— ئوھوي جانابىي شاۋبېي، سىز بىلەن قايتىدىن كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ خۇش خۇيلۇق بىلەن جۇڭشياۋغا قول سۇنۇپ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئۇنى تونۇدى. كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان بۇ ئادەم ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇنى ئوبدانلا كولدۇرلىتىپ، بۇرنىنىڭ ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەن گۆلچى بوۋاي ئىدى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ پۇچىلانغان ھېسسىياتىنى مىڭ تەستە بېسىپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە قوندۇرالىدى.

— سىزنى نېمىدەپ ئاتىشىمنى بىلمەيمەن، ھۆرمەتلىك ئەپەندى، — دېدى بوۋاينىڭ قولىدىن مەھكەم قىسىپ، — قايتا كۆرۈشكىنىمگە سىزدىنمۇ ئارتۇق خۇشالمەن. سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن بىر ۋابا ئىلاھىنىڭ ئۇۋىسى بىتچىت قىلىندى. خەلقىمىز بۇ

خۇش خەۋەرنى ئاڭلىسا، سىلەردىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىدۇ.

— مېنى بۇرۇنقىدەكلا گۈلچى بوۋاي دەپ ئاتاۋېرىڭ، — دېدى بوۋاي قوۋلۇق بىلەن كۆز قىسىپ قويۇپ، — بىز ھەمكارلىشىپ بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. بىزمۇ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى خالايمىز، كىم ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزسە، شۇ ئادەم قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىشى كېرەك.

— تەشەككۇرىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز، ھۆرمەتلىك ئەپەندى. ئەگەر بۇجازا بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بولسا، ناھايىتى چوڭ بەدەل تۆلىگەن بولاتتۇق...

— بىزنىڭ جازايىمىز ھېلىمۇ بەدەلسىز بولمىدى، — گۈلچى بوۋاي رەناغا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى، — چۈشەندىڭىزمۇ، بىز بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلمىدۇق، بىز ئەڭ مېھرىبان بىر كىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

ئۆي ئىچى سۈكۈناتقا چۆمدى.

— ۋاقتىمىز توشۇپ قالدى. جانابىي شاڭۋېي، — دەپ جۈملىنى بۇزدى گۈلچى بوۋاي، — ئاۋۋال رەقىبلەردىن ئىدۇق، مانا ئەمدى دوست بولۇپ قالدۇق. دوستلۇقىمىزنى قەدىرلەيلى، خەيرخوش، بىز كەتتۇق، — ئۇ جۇڭشياۋنىڭ قولىنى ئېلىپ خۇشلاشتى-دە، قىزنى مېڭىشقا شەرەتلەپ ئىشىككە قاراپ قوزغالدى.

زەمىرە خېنىم رەنانى قۇچاقلاپ سۆيدى، ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان نۇرۇل جۇڭشياۋغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ، بىردىنلا ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئىسەدىدى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان چىرقىراق ئاۋاز ئۇلارنى چۆچىتىۋەتتى. رەنا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئەقلىدىن ئازغاندەك تىپچەكلەپ يىغلاۋاتاتتى.

زەمىرە خېنىم ئىتتىك كېلىپ ئۇنى باغرىغا باستى، ئىشىككە يېتىپ بارغان گۈلچى بوۋاي توختاپ تەئەججۇپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى. تېڭىرقاشتىن تېخىچە قۇتۇلالمىغان نۇرۇل جۇڭشياۋ، قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ياردەم قىلىڭلار دېگەندەك ئۇلارغا تەلمۈردى. زەمىرە خېنىم شۇ ئارىلىقتا رەنادىكى غەلىتە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىشكە ئۈلگۈردى.

— راستتىنلا غەلىتە ئىش ئىكەن، قېنى، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي.

گۈلچى بوۋاي رەنانى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىمۇ يېنىدا ئولتۇردى. ئوڭ قولىنى قىزنىڭ بېشىغا قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

ئەينەكسىز كەڭ دېرىزىدىن يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن ئاسماننىڭ، قارىيىپ تۇرغان زېمىن بىلەن تۇتاشقان بىر بۇرجىكىنىڭ ئاقىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول بويىدىكى چىراغلاردىن يورۇپ تۇرغان يول كۆمۈچ لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. سەھەرچى ماشىنىلاردىن بىرى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. تۈن قوينىدا سېھىرلىنىپ، ئېغىر بىسۈكۈتكە چۆمگەن زېمىندا ھايات باشلانغانىدى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ رەنانىڭ بىردىنلا يىغىدىن توختاپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن قاتتىقراق نەپەسمۇ ئالماي تىكىلىپ قاراپلا قالغانىدى. ئۇنى قولتۇقلاۋالغان زەمىرە خېنىمنىڭ شەھلا كۆزلىرى، گۈزەل چېھرىسىدىن بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن بىلگەن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن گۈلچى بوۋاي كۆزلىرىنى ئېچىپ، قولىنى تارتتى. رەنامۇ كۆزىنى ئاچتى.

— بۇ قىزىم يىغلاپ بىزنى توختىتىۋالمىغان بولسا، بىز بىر تىرىك جاننى سەككىز مېتىر يەر ئاستىدا مەڭگۇ تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدىكەنمىز، — دېدى بوۋاي جۇڭشياۋغا قاراپ، — يەرشارىدا بۇ قىزىمنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، نېرۋىسى بۇزۇلغان دەپ ناتوغرا داۋالاپ، كەلگۈسىدە تالانتى بىلەن تونۇلىدىغان بىر قىزنى نابۇت قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. يۇرۇڭلار، بىز ھازىرلا بېرىپ ئۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرايلى. بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ، باشقا گەپنى شۇ يەردە قىلىشارمىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ كاتىپ قىزغا قاراپ ئارىسالدى بولغانىدەك تۇرۇپ قالدى.

— ئالاھىدە ئەترەتكە خەۋەر بېرىۋېرىڭ، — دېدى رەنانى يېتىلەپ ماڭغان زەمىرە خېنىم ئۇنىڭ خىيالىنى چۈشىنىپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، ئالاھىدە ئەترەتتىكىلەر يېتىپ كەلگەندىلا، ئۇ بەنتلىكتىن يېشىلىدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ سىرتقا چىققاندا، ئۇلار گۈلچى بوۋاينىڭ ماشىنىسىغا جايلىشىپ بولۇشقانىدى. زەمىرە خېنىم جۇڭشياۋنىڭ ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ كەلگەن ماشىنىغا قاراپ-قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ ماشىنىنى سىزگە خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرىمەن، — دېدى. جۇڭشياۋ يېنىدىن ئۇرۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن شوخلۇق بىلەن كۈلدى، — ئاۋايلاڭ، بۇ ماشىنىنىڭ ئىگىسىدىن باشقا قىزلارنى سېلىپ ماڭسىڭىز سىلكىپ چىقىرىۋېتىدىغان يامان خۇيى بار.

— ماشىنىنىڭ خۇيى مېنىڭ خۇيۇمغا ئوخشايدىكەن، — دېدى جۇڭشياۋ قىزنىڭ كۆزلىرىگە غەمكىنلىك بىلەن تىكىلىپ، — ماشىنىدىلا ئەمەس، يۈرىكىمدىمۇ ئۆمۈر بويى باشقا بىر قىزغا ئورۇن يوق، زەمىرە.

زەمىرە خېنىم چاقچاق قىلغىنىغا ئەپسۇسلانغانىدەك، ئېغىر خورسىنىپ جىم بولدى.

ماشىنا يېنىك، ئەمما بىردىنلا تېز سۈرئەت بىلەن قوزغالدى. ئاقىرىپ كېلىۋاتقان ئاسماندا پەرق قىلغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۈز سىزىققا ئايلاندى. جۇڭشياۋغا ماشىنىنىڭ چاقلىرى يەرگە تەگمەي مېڭىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ماشىنا چايقالمايتتى، سىلكىنمەيتتى، ھاۋانىڭ سۈركىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋىشىلدىغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. شۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە بىر تال چېچىمۇ يەلپۈنۈپ باقمىغان جۇڭشياۋ سىرىماي تۇرالمىدى:

— كەچۈرىسىز ئەپەندى، مەن قىزىقىشمنى باسالماي قېلىۋاتىمەن. مېنى ماشىنىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ.

گۈلچى بوۋاي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— مەن سىزنى چوقۇم سورايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. پەرىزىم توغرا چىقتى، — دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بۇ، ئالەم كېمىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن قۇرۇلمىسى. بىز بۇرۇن ئۇچار تەخسە بىلەن يەرشارى ئارىلىقىدا سىز كۆرگەن «ئۇتلۇق شار»دا قاتنايتتۇق. سىلەر «شەپەق — 301»نى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، «ئۇتلۇق شار»نى ئىشلىتىشكە بولمىدى، ئۇچار تەخسىنىڭ يەر شارى بىلەن توختاش ئارىلىقىمۇ يىراقلاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئادەملىرىمىزنىڭ ئۇچار تەخسىدىن يەر شارىغا كېلىپ-كېتىشىمۇ قىيىنلاشتى. ئادەملىرىمىز بۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالالمايدۇ-دە، چانابىي شاگۆيې. كېيىن ئالىملىرىمىز يەردە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان، ئالەمدە نۇر تېزلىكىدە يۈرەلەيدىغان بۇ ماشىنىنى لايىھەلەپ ياسىدى. سىلەرگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. «شەپەق — 301» كەشىپ قىلىنمىغان بولسا، بۇ ماشىنىمۇ تۇغۇلمىغان بولاتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئىنسانلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئالەمگە ھەيۋىسىنى كۆز-كۆز قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇچار تەخسىنىڭ يەر شارىدىكى گۈش-قېنى بار جانلىقلىقىنى باشقا، ھەرىكەتتىكى نەرسىلەرنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان قۇدرىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇچار تەخسىنى بايقىغاندىن بۇيان بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى باش قاتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. «شەپەق — 301» ئۇچار تەخسىنى يەر شارىغا يېقىنلىشالمايدىغان قىلىپ قويدى، ئارىلىقتىكى قاتناش قورالى بولغان «ئۇتلۇق شار»نى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. لېكىن ئىككى ئاي بولار-بولمايلا «ئۇتلۇق شار»نىڭ ئورنىنى ئادەتتىكى كىچىك ماشىنىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئالەم كېمىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ئالەم تېخنىكىسى مۇشۇنداق تېز تەرەققىي قىلسا، بىر يىل، يېرىم يىل ئىچىدە «شەپەق — 301»دىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان يېڭى بىر كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىغا گۇمانلىنىشقا بولمايتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئالىم ئەمەس ھەربىي ئادەم ئىدى. پەن تەتقىقات ئورنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەيىنلەنگەندىن كېيىنلا، ئۇ ئالىملارنى چۈشەندى، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يەتتى. ئالىملارنىڭ بىر كەشپىياتنى يارىتىپ شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقى، كېچە-كۈندۈز ھاردىم-چارچىدىم دېمەي ئىزدىنىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇنىڭ ئۆزى ئۇنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويىدى...

— كەلدۇق...

www.uyghurkitap.com

نۇرۇل جۇگشياۋ خىيالدىن ئويغىنىپ ئەتراپىغا سەپسالدى. ئەلك ئاۋۋال بەش يۈز مېترچە نېرىدا قارىيىپ تۇرغان تاغ كۆزىگە چۈشتى. تاغ خۇددى بەھەيۋەت ئىككى مەخلۇق بىر-بىرىگە خىرس قىلىپ يېقىنلىشىۋاتقاندەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بۆلۈنگەن ئارىلىق يەر بىلەن تەكشىلىنىپ كەتكەنىدى. جۇگشياۋ بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ-كەتكەن، ھەم تارتىلغان سۈرەت، سىنئالغۇ لېنتىلىرىدىن تولا كۆرۈپ كۆزىگە سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى شۇ ھامان تونۇدى. بۇ تاغ رەنانىڭ دادىسى گېئولوگ مۇرات ئەپەندى پارتىلىتىۋەتكەن «تاقىر تاغ» ئىدى.

گۈلچى بوۋاي رەنانىڭ بېشىغا قولىنى يەنە قويۇپ، كۆزىنى بىردەم يۇمۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ئالدىغا ھەيدىدى. جۇگشياۋ شۇ چاغدىلا ماشىنىنىڭ يەر يۈزىدىن تۆت مېترچە ئېگىزدە تۇرغانلىقىنى ۋە كېتىۋېتىپ ئاستا-ئاستا پەسلەۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

بوۋاي ماشىنىدىن چۈشۈپ ئون بەش مېترچە يىراقلىقتا — ئۆزى نىشان قىلغان يەردە توختىدى. ئاندىن پۇتلىرىنى كېرىپ تۇگۈلدى، قىزارغان كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى نۇر تاياقچىسى يەر بېتىنى كۆيدۈردى. ئۇ بىردىنلا شۇنداق تېز پىرقىرىدىكى، نۇر تاياقچىلىرى نۇر چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلىپ تۇتۇن كۆتۈرۈلدى. بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەر باغرىنى ئويۇپ كىرىپ كەتتى، ئويۇلغان يەردىن چىققان چاڭ-توزان ئەتراپنى بىر ئالدى.

نۇرۇل جۇگشياۋ ئەس-ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە، بوۋاي تىك پېتى كامىردىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بىر قولىدا ئادەم بېشىنى يۆگەپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، باشنىڭ كارنىيىدىن ئۇزۇن-قىسقا ئۈزۈلگەن ئون نەچچە تال ئىنچىكە سىم ساڭگىلاپ تۇراتتى. بوۋاي بوش قولىنى يەر بېتىنى سىلىغاندەك ئايلاندۇرۇپ چىققانىدى، ئەتراپقا چېچىلغان قۇم-توپا، شېغىللار سۈمۈرۈلگەندەك كامارغا تۆكۈلۈپ، كامار ئېغىزى بىردەمنىڭ ئىچىدە يەر يۈزى بىلەن تەكشىلەندى. ئۇ شۇندىلا ئورنىدىن قوزغىلىپ، باشنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە رەنانىڭ ئالدىدا توختىدى.

— قىزىم، سىز قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ، — دېدى باشنىڭ يۈزىنى رەناغا قارىتىپ.

— ئاپاز ئاكا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى رەنا ۋە باشنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىن سىلاپ، چاچقا يېپىشىپ قالغان توپا-توزانلارنى قېقىشتۇردى، تۇرقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— رەھمەت سىزگە رەنا، ئەجرىم بىكار كەتمەپتۇ، — دېدى باش زۇۋۇاغا كېلىپ ئاھاڭىدىن ئۇنىڭمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن چىرايىدا خۇشاللىقنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكە دىدارى يوق ئىدى.

زەمىرە خېنىم باشنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ بېرىپ، يەردىن يېرىمى چىقىپ تۇرغان

تاش ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ قويدى.

— خوش ئەپەندى، ئەمدى بىز تونۇشۇپ قويايلى، — دېدى بوۋاي ئېغىز ئېچىپ، ئۇ تىزىغا تەگكۈلىشىپ تۇرغان باشنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشنى ئەپسىز چاغلىدىمۇ، توپىلىق يەرگە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ئاندىن زەمرە خېنىم، جۇڭگىشياۋنى تونۇشتۇرۇپ، نۆۋەت رەناغا كەلگەندە، — ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— خانىملار، ئەپەندىلەر، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈمگە روخسەت قىلغايسىلەر، — دېدى باش ئاۋازلىق قىلىپ، — مەن گېئولوگ مۇرات ئەپەندىنىڭ دوستى — ماشىنا ئادەم لېرىخ بولىمەن، — ئۇنىڭ بوينى ئېگەككە يېقىن جايدىن ئۈزۈلگەنلىكتىن، گەپ قىلغاندا ئېگىكى تاشقا تېگىپ قالاتتى.

— رەنا قىزىم سىزنى ئاياز دەپ ئاتىدى، سىز ئۆزىڭىزنى لېرىخ دەۋاتىسىز، بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولار، مۇھتەرەم ئەپەندى.

— لېرىخ — مەن ياسالغاندا قويۇلغان ئىسىم. يەر شارىغا كەلگىنىمدىن كېيىن ئىسمىمنى ئىكرامغا ئۆزگەرتتىم، بىراق ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتىم. تۇپراقتا ئون بىر يىل كۆمۈلۈپ ياتقىنىمدىن كېيىن، بىر مۆجىزە بىلەن تىرىلىپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىسمىمنى ئايازغا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى.

— دېمەكچى، سىز ئىككى قېتىم ئۆلۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلىپسىز-دە؟

— رەھمىتىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن، ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلىشىمگە سىلەر سەۋەبچى بولدۇڭلار. بىراق بۇ قېتىمقى تىرىلىشىم ئاۋۋالقىسىدەك بولمىدى، مەن گەۋدەمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

نۇرۇل جۇڭگىشياۋ قورقۇپ كەتكەندى. تېنىدىن جۇدا بولغان بىر باشنىڭ يەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇقىمۇ زۇۋانغا كېلىشى ھەرقانداق يۈرەكلىك ئادەمنىمۇ قارا تەرگە چۆمدۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ماشىنا ئادەمنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، جۇڭگىشياۋدىكى قورقۇش ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى.

— كەچۈرسىز، مەن بەكمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن. سىز قانداقلارچە مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراشنى داۋام قىلدى بوۋاي.

— شۇنداق زور بىر تاغنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرغانلىقى دىققىتىڭىزنى تارتمىدىمۇ، — دېدى لېرىخ قاش-كۆزى بىلەن تاغ تەرەپنى ئىما قىلىپ، — مۇشۇ تاغنىڭ ئاستىغا تاشقى پىلانت ئادەملىرى بىر بازا قۇرغان، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر ئالەم كېمىسىمۇ بار ئىدى. مۇرات ئەپەندى ئىككىمىز ئۇلارنى بايقاپ قالدۇق، ئۇلار يەر شارىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىز ئۇلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇپ ئاخىرى يەڭدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ماشىنا ئادىمى دىققەتسىزلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، بازىنى پارتلىتىۋېتىشكە ئۈلگۈردى. مۇرات ئەپەندى قازا بولدى، مەن پۇت-قوللىرىمدىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ قالدىم.

پارتلاش ھەققىدىكى گەپ نۇرۇل جوڭشياۋنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ مەقسىتى «تاقىرتاغ»دا يۈز بەرگەن پارتلاشنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىش ئىدى. ئۇ، بۇ سىرنى، پەقەت رىۋايەت-ئەپسانىلاردىلا ئۇچرايدىغان ئادەم بېشىدىن ئاڭلاشنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. بۇ باش يەنە ئىنكرامنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، ئۆزىنى مۇرات ئەپەندىنىڭ دوستى دېدى، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ دىلارا خېنىمنىمۇ بىلىدۇ.

جوڭشياۋ ئاستا كېلىپ گۈلچى بوۋايغا ئوخشاش چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى لېرىخنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ نېمىدېگەن سوغۇق، ھېسسىياتسىز كۆزلەر-ھە! ئارخىپتىكى سۈرەتلەردە مۇرات ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرگەن ئادەمنىڭ قارىشىمۇ ئەنە شۇنداق سوغۇق ئىدىغۇ.

گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن جوڭشياۋنى، گۈلچى بوۋايىنىڭ بوۋايلارغا خاس ئەزمىلىك بىلەن داۋام قىلغان سوئالى توختىتىپ قويدى:

— لېرىخ ئەپەندى، مەن گەپنى ئۇچۇق قىلىدىغان ئادەم. سىز ھازىر يەر شارىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەن تاشقى پىلانىت ئادەملىرى توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالدىڭىز. مېنىڭمۇ تاشقى پىلانىت ئادىمى ئىكەنلىكىم سىز ئۈچۈن سىر ئەمەس. سىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆلتىماس قىلىمەن، سىز ئاشۇ يامان نىيەتلىك ئادەملەر توغرىسىدا بىلگەنلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئارىمىزدا يەرشارى ئادەملىرى بار. ئەگەر بۇ ئىش ئايدىڭلاشمىسا، يەرشارى ئادەملىرى بىزگە نىسبەتەن تۈرلۈك ناچار چۈشەنچىلەردە بولۇپ قالىدۇ. سۆزلەپ بېرىڭ، بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ بەدىلىگە قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىمەن.

لېرىخ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغاندەك كۆزىنى ئاستا يۇمدى.

قىسىدىن سوغۇرۇلۇشقا باشلىغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى «تاقىر تاغ»نىڭ چوققىلىرىغا بىلىنەر-بىلىنمەي يېيىلماقتا ئىدى. سەھەرنىڭ يېنىك سوغۇق شامىلى تېخى يېقىندىلا تۈزلەنگەن دەل-دەرەخسىز دالادا توسقۇنسىز ئۇچۇپ، ئارىلاپ بوش توپىلارنى قوزغىتىپ چاڭ كۆتۈرەتتى. يىراقتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ قاغا دەم غۇيۇلداپ پەسلەپ، دەم كۆتۈرۈلۈپ بىرقانچە قېتىم ئايلاندى-دە، ئادەم، ماشىنىلارنى كۆرۈپ سەپىرىنى داۋام قىلدى.

زەمرەد خېنىم ئىككى چاپان ئېپكېلىپ، رەنا بىلەن جوڭشياۋغا يېپىنچاقلاپ قويدى. رەنانى قۇچاقلاپ، جوڭشياۋنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى.

لېرىخ كۆزلىرىنى ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، نەپەسنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن تاش ئۈستىگە قونغان توپا قوزغىلىپ توزان بولۇپ تەۋرەندى.

— مەن ئويلاندىم، — دېدى ئۇ ۋەزمىنلىك بىلەن، — يەر شارىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى سىز نازۇك

بىرمەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدىڭىز. سىزنىڭ بۇ ئەپەندى بىلەن، — ئۇ كۆزى ئارقىلىق جوڭشياۋنى كۆرسەتتى، — دوستلارچە بىللە يۈرگەنلىكىڭىز، ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق-قارىنى ئايرىپ بېرىشنى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تەلەپ قىلغانلىقىڭىز، سىزنىڭ ئادىل، ھەققانىيەتچى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. سۆزۈمگە گۇمانلىنىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئازغىنا ئىزاھات بېرىپ قويغۇم بار. مەن ئادەتتىكى ماشىنا ئادەم بولماستىن، يۈكسەك دەرىجىدىكى تېخنىكا ئارقىلىق، پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنىپ ياسالغان ماشىنا ئادەممەن. مەن، سىز ئولتۇرغان مۇشۇ تۇپراققا ئون بىر يىل كۆمۈلۈپ يېتىپ، ئىنسانلارنىڭ جېنىغا جان قوشۇۋاتقان تۇپراقنىڭ ھىدىنى ئۆزۈمگە سىڭدۈرگەنمەن. مېنىڭ تومۇردىن قۇرۇلغان جىسمىمۇ مۇشۇ زېمىندىن چىققىدىغان مەدەندىن جان ئالالايدۇ. ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ۋاقتىڭىزنىڭ قىسلىقىنى بىلگىنىم ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر قىسقا، ئېنىق سۆزلەشكە تىرىشىمەن. ئۇنداق بولسا ئىنسان تەبىئتىگە مەھلىيا بولۇپ، بۇ گۈزەل زېمىنگە مېھر-مۇھەببەت باغلىغان، ھەم ئۇنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغان ماشىنا ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار.

لېرىخ «چاقماق» ناملىق ئالەم كېمىسىدە كېتىۋېتىپ، پالاكەتكە ئۇچرىغان باشقا بىر ئالەم كېمىسىدىن ئىنسان بالىسىنىڭ جەسىتىنى تېپىۋالغانلىقى، سەييارە ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇنى جەسەتنىڭ سىياقىدا ياساپ يەر شارىنى تېپىشقا ئەۋەتكەنلىكى، يەر شارىدا گۈزەل قىز دىلارا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئون بىر يىلدىن كېيىن تىرىلىپ چىققانلىقى، گىئولوگ مۇرات ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ، يەرشارىنى ئاسارەتكە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن تاشقى پىلانت كىشىلىرى بىلەن تۇتۇشقانلىقىنى سۆزلەپ كېپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، «تاقىرتاغ» چوققىلىرىغا قونغان قۇياش، زېمىننى ئالتۇن سۇيى پۈركۈگەندەك قىزارتقانىدى.

نۇرۇل جوڭشياۋنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك بىر ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. ئىنسانلارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ماشىنا ئادەم ۋە بىر ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزىنى ئاتىغان پىداكارانە روھىي قەلبىدە ئۆركەشلەپ، ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇۋەتتى.

— سىزنىڭ مەردانىلىقىڭىزغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ قەددىنى ھەربىيلەرگە خاس تىك تۇتۇپ. — سىزنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى رەنا ئىككىمىز تۇنجى بولۇپ ئاڭلىدۇق، شۇڭا ئىنسانلارغا ۋەكالىتەن، سىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىڭ، — ئۇ پۇتلىرىنى تاق قىلىپ جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى، — سىز يەر شارى خەلقىنىڭ شان-شەرىپىگە ئىگە بولۇشقا ھەقلىقسىز. مەن ھۆكۈمىتىمىزگە دوكلات سۇنۇپ، سىزدەك بۈيۈك تۆھپىكارنى خەلقىمىزگە تەنتەنە بىلەن جاكارلاشنى تەلەپ قىلىمەن.

باش بۇ گەپنى ماقۇل كۆرمىگەندەك بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرەندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مۇنداق شان-شەرەپ دىلارا خېنىم بىلەن مۇرات ئەپەندىگە مەنسۇپ بولسا توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى مېنىڭ ئۆزگىرىشىمگە ئۇلاردىكى بۈيۈك ئىنسان پەزىلىتى سەۋەب بولغانىدى. مېنىڭچە ئۇلارنىڭ روھى ئۆز خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمىتىدىن رازى. سىزنىڭ ھۆكۈمەتكە دوكلات سۇنۇش ئىشىڭىزغا كەلسەك، مەن مۇنداق قىلىشىڭىزنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ھۆكۈمىتىڭىز مېنىڭ ئىشىمغا قارىغاندا، ساق قالغان بېشىمنى تەتقىق قىلىشقا كۆپرەك قىزىقىپ قالىدۇ. بۇ ھەر ئىككىمىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

— ئاقىلانە گەپ، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى گۈلچى بوۋاي.

— يەنە، مېنىڭ گەۋدەمنى ياساپ ئاياغقا تۇرغۇزۇشمۇ ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— شۇنداق قىلىنغان بولسا، سىز ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلار خىيال قىلىپ باقمىغان زور ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن بولاتتىڭىز.

— ئېسىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى لازىم تاپمەن، ھۆرمەتلىك ئەپەندى. مەن كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، سىز مېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەرگەنىدىڭىز.

— مەن تەلىپىڭىزنى كۈتۈۋاتىمەن.

— چېچىلىپ كۆمۈلۈپ كەتكەن ئەزالىرىمنى يىغىشقا ئامالسىز مەن. ئەمما ئۆزۈمنى ئاياغقا تۇرغۇزۇشنىڭ تەپسىلاتىنى ياخشى بىلمەن. مېنى ئۆرە قىلىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كېلىدۇ. بىرلا شەرتىم بار، مېنىڭ يەر شارىغا قايتىپ كېلىشىمگە يول قويۇلۇشى كېرەك.

— سەييارىمىز ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى قەدىرلەيدۇ، ھۆرمەتلىك لېرىخ ئەپەندى. ئىشىنىمەنكى، سىز كەلگۈسىدە يەر شارىنىڭ پىلانىتلار ئارا تىنچلىق ئەلچىسى بولۇپ قالىسىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىپ، لېرىخنىڭ بېشىنى گۈلچى بوۋاينىڭ ئېلىپ كېتىشىنى توغرا تاپتى.

— ئەلۋەتتە، سىزنىڭ پىكرىڭىزنىمۇ ئېلىشىمىز كېرەك جانابىي شاگۈيى. مېنىڭچە سىز ياق دېمەيسىز، شۇنداقمۇ، — دېدى بوۋاي جۇڭشياۋغا قاراپ.

گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان زەمىرە خېنىم جۇڭشياۋنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى:

— ماقۇل دەڭ نۇرۇللا، — دېدى ئۇتلۇق بېقىش بىلەن تەلمۈرۈپ، — ئۈمىدسىزلەنگەن كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، بىز يەنە...

— سىلەر يەنە ئۇچرىشىسىلەر، — ئۇلارغا كۆزى چۈشۈپ قالغان لېرىخنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، بۇ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگىنى ئىدى، — مەن مۇھەببەت ئەلچىلىكىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالالايمەن. مۇھەببەت ۋە قوشۇلۇش سەييارىلەر ئارا چۈشەنچىنى تېزلىتىدۇ ھەم

چوڭقۇرلىتىدۇ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لېرىخ ئەپەندى. مەنمۇ سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلىمەن.

ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كەتكەن زەمىرە خېنىم جۇڭشياۋنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە ياقتى.

— ناھايىتى خۇشالمەن، گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى، خۇدا خالىسا كېيىنكى ئىشلىرىمىزمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. بىز ئەمدى قوزغىلايلى، بۇ يەردە قىلغۇدەك ئىشمۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ.

بوۋاي شۇ گەپ بىلەن تەڭ لېرىخنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ تاش ئۈستىدىن ئالدى.

— نۇرۇللا ئەپەندى، — ئەمدىلا قوزغالغان بوۋاي لېرىخنىڭ گېپى بارلىقىنى بىلىپ توختىدى، — نىگار خانىمنىڭ تەقدىرى ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ غەمكىن بىر ئاۋازدا، — ئامال قىلالمىدىم. رەنانى سىزگە تاپشۇرىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئۇ كەلگۈسىدە ئاجايىپ تالانتلىق بىر قىز بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بىز قايتا كۆرۈشكەندە رەنانى سىز بىلەن بىللە كۆرۈشنى خالايمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، لېرىخ ئەپەندى، مەن بۇنىڭغا ۋەدە بېرىمەن.

— چاپسانراق قايتىپ كېلىڭ، ئاياز ئاكا، — دېدى رەنا ئۈمچىيىپ، — بوۋامنى، زەمىرە ئاچامنى بىللە ئېلىپ كېلىڭ، بىز ھەممىمىز بىللە تۇرايلى.

— بۇ كۈنلەر يىراق ئەمەس، رەنا. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشايمىز.

گۈلچى بوۋاي كېتىۋېتىپ جۇڭشياۋغا:

— ئۆزىڭىزنى مەھكەم تۇتۇڭ يىگىت، ئۈمىدۋار بولۇڭ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

زەمىرە بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ، جۇڭشياۋنىڭ چىمەلتىكىگە سېلىپ قويدى، نۇرۇل جۇڭشياۋ سائىتىنى يېشىپ، زەمىرە خېنىمنىڭ بىلىكىگە تاقىدى.

— سىزنى كۈتىمەن، ئاخىرقى نەپەسىمگىچە كۈتىمەن، — دېدى ھاياجان بىلەن.

— بىزنىڭ سەييارىدىكى قىزلارنىڭ ئادىتى بويىچە، بىر قىزنىڭ ئۈزۈكى بىر يىگىتنىڭ قولىغا ئۆتسە، ئۇ قىز باشقا بىرىگە مەنسۇپ بولمايدۇ، — دېدى زەمىرە.

— خەير-خۇش، يەر شارى، — دەپ ئاخىرقى قېتىم ئۈنلۈك خىتاب قىلدى گۈلچى بوۋاي ماشىنىغا چىقىپ.

ماشىنا توپىنى پۇرقىرىتىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بوشلۇقتا كۆتۈرۈلدى ۋە نۇرۇل جۇڭشياۋ، رەنانىڭ ئۈستىدىن بىر ئايلاندى-دە، «تاقىرتاغ»نى ئايرىپ تۇرغان بوشلۇقتىن ئۆتۈپ، قىزىرىپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇياشقا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئابدۇۋەلى قادىر

# كەگسايدىكى قانلىق جەڭ

(تارىخىي ئوچېرك)

1945-يىلى فېۋرالنىڭ باشلىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرى بىلەن سۈيدۈڭ، قورغاس ناھىيىلىرى كەينى-كەينىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى تەلكە تېغى ئىچىگە مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، بىر تەرەپتىن پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچ توپلاپ، غۇلجا شەھىرىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئويىدا بولۇۋاتاتتى. دۈشمەن قىسىملىرىغا ئۈرۈمچى تەرەپتىن تۈركۈملەپ ياردەمچى كۈچ كېلىۋاتاتتى.

دۈشمەننىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن پارچىلاپ يوقىتىپ ئۈرۈمچىگە يول ئېچىش ئۈچۈن، پارتىزانلار باش شتابى بىرقانچە جەڭگىۋار ئەترەت تەشكىللەپ تەلكە تېغىغا ئەۋەتتى. تەلكىگە يۈرۈش قىلغان بۇ ئەترەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى تاشيول بويلاپ دۈشمەنگە ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى چەيلە، گىزدە بۇيرۇق كۈتۈپ قالدى.

دۈشمەن كەگساي ئىچىگە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالغاچقا ئۇرۇش بىرقانچە كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. تەلكە تېغىدىكى جەڭ ئەھۋالىدىن كۈندە مەلۇمات كېلىپ تۇراتتى. بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان پارتىزانلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭگە قاتنىشالمىغانلىقىدىن تىت-تىت بولاتتى.

بىر كۈنى كەچتە تۇيۇقسىزلا ئەترەت كوماندىرى پۈتۈن ئەترەتنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى.

— سەپداشلار، — دېدى كوماندىر سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، — بىزنىڭ نەچچە كۈندىن بېرىقى تەلپىنىمىز ئىجاۋەت بولدى، بۈگۈن كېچە تەلكىگە قاراپ يولغا چىقىمىز، — ئۇ جەڭچىلەرنىڭ رايىنى سىناۋاتقاندەك، بىر دەقىقە جىم تۇرۇپ قالدى. جەڭچىلەر خۇشاللىقىدىن «ئۇررا» دەپ توۋلىۋەتتى.

— ئەمىسە، تەييارلىق قىلىڭلار، كەچلىك تاماق يەپلا ماڭىمىز.

جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى باش-كۆزلىرىنى

يۈيۈشتى، بەزىلىرى نەرسىلىرىنى يىغىش-
تۇرۇشتى، ھەممىسىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى،
كەچ سائەت سەككىزلەر بىلەن ئەترەت
يولغا چىقتى. ئەترەتتە ئۇيغۇر، قازاق،
ئۆزبېك، تاتار، رۇس مىللەتلىرىدىن بولۇپ
ئاتمىش پارتىزان بار ئىدى.

سوغۇق كۆچىيىپ تېمپېراتۇرا نۆلدىن
تۆۋەن قىرىق گرادۇسقا چۈشكەنىدى.
تۆكۈرگەن تۆكۈرۈك يەرگە چۈشكۈچە
توڭلاپ قالاتتى. ئاز ماڭمايلا ھەممەيلەننىڭ
ساقال-بۇرۇت، قاش-كۆزلىرىنى ئاپئاق
قىراۋ باغلاپ كەتتى. ئاياغ ئاستىدىكى
قاردىن چىققان غىچىرلىغان ئاۋاز خۇددى
بىر ئوركېستىر مۇزىكىسىدەك ھەيۋەتلىك
ئاڭلىناتتى.

لەتىپ غاپپاروۋنىڭ مۆرىسىدە قول
پىلموتى بار ئىدى. يول ئۇزارغانسېرى
پىلموت ئېغىرلىشىپ ئۇنىڭ مۆرىسىنى باسات-
تى. لېكىن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ
ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلىشى بىلەن ھارغىنلىقى
بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئەتىسى كەچ
سائەت توققۇزلار بىلەن ئەترەت كەڭسايغا
كىرىپ كەلدى.

ئۇلار كەڭساي ئىچىدە دەم ئېلىشقا
توختىدى. ھايال ئۆتمەي ئالدىنقى سەپ
پارتىزان قىسىملىرىنىڭ شتاب باشلىقى
ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

— پارتىزان قېرىنداشلار، — دېدى
شتاب باشلىقى جەڭچىلەرگە قاراپ،
جەڭچىلەر شتاب باشلىقىغا ھۆرمەت
بىلدۈرۈپ دەرھال دىققەتتە تۇردى، —
بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىمىز بۇ
جايدىن بىر كىلومېتىر نېرىدا، دۈشمەن
ئالدىمىزدىكى ئەرتەيگە بېكىنىۋېلىپ،
تانكا، برونېۋىكلار بىلەن بىزگە ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. يولنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىكى قارىغايلىق ئىچىدە دۈشمەننىڭ
ئىستىھكاملىرى بار، ئۇلار تىنماي ئوت ئېچىپ
تۇرۇۋاتىدۇ. تاڭ يورۇشى بىلەن دۈشمەن-
نىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا
بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىشىمىز
كېرەك. ئەھۋال شۇنداق، ھوشيار
تۇرۇڭلار!

بۈگۈن كېچە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى
ئاڭلاپ، غاپپاروۋنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمە-
دى. غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا
قاتنىشىپ، ئۇنىڭ يۈرىكى خېلى توختىغان
بولسىمۇ، تۇرۇپلا ئۇنى سۈر باساتتى.
غاپپاروۋ ھەر خىل ئوي-پىكىرلەر بىلەن
قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى.
بىر چاغدا «تۇرۇڭلار» دېگەن كوماندا
بېرىلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ،
كىيىملىرىنى تېز كىيدى-دە، قورالىنى ئېلىپ
سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى.

كوماندىر قاققان قوزۇقتەك سەپ
تۈزۈپ تۇرۇشقان جەڭچىلەرگە تەكشى
قاراپ چىقتى.

— سەپداشلار! سائەت ئۈچ بىلەن
دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلىنىدۇ. بۇيرۇق
بويىچە بىزنىڭ ئەترەت ئالدى بىلەن
ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئوت
ئېچىشقا، ئۈنلۈك گەپ قىلىشقا، تاماكا
چېكىشكە روخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمىسە،
ھازىر تاماق يەۋېلىڭلار.

سائەت ئۈچ بولغاندا ئەترەت قوزغال-
دى. بىر كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ ئالدىنقى

uyghurkitap.com

سەپ پوزىتسىيىسىگە يېتىپ كەلدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئۇياق-بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرگىلا قاراپ، پۈتۈن پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى، ھازىرلا جەڭ باشلىنىدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى.

جەڭگىۋار ئەترەت ئالدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسىدىن ئۆتۈپ، تاشيول بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ھەممە لام-جىم دېمەي ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ماڭاتتى. ئاز ماڭمايلا يولنى قېلىن قار تورۇۋالدى. ئۇلار ئامالسىز تاشيولدىن چىقىپ، يوقىرىلاپ بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن يەنە تۆۋەنگە چۈشتى. تۆۋەنگە چۈشكەن يەردە تىندۇرۇۋەتكەن قار ئادەم بويى قېلىنلىقتا ئىكەن. يەنە بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار قار يوق تاشيولغا چىقىشتى. تاشيولنى بويلاپ ئىككى يۈز مېتىر مېڭىپ، بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە، ئالدى تەرەپتە بىر قارا نەرسە كۆرۈندى. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاپ كەلدى.

— ھوي، بۇ برونېۋىك ئىكەن! — دېدى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ.

جەڭچىلەر برونېۋىكنى ئورىۋالدى، ئۇلارنىڭ كۆپى تېخى برونېۋىكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— بۇ بۇزۇلۇپ توختاپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى غاپپارووۋ برونېۋىككا قىزىقىپ، — بىزدىمۇ مۇشۇنداق برونېۋىك، تانكىلار بولغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!

— توختاڭلار، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئادەم بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى كىمدۇر بىرى برونېۋىكنى ئاستا چېكىپ بېقىپ.

بىردىن برونېۋىك گۈرۈلدىگەندەك قىلىپ توختاپ قالدى. ھەممە ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ تۇرۇپ قالدى.

— راستىلا بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بار ئوخشايدۇ، ئۇنى ئوت ئالدۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى كوماندىر بىردىن سەگەكلىشىپ.

برونېۋىك يەنە گۈرۈلدەپ توختاپ قالدى. سوغۇقتا ئۇنىڭ ماتورى توڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، زادىلا ئوت ئالمايۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ قارىسىغىلا ئوت ئاچتى. ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا ئوڭ تەرەپتىكى قارىغايلىق ئىچىدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىدىن ئوق ياغدۇردى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان پارتىزان ئەترەتلىرىمۇ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى.

ئەترەت ئوتتۇرىدا قاپسىلىپ قالدى. ئامالسىز ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. بىر قىسىم جەڭچىلەر سول تەرەپتىكى تاغقا يامىشىپ چىقىپ كەتتى. بايىقى برونېۋىكتىكى دۈشمەن ئەسكىرى برونېۋىكتىن چىقىپ قاچماقچى بولغانىدى، كىمدۇر بىرى ئۇنى جايىدىلا ئېتىپ تاشلىدى.

غاپپارووۋ ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. قولىدا پىلىموت بولغاچقا ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ تاغقا چىقالمىدى.

— غاپپارووۋ، پىلىموتنى ماڭا بەر، —

دېدى بەنجاڭ ئەسقەت تېپىپۋ ئۇنىڭ
تاغقا چىقالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — سەن
مېنىڭ ئاپتوماتىمنى ئېلىپ كەلگەن يول
بىلەن ئابارونغا قايت!

غاپپارووۋ پىلموتنى ئۇنىڭغا بېرىپ
ئاپتوماتنى ئالدى. بەنجاڭ پىلموتنى ئېلىپ
تاغقا يامىشىپ چىقىپ كەتتى. تاغقا چىقا-
ۋالغان جەڭچىلەر تېزلىكتە دۈشمەن
ئىستىھكاملىرىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى. تاغقا
چىقالمىغانلار بولسا جەڭ قىلغاچ چېكىندى.
غاپپارووۋ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ
قالغانىدى. شۇ ئارىلىقتا ئوڭ تەرەپتىكى
قارىغايلىقتىن بىر روتىغا يېقىن دۈشمەن
ئەسكىرى چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئۇدۇل
غاپپارووۋ تەرەپكە، « شا » دېيىشىپ
كېلىۋاتاتتى. غاپپارووۋ يۈگۈرۈپ برونېۋىكنىڭ
ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى ۋە برونېۋىكنى دالدا
قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئاپتوماتتىن ئوت
ئاچتى. ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان
دۈشمەن ئەسكىرىدىن بىرقانچىسى كەيني-
كەينىدىن يىقىلدى، قالغانلىرى ئارقىغا
قاراپ قاچتى.

غاپپارووۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
كەينىگە چېكىندى. ئۇ بايا ئۆزلىرى مېڭىپ
كەلگەن. قېلىن قار دۆۋىسىگە يېتىپ
كەلگەندە دۈشمەن ئەسكەرلىرى يەنە
ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. قار قېلىن بولغاچقا
غاپپارووۋ شۇنچە تىرىشىپمۇ يۇقىرىغا چىقالمى-
دى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېقىنلاپلا
قالدى. ئاخىر غاپپارووۋ: بەربىر بىر ئۆلۈم،
بىكار ئۆلگۈچە ئېتىشىپ ئۆلەي، دەپ
ئويلىدى-دە، قارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تىزلىنىپ
تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارىتىپ ئوت ئاچتى.

بۇ نۆۋەت دۈشمەن يەنە بىرنەچچە
ئەسكىرىنى چىقىم بېرىپ چېكىندى.
غاپپارووۋ يەنە يۇقىرىغا ياماشتى. بىراق،
ئەمدىلا چىقاي دېگەندە تۆۋەنگە سىيرىلىپ
كەتتى. ئىككى ياندىكى قېلىن قار ئۇنىڭغا
تەبىئىي ئاكوپ بولغانىدى. پەقەت ئالدى-
دىن كەلگەن دۈشمەنلا ئۇنى كۆرەلەيتتى.

دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ قاپسىلىپ
قالغانلىقىنى بايقاپ قالغان بولسا كېرەك،
يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ
قالغان ئىككى دىسكا ئوقنىڭ ھەممىسىنى
ئېتىۋەتتى. دۈشمەن يەنە چېكىندى.
دۈشمەن چېكىنىشى بىلەن ئۇ يەنە
يۇقىرىغا ياماشتى. بىراق، بىر كېچە-كۈندۈز
يول مېڭىپ، تۇزۇكرەك دەم ئالمىغانلىقى
ئۈچۈنمۇ ئۇ ھالىدىن كېتىپ، يەنە سىيرىلىپ
چۈشتى. ئۇنىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىغانى-
دى، ئۆزىنى مىدىرلىتالماي بىردەم يېتىپ
قالدى. بىر چاغدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى
« شا » دېيىشىپ يەنە يوپۇرۇلۇپ كەلدى.
دۈشمەنىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، ئۇ ياتقان
يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە
دەرھال ئاپتوماتىنى قولىغا ئېلىپ دۈشمەنگە
قارىتىپ تەپكىنى باستى، بىراق ئوق
چىقمىدى. ئۇ ئوق خالتىسىنى سىپاشتۇرۇپ
ئوقنىڭ ئاللىقاچان تۈگىگەنلىكىنى ئېسىگە
ئالدى. دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ
قالسام، تۈگەشكىنىم شۇ! دېگەن ئوي
ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە ئەكس
ئەتتى. غۇلجا ئايرودرومى ئازاد بولغان
كۈنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان
سەپداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ
قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەنلىكى ئۇنىڭ كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالدىدا نامايان بولدى: مانا ئەمدى ئۆزۈم دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالىدىغان بولدۇم. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ شۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ياق، دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاخىرغىچە ئېلىشىشىم كېرەك! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل روھلىنىش ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت، ئەقىل بەردى. بىردىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ھۇجۇمغا ئۆتتۈش ئالدىدا كوماندىرنىڭ «ھەر بىرىڭلار ئىككىدىن گىراناتا ئېلىۋېلىڭلار» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىپ قالدى. خۇشاللىقىدىن ئۇ دەرھال يېنىنى سىلىدى، قولىغا گىراناتا ئۇرۇلدى. دۈشمەن ئەسكەر-لىرى يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ھالاك قىلغان بۇ باتۇرنى تىرىك تۇتماقچى بولسا كېرەك. ئوق ئاتماي، مىلتىقلىرىنى ئالدىغا تەڭلەپ، يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

غاپپاروۋ گىراناتىنى قولىغا ئېلىپ يېپىنى چىشلەپ ئۈزدى-دە، دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. كەينىدىن يەنە بىرىنى ئېتىۋەتتى. كەينى-كەينىدىن پارتلىغان ئاۋاز ساي ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنى ئوڭشىيال-ماي بىراقلا موللاق ئاتتى. ساق قالغان بىرقانچە دۈشمەن ئەسكىرى ئارقا-ئالدىغا قارىماي بەدەر قاچتى.

دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، غاپپاروۋ خېلى روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە يۇقىرىغا چىقىۋالدى. بىراق، ماغدۇردىن مادارى قالمىغانىدى. دۈشمەن ئەمدى ئىستىھكاملىرىدا تۇرۇپ شىددەت بىلەن ئوت ئېچىۋاتاتتى. ئوقلار غاپپاروۋنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئون مېتىر يەرگە ئاران بارالىدى. بىردىن ئالدىغا قاراپ نېرىدا ياتقان بىرياردارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇغەيرەت قىلىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ياردارنىڭ يېنىغا بېرىپ چۆچۈپ كەتتى، يارىدار ئەترەت كوماندىرى ئىدى. ئوق ئۇنىڭ ئۇچەي-قارنىنى سىرتقا چىقىرىپ قويغانىدى. كوماندىرنىڭ بۇ خىل پاجىئەلىك ئەھۋالىنى كۆرۈپ غاپپاروۋنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى.

— كوماندىر! — دېدى ئۇ كوماندىر-نى ئاستا مىدىرلىتىپ. كوماندىر تېخى ھايات ئىكەن، ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى.

— غاپپاروۋمۇ سەن؟ ماڭا قارىماي تۆۋەنگە چۈشۈپ كەت! — كوماندىر شۇنداق دېدى-دە، كۆزىنى يەنە يۇمدى. يارىسى قاتتىق ئاغرىۋاتسا كېرەك، چىرايىنى بىر قىسما قىلاتتى.

— كوماندىر، سىزنى ئېلىپ كېتەي، — ئۇ كوماندىرنى يەنە مىدىرلاتتى.

— سەن مېنى ئېلىپ ماڭالمايسەن، — ئۇ كۆزىنى ئاچمايلا جاۋاب بەردى، — بىكار سەنمۇ ھالاك بولىسەن.

دۈشمەن بۇ تۆپىلىكنى قاتتىق قامال قىلىۋېلىپ، پارتىزانلارنى تۆپىلىككە چىققىلى قويمايۋاتاتتى. غاپپاروۋ كوماندىرنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن ئۇچەي-قارنىنى ئاۋايلاپ ئىچىگە سېلىپ چاپان بىلەن ئورىدى. ئاندىن كەمەردە چېك باغلاپ،

ئۇنى سول قولى بىلەن قولتۇقىدىن قۇچاقـ
لىدى-دە، ئۇنىڭ قولىغا تايىنىپ، يانچە
سۆرەپ ماڭدى، پارتىزانلارنىڭ پوزىتسىيىسى
دۆڭدىن چۈشكەندىلا يەردە ئىدى.
پوزىتسىيىگە ئون نەچچە مېتىر قالغاندا،
غاپپاروۋ زادىلا بولالمىدى. بىراق توختاشقا
بولمايتتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ يەنە
بەش-ئون مېتىر سۆرەپ ماڭدى. بىراق،
تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر مىنامىيوت
ئوقى پارتلاپ، ئۇلارنى قار بىلەن
كۆمۈۋەتتى. بىر چاغدا غاپپاروۋ كۆزىنى
ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىلىنداڭدا ياتقانلىقىنى
كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەتراپىغا سەپداشـ
لىرى ئولىشىۋالغانىدى.

— غاپپاروۋ سېنى خۇدا بىر
ساقلىدى، — دېدى ئۇلار غاپپاروۋ
كۆزىنى ئاچقىنى بىلەنلا، — قارا، مۇنۇ
قولاقچاڭ بىلەن جۇۋاڭ ئوت تالىغاندەك
ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كېتىپتۇ.

غاپپاروۋ قولاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ
قارىدى، ئوق قولاقچىنىڭ ئۈچ-تۆت يېرىنى
تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇۋىسىنىڭ
دۈمبە، يەڭلىرىدىكى ئوق ئىزلىرىنى
سانىۋىدى يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى.

— ئادەمنىڭ رىزقى تۈگىمىسە،
ھېچنېمە بولمايدىكەن، راستىلا خۇدا يەم
ساقلاپتۇ، — دېدى غاپپاروۋ كۈلۈپ.

— سەن قورقمىغانمۇ بولغۇدەك،
ئەززائىل كەلمىگۈچە دۈشمەن ئوقلىرى
سېنى ھېچنېمە قىلالمىغۇدەك، — دېدى
يېنىدا تۇرغان بىر سەپدىشى چاقچاق
قىلىپ.

— ياق، ئۇنىڭ بىر خىسلىتى بولسا
كېرەك، ئەزرائىلمۇ يانداپ ئۆتۈپ كەتكۈـ
دەك، — يەنە بىر سەپدىشى چاقچاققا
قېتىلدى. بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي راست، كوماندىر كۆرۈنـ
مەيدىغۇ؟! — دېدى غاپپاروۋ بىردىن
كوماندىرنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ئۇنى ئېلىپ چۈشەلمىدۇق، ئەھۋالى
بەك ئېغىردەك قىلىدۇ، — دېدى جەڭچىلەر
ئېچىنىپ، — سەن سەپكە يېقىن كېلىپ
قاپتىكەنسەن، ئۇنىڭغىلا ئېلىپ چۈشتۇق.

ئۇرۇش تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى.
ئەتىگەن سائەت سەككىزلەر بىلەن
ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسىگە گېنېرال
پەلنوۋ كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۇدۇل
غاپپاروۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پىلېموتچى جەڭچى سەنمۇ؟ —
دېدى ئۇ جاۋاب بەرگۈچە يېنىدىكى بىر
جەڭچى:

— ھە شۇ، — دېدى ئۇنى كۆرسىتىپ.

— نو، مالادىس پاتسان (يارايسەن
شا كىچىك)، — دېدى ئۇ غاپپاروۋغا
قاراپ رۇسچە.

غاپپاروۋ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ
ھۆرمەت بىلدۈردى.

— نوبېرى پىلېموت! (پىلېموتنى ئال) —
دېدى ئۇ يەنە رۇسچە، ئارقىدىن تاشتىن
ياسالغان بىلىنداڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ
ئۇيغۇرچە ئېيتتى، — بىلىنداڭغا چىقىپ،
ئالدىڭدىكى قارىغايلىق ئىچىدىكى دۈشمەن
ئىستىھكاملىرىغا پىلېموتتىن توختاتماي ئوت
ئاچ، ئوت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، كوماندىر
غارىپنى ئېلىپ چۈشىمىز.

— خوپ ھۆرمەتلىك گېنېرال! — دېدى ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە پىلىموتنى ئېلىپ ماڭدى.

— مەن بىللە چىقىپ دېسكىغا ئوق بېسىپ بېرەي، — دېدى سانىتاركا زۇلپىيە ئۇنىڭ يالغۇز ماڭغىنىنى كۆرۈپ. گېنېرال قىزغا قاراپ قويۇپ:

— بولىدۇ، — دېدى.

ئىككىسى بىلىنداۋنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەپلىك بىر جاينى تاللاپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى. ئۇلار ئوت ئېچىشى بىلەن ئەترەت دوختۇرى دەرھال يۇقىرىغا ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى. غاپپاروۋ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇردى. دوختۇر كوماندىرنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئوق تەگدى. ئۇ بىر ۋارقىراپلا تۆۋەنگە دومىلاپ كەتتى.

ئۇرۇش تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئالدى، دۈشمەن تەرەپ كوماندىر ياتقان تۆپىلىكنى قاتتىق قامال قىلىۋالدى، ئۇنى زادىلا ئېلىپ چۇشكىلى بولمىدى. كوماندىرنىڭ ئازابلىق چىرايى، بىلىنەر-بىلىنمەس ئىڭراشلىرى غاپپاروۋنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى بىردىن ئۆرلەپ كەتتى.

زۇلپىيە باتۇر، چىچەن قىز ئىدى. ئۇ غاپپاروۋنىڭ غەزىپىنىڭ ئۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، دېسكىغا چەبدەسلىك بىلەن ئوق باستى. غاپپاروۋ پىلىموتنىڭ پايىنىكىنى مۈرىسىگە چىڭ تىرەپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. پىلىموت ئاۋازى ساي ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۈزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىدىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. پارتىزانلار بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇررا! ئۇررا! ... دېگەن سادا پۈتۈن تەلكە ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئۇرۇش سائەت ئون ئىككىگىچە داۋام قىلدى. دۈشمەن ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ چېكىندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى چېكىنىشى بىلەن ئىككى پارتىزان ئەترەت كوماندىرىنى ئېلىپ چۈشتى. غاپپاروۋ بىلىنداۋدىن چۈشۈپ كوماندىرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ تېخى ھايات ئىدى.

— ئاھ، خۇدا، — دەۋەتتى ئۇ كوماندىرنى كۆرۈپ، — نېمدېگەن قەيسەر ئادەم بۇ! — ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك ئازابلاندىكى يۈزىنى تۇتقانچە ئۇن سېلىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

كوماندىرنى بايىقى ئىككى جەڭچى دەرھال نوسىلكىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

— غاپپاروۋ سەن بۇ قېتىمقى جەڭدە ياخشى خىزمەت كۆرسەتتىڭ، — دېدى گېنېرال پەلنوۋ كوماندىرنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن غاپپاروۋغا تەسەللى بېرىپ، — سىلەر ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ناھايىتى پاراسەتلىك، باتۇر، مەن سىلەرنىڭ بۇ خىل باتۇرلۇق روھىڭلارنى قەدىرلەيمەن، ھۆرمەتلەيمەن. بۇنداق روھ دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ. سىلەر بېرىپ ياخشى دەم ئېلىڭلار.

غاپپاروۋ بىلەن زۇلپىيە نوسىلكىنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى جەڭچىگە يېتىشىۋېلىپ، كوماندىرغا قاراپ ماڭدى. كوماندىر ئازراق ماڭغاندىلا «سۇ» دېدى. ئىككى جەڭچى

نوسلكنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدى. زۇلپىيە ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇ قويۇۋېدى، ئۇ سۇنى غۇرت-غۇرت قىلىپ ئىچىۋەتتى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن،— دېدى كوماندىر سۇ ئىچكەندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، — سىلەر ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىڭلار!

ئۇلار كوماندىرغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشتى. ئۇ دوختۇرخانىغا كەلگۈچە توختىماي سۆزلەپ كەلدى. دوختۇرلار ئۇنى دەرھال تەكشۈرۈپ، ماشىنا بىلەن غولجىغا ئېلىپ ماڭدى. بىراق، ماشىنا تەلكە ئېغىزىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ تىنىقى توختىدى.

بۇ ئىش غاپپاروۋغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ سۆيۈملۈك كوماندىرنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېتەلمىگىنىگە قاتتىق ئېچىناتتى. ئۇ كوماندىرنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بەرداشلىق بەرگەنلىكىگە ھەيران قالدى: ئادەم دېگەن نېمىدېگەن كۆتۈ-رۈشلۈك-ھە! ئازاب-ئوقۇبەت ئادەمنى ھېچنېمە قىلالمايدىكەن. ئاھ، بىزنىڭ خەلقىمىز ھەقىقەتەنمۇ باتۇر، پاراسەتلىك خەلق ئىكەن-دە!

كەچقۇرۇن ئەترەت ساي ئىچىگە يىغىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا كوماندىردىن باشقا ئادەم چىقىم بولمىغانىدى. بىر چاغدا شتاب باشلىقى ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى.

— جەڭچى سەپداشلار، سىلەر ناھايىتى ياخشى جەڭ قىلدىڭلار، — دېدى شتاب باشلىقى جەڭچىلەرگە ھۆرمەت تۇيغۇسىدا تەكشى قاراپ، — سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلار باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. خەلقىمىز ئازادلىق ئۈچۈن قۇربان بولغان ئوغلانلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. سىلەرگە يەنە يېڭى ۋەزىپە بولغانلىقى ئۈچۈن، شتاب يولداش نازاروۋنى سىلەرگە كوماندىر قىلىپ بەلگىلىدى، — شتاب باشلىقى نازاروۋنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى، — نازاروۋ بىلەن چىقىشىپ كېتەلەيسىلەر. ئەمسە، سىلەر ئوبدان تونۇشىۋېلىڭلار. بۈگۈن كېچىلا يولغا چىقىسىلەر.

شتاب باشلىقى يېڭى كوماندىرنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپ كەتتى. جەڭچىلەر كوماندىرنى ئورىۋالدى. كوماندىر كەسكىن، كەم سۆز ئادەمدەك قىلاتتى.

— كوماندىر بىزنىڭ ئەترەتنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ كېلىپ نەگە ئەۋەتمەكچى،— دېدى بىر جەڭچى ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن كوماندىرغا قاراپ.


— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالسەن، — دېدى كوماندىر ئۇنىڭغا جاۋابەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەترەت يېڭى ۋەزىپە بىلەن يەنە يولغا چىقىپ كەتتى. كەڭسايدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى لەتىپ غاپپاروۋغا باتۇرلۇق ئوردېنى بەردى. بۇ ئوردېن قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى، خەلقنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا بەرگەن شان-شەرىپى ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى)

# شېئىرلار



پېشقەدەم شائىر مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى (ئىشقى) 1914-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1990-يىل نويابىردا 76 يېشىدا ۋابات بولغان. ئۇ 1948-يىلى «قەشقەر گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «خەلقىم ئوتۇز»، «يول ئىشتىياق» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ 40 نەچچە يىل داۋامىدا 6 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىر-رۇبائىي، بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالە، تارىخىي ئەسلىمە ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يازغان.

1990-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر» ناملىق تارىخىي، ئىلمىي كىتابىنى نەشر قىلدى.

شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇن «يەلكىن شىكايەت»، «مۇھەببەت يۇئىملىرى»، «بەختسىز ئەلدىكى ھايات»، «مەغرۇرغا» ئوخشاش شېئىرلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى، فېئودال-زالىم كۈچلەرنى قاتتىق قامچىلىغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن بەختىيار يېڭى دەۋرنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

مۇھەررىردىن

## ئىزدىنىش يولى

ئاغرىماس، بىلمەس كىشى ساقلىقتا ساقلىق قەدرىنى،
دەرد چۆلىدە يۈرمىگەن بىلمەيدۇ شادلىق قەدرىنى.
بەختلىك چاغدا كىشىنى قاپلىغاچ كىبرۇ غۇرۇر،
بىلمىگەي دەۋراندىكى راھەت، نىشادلىق قەدرىنى.
كەمبەغەللەر دەردىنى مۇھتاج بولغانلار بىلۇر،
بايۇ دۆلەتمەن چېغى بىلمەسكى بايلىق قەدرىنى.
يايرىماس ھېچ بىر كۆڭۈل گەر بولمىسا ئۇندا ئۈميات،

ئەھلى ۋىجدانلار بىلۇر شانلىق ھاياتلىق قەدرىنى.
يار دەپ يۈرمەك جاھاندا ئىشقسىز-بىھۇدىلىك،
ئىشق ئىلە ئىنسان بولۇر بىلسە ئىجادلىق قەدرىنى.
ئەي يۈرەك، مەي ئىچ ئىلمدىن، بەخت ئىرپاندىن كېلۇر،
چىن مۇھەببەتلىك كىشى بىلگەي ئۇ ياتلىق قەدرىنى.
ئىشقىيا، سەن دەھرىدىن ئۆتتۈڭ پۇشايمان، غەم بىلەن،
بىلمىگەچ ياشلىقتا ئۆتكەن دىلكۇ شادلىق قەدرىنى.

1981-يىل ئاۋغۇست، قەشقەر

## نىگار ھەققىدە غەزەل

ئەي نىگار، قايغۇم ئۇچۇن گۈلسىز چىمەن دەركار ئەمەس،
خۇش پۇراقسىز ئەترىگۈلگە چىن كۆڭۈل خۇشتار ئەمەس.
بۇلبۇلى قىلسا ناۋا، ئۇ بولمىسا شىرىن سۇخەن،
ئۇ كەبى زاغۇ زىغىن ھەم سۆھبىتى گۈلزار ئەمەس.
بەرمە نادانغا كۆڭۈل، دوزاخ سېنى كۆيدۈرگۈسى،
ئاشىنايى بىۋاپا ئۇ ھەرقاچان دىلدار ئەمەس.
بولسايۇ شىرىن سۇخەن ھەم بەزمىلەرنىڭ بەزمىدە،
سايرىماس باغى ئۇچۇن ئۇ لايىقى دىدار ئەمەس.
ئىشقىغا بولماس نېسىپ ھەرگىز خازانىڭنى كۆرۈش،
چۈنكى ئايرىلسا سېنىڭدىن ئالەمنىڭ دەركار ئەمەس.

1983-يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

## ئىلىم، ئىتتىپاق مەدھىيىسى

ھەر كىشى بولماقنى ئىستەر بەختىيار،
جەھلۇ نادانلىقنى قىلماس ئىختىيار.
ئابروي-ئىززەت ۋە قۇۋۋەت ئىزلىگەن،
ئىلىم-ئاگلىق، ئىتتىپاقلىقتىن تاپار.
ئىلىم بىر گۆھەر ئېرۇركى تاجىغا،
بۇ بىلەن بەختىنى تاپتى-بىغۇبار.

شەرتىدۇر كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئىتتىپاق،
كىم خىلاپلىق قىلسا گەر بولغاي چاكار.
مەرىپەتنىڭ نۇرىدا بولغاي يورۇق،
كىمكى ئاگلىق بولسا زۇلمەتلەر قاچار.
ئىشقىيا ياتما جاھالەت ئىلكىدە،
ئاسمىغىن نادان لەقەپ بىرلە تۇمار.

1966-يىل، ئۆكتەبىر، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

## نازاكەتلىك خىيال

چېلىپ سازنى مۇڭلۇق دىلرەبايىم كەلدى قاشىمغا،
ئاجايىپ ناز بىلەن سەۋدانى سالدى قايتا باشىمغا.
قىلىپ ۋەدە ۋىسالى نەشئىسىدىن دىلنى خوش ئەتتى،
شۇڭا كۆڭلۈمنى بەرگەنتىم ئۇ ئاي يۈزلۈك قۇياشىمغا.
كۆزۈمنى تاشلىدىم رەنا جامالىغا بولۇپ مەپتۇن،
ھەسەت ئەيلەيتتى كۆكتە زۆھرە ھەردەم بۇ قاراشىمغا.
قاراشتىن مۇددىئا تەشنا يۈرەككە ئىردى سۇسەبمەك،
تەئەسسۇپ ئوت تۇتاشتى بىر قاراشىلە ئىچ ۋە تاشىمغا.
يۈرەك دولقۇنلىدى، جىسمۇ بەدەندە قالمىدى تاقەت،
ئورۇن قالدۇرمىدى شەھلا كۆزى تەندە چىداشىمغا.
خۇسۇسەن مېيىقىدا كۈلمەكلە جانىم ئالدى ئويلايمەن،
سەۋەب ئەردى ئەزەلدىن جىلۋىسى دايىم ياداشىمغا.
قېشىنىڭ ياسىدىن بىر ئوقنى ئاتتى، تەگدى كۆكرەككە،
دېدىم: رەھىمگىمۇ كەلمەس تەلمۈرۈپ تۇرغان قاراشىمغا.
دېدى: تاشلا، بۇ دەم قايغۇڭنى يارىڭ ياندا تۇرغاندا،
دېدىم: بۇ لۇتفىڭىز بائىس ئىررۇر مەڭگۈ ياشاشىمغا.
ۋىسالىڭ ئىلتىپاتىدىن، دېدىم، قويما مېنى مەھرۇم،
دېدى: كۆز تۇتما مۇندىن سوڭ سېنىڭدىن يۈز بۇراشىمغا.
دېدىم: بۇ ئىلتىپاتقا قانچىلاپ قىلسام تەشەككۇر ئاز،
دېدى: ھېچ بىۋاپالىق قىلمىغانمەن سەن ئاداشىمغا.
ۋىسالىم ئىزلىسەڭ ۋەسلىمگە يەتمەكلىككە قىل ھەزىكەت،
ھەقىقىي ئاشىق ئەرسەڭ باقما يالغۇز كۆز ۋە قاشىمغا.
كۆرۈپمەن سەن كەبى كۆيگەننى ئۆمرۈمدە تولا، ئەمما،
چىدام يوق ۋەسل يولىدا مېنىڭ تۈرلۈك سىناشىمغا.
ئەگەر مەرد سەن، دىلىڭنى ئۆزگە مەھبۇبلەرگە بەخش ئەتمە،
يېتىشكەيسەن ئۇ چاغدا بەختلىك تۇرمۇش قۇراشىمغا.
ۋاپاسىزلىققا قارشى ئەھدە قىلدىم، قىلدى ئۇ مەقبۇل،
كاپالەت بەردى ۋەسلى بىرلە راھەتلىك ياشاشىمغا.
ئىكەيلەن باغ سېرى قويدۇق قەدەمنى ھەر تەرەپ گۈلزار،
چىمەندە رەشك ئوتىنى چاچتى گۈللەر ھۆر ئاداشىمغا.
قولىنى تاشلىدى يار بوينىمە؛ ئىخ، قالمىدى تاقەت،

ئەجەب خۇشلۇقلە سىلكىندى مەن ھەم بەلدىن تۇتاشىمغا.
كەرەشمە بىرلە كۈلدى، ئالدى گويا بۇ تېنىمدىن جان،
دېدى لۇتىق ئەيلە، جايىز كۆرمە، ئارماندا قالاشىمغا.
يوقالدى ئۇرتىمىزدا تارتىنىش چۈنكى كەرەملىك بار،
جاھان رەنالىرى تەڭ كەلمىگەي مۇنداق قۇياشىمغا.
پىغان ئاۋازى چىقتى باغ ئىچىدىن رەشك ئېتىپ بىزگە،
دېدى بۇلبۇل: ئۇرۇن قالدۇرمىدىڭ باغدا تۇراشىمغا.
قىزىل مەڭزىنى كۆرگەچ گۈل ئانارخان ئەيلىدى ھەسرەت،
چىمەن گۈل ئەيلىدى تەزىم پىغان بىرلە ئاداشىمغا.
ئۇنىڭ تۇپتۇز بويى، گۈل سەرۋىنىڭ باغرىغا ئوت قويدى،
دېدى رەيھان: ئىجازەت قىل سېنى قارشى ئالاشىمغا.
ئۇنىڭ ھەر جىلۋىسى ئالەمنى سەرگەردان قىلىپ ھەردەم،
شۇڭا ياغدى ھەسەتنىڭ تاشلىرى قۇمدەك بۇ باشىمغا.
بەدەندە قالمىدى سەبرىم، ئۇنى ئالدىم قۇچاقىمغا،
كۆرۈڭ بۇ شۇم پەلەكنى، توپا سالدى پىشقان ئاشىمغا.
يۈرەك سىلكىندى، كۆز ئاچسام قېشىمدا يوق ئۇجانانىم،
بېشىمدىن ئۇچتى ھوش-ئەقلىم، پىغانلار چۈشتى باشىمغا.
خازاندەك گۈل يۈزۈم سارغايدى يارنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ،
جاھان غەرق بولغۇسى ئەمدى كۆزۈمدىن ئاققان ياشىمغا.

1951 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

ياشاش ئالىمگە كېرەك ئىتتىپاق،
يوقالماق جاھاندىن سەۋەبتۇر نىپاق. ①
ياشاشچۇن ئۇمىد «ئىشقى» بولسا ئەگەر،
ئۇنىڭ شەرتىدۇر ئىلىم ھەم ئىتتىپاق.

*  *

ۋەتەن! دېگەندە مۇھەببەت يۈرەكتە مەۋج ئۇرىدۇ،
ئۇنىڭ چىرايلىق ئېتىدىن كۆكۈلگە زوق تولىدۇ.
گۈزەل جامالىغا «ئىشقى» قاچانكى تەلمۈرسە،
سۆيۈملۈك مېھرى بىلەن قوينىنى ئېچىپ كۈلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

① نىپاق — ئارازلىق، زىتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com



ئەخمەتجان قۇربان

# بېخىل ۋە بوغا

بۇرۇنقى زاماندا تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە ئىنتايىن بېخىل بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ يوقسۇللارنى ئالداپ بېيىپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي يەنىلا تويمايدىكەن. ئۇ كۆكۈۋەتكەن يۇندىسىغا يەتتە كۈن ئىچ ئاغرىتىدىغانلاردىن ئىكەن.

ئۇ ئادەملەر بار يەردە تۇرسام پۇلۇمنى ئوغرى-قاراقچىلار بۇلىۋالمىسۇن دەپ، تاغ ئىچىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپ ئۆزىنىڭ تاپقان-تەرگەنلىرىنىمۇ شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، كۈندۈزى ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ، پۇقرالارنى ئالداپ تاپاۋەت قىلىپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىدىن چىقىپ تاغ يېنىدىكى چوڭ يول بىلەن كېتىپ بېرىپ بىر تۆگە كارۋىنىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆزىگە بىرەر نەپ تېگىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ كارۋان بېشىدىن:

— ھارمىغايسىلەر بۇرادەرلەر، يولۇڭلار قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز تاغ كەينىدىن كېلىۋاتىمىز، بۇ يىل ئۇياقلاردا قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئېتىزلاردىن ھېچ نەرسە ئالالمىدۇق. ئاڭلىساق بۇ يىل مۇشۇ تاغ ئېتىكىدىكى يېزىلاردا ئاشلىق تازا ئوخشاپتىمىش. شۇڭا، ئاشلىق سېتىۋالغىلى ماڭدۇق، — دەپتۇ كارۋان بېشى.

— ھە مۇنداق دەڭلا، ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، ھازىر ھەممىلا يەردە قازانىڭ قولىقى تۈت، بۇياقلاردىمۇ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يېنىك بولمىدى، شۇنداقتىمۇ دېھقانلار ئېگەك تىزەپ يۈرۈپ ئانچە-مۇنچە ھوسۇل ئالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ساتىدىغان ئاز-تولا ئاشلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىراق سىلەر بۇنداق كارۋان بىلەن بارساڭلار ئۇلار كۆپ ئالدىغانلىقىڭلارنى بىلىۋېلىپ، باھانى بىردىنلا ئۆستۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. ھازىرمۇ ئۇ يەردە بىر كىلو ئاشلىقنىڭ باھاسى بەش تەڭگىدىن كەم ئەمەس. مېنىڭ مەسلىھىتىم سىلەر مۇشۇ تاغ باغرىدا بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ تۇرساڭلار، ئەگەر سىلەر ماڭا مۇۋاپىق تاپان ھەققى بەرسەڭلار، ساتقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، سىلەر ئۈچۈن ئەرزانراق باھادا ئاشلىق ئېلىپ بېرىشىم مۇمكىن.

ھېچ يەردىن ئاشلىق سېتىۋالالمايۋاتقان

كارۋان بېشىغا بۇ گەپ بەك ياراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارۋاننى تاغ باغرىدىكى بىر ئورمانلىقتا ئارام ئېلىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. كارۋان بېشى بېخىلغا ئاشلىقنى مۇۋاپىق باھادا ۋاقتىدا تېپىپ بېرەلىسە ئۇنى رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بېخىل يېزا تەرەپكە قاراپ چېپىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ يەردىكى ئاشلىق ناھايىتى ئوخشىغان بولۇپ، دېھقانلار ئاشلىقلىرىنىڭ كىلوسىنى بىر تەڭگىدىنمۇ ساتالمايۋاتقانىكەن. بېخىل يېزىنىڭ تازا ئادەم توپلىشىدىغان يېرىگە «كىلوسىنى بىر تەڭگىدىن بۇغداي سېتىۋالىمەن» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ. بۇغدايلىرىنى پۇل قىلالمايۋاتقان دېھقانلار ئاشلىقلىرىنى ئات-ئېشەكلىرىگە ئارتىپ ئەكىلىپ بېخىلغا سېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىجارىگە ئالغان ئاشلىق ئامبىرى بۇغدايغا لىق تولۇپتۇ.

بېخىل شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ھېلىقى تۆگە كارۋىنى تۇرۇۋاتقان ئورمانغا قاراپ چېپىپتۇ.

ئۇ ئورمانغا يېتىپ كەلگەندە كارۋان بېشى ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ كارۋان بېشىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەقلىمنى ئىشلىتىپ ئالدىدا بارغىنىم ياخشى بوپتىكەن، سىلەر ئۆزۈڭلار بارغان بولساڭلار بىر كىلوگراممۇ ئاشلىق ئالالمايدىكەنسىلەر. ئۇلار ھەر كىلوگرام ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئون تەڭگە دەپ تۇرۇۋېلىپ بەرگىلى ئۇنىمىغانتى، شۇ يېزىدىكى ئابرويلۇق تونۇشلىرىمنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ھەر كىلوسىنى تۆت تەڭگىدىن ئېلىپ سىلەرگە يېتەرلىك بۇغداينى بىر دوستۇمنىڭ ئامبىرىغا بېسىپ قويدۇم. ئەمدى بېرىپ ئاشلىقنى ئۆلچەپ ئېلىۋالساڭلار، پۇلنى ماڭا بەرسەڭلارلا بولدى.

ئاشلىق تېپىلغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولغان كارۋان بېشى ھەمراھلىرىنى ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ بېخىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ يېزىغا كېلىپ، بۇغداينى ئۆلچەپ ئېلىپ تۆگىلەرگە ئارتىپتۇ ۋە بېخىلنىڭ ھەر كىلوسىنى بىر تەڭگىدىن ئالغان بۇغدىيىغا تۆت تەڭگىدىن پۇل بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ قىلغان «ياخشىلىقلىرىنى» ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خېلىلا كۆپ تاپان ھەققى بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن بېخىل ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ تاغ تەرەپكە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

بېخىل ئادەتتە كېچىسى ئۆڭكۈردىمۇ خاتىرجەم بولالماي تاپقان تەڭگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېلىدىن يەشمەي ئۇخلايدىكەن. ئۇ شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ «ئۆيى» بولغان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن غەيرىي بىر ئاۋازنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۆزىچە قاراقچىلار مېنىڭ بۇ يەردە مال-دۇنيارىمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۆڭكۈرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، قورقۇپ تىترىگىنىچە ئۆڭكۈر ئىچىگە قۇلاق ساپتۇ. قاراقچىلار مېنى كۆرۈپ قالسا تەڭگىلەرنى ئېلىۋالغاندىن باشقا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ۋەھىمە ئىچىدە قالغان بولسىمۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي ئۆڭكۈرگە پەم بىلەن كىرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە

كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماپتۇ. لېكىن، ئۆگكۈرنىڭ قايسىدۇر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان تاراقلىغان ئاۋاز ئۇنى ئىنتايىن بىسەرەمجان قىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى قويغان بۇلۇڭغا بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە بايلىقى ئورنىدا تۇرغاچقا بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ. ئاندىن تاراق-تۇرۇق ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئىچكىرىلەپ



كىرىپ غارنىڭ خۇددى تۆگلۈكتەك تۆشۈكى بار يېرىگە كېلەي دەپ قالغاندا ئەنە شۇ «تۆگلۈك» تىن چۈشكەن يورۇقلۇق بار يەردە بىر بۇغا بالىسىنىڭ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇغا بالىسىغا قاراپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ۋاي، بۈگۈن مېنىڭ ھەققەتەن ئامىتىم كەلگەن كۈنكەن. بايىقى قاپاقباش كارۋان بېشىدىن بىرمۇنچە پۇلنى ئوندۇرۇۋالدىم. ئەمدى بۇغا بالىسى ئۆز پۇتى بىلەن ئالدىمغا كەپتۇ، ھازىر بازارلاردا بۇغىنىڭ باھاسى ناھايىتى ئۈستۈن. ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ساتىدىغان بولسام يەنە بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە بولىمامدىمەن. خۇشاللىقىدىن بېخىلنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇغا بالىسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئۆگكۈرگە قانداقتۇر مەقسەت بىلەن كىرىپ قېلىپ ئەتىگەندىن بېرى چىقىش يولىنى تاپالمايۋاتقان بۇغا بالىسى ئەمدى ئۇيان-بۇيان تىمسقىلاشنى توختىتىپ «تۆگلۈك» تىن چۈشۈۋاتقان يورۇقلۇققا تەلمۈرگىنىچە قاراپ تۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى پۇرسەت بىلگەن بېخىل تېخىمۇ جىددىيلىشىپ بۇغا بالىسىغا قاراپ پەم بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلاپتۇ. بېخىل بۇغا بالىسىغا ئاز قالغاندا قانداقتۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ دۈم چۈشۈپتۇ. ئۇ پۇتلاشقان نەرسە تاراقشىپ ئۆگكۈر ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۈركۈپ كەتكەن بۇغا بالىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ پىترىاشقا باشلاپتۇ. بېخىل بۇغا بالىسىنى جان-جەھلى بىلەن قوغلاپتۇ. بۇغا ئۆگكۈر ئىچىدىكى تاشلارغا پۇتلىشىپ نەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بېخىل بۇنداق چاغدا خۇددى بۆرىدەك ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ يۇرۇپ نەچچە قېتىم تاشقا ئۇسسۇۋاپتۇ. لېكىن ئۇ بۇغا بالىسىنى قوغلاشنى توختاتماپتۇ. بۇغا بالىسى بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئالدى-كەينىگە قارىماي

uyghurkitap.com

چېپىپ ئۆڭكۈر تېمىغا ئىنتايىن قاتتىق
ئۇسۇۋېلىپ ئۆڭدىسىغا چۈشۈپ ھوشىدىن
كېتىپتۇ. بۇنى پۇرسەت بىلگەن بېخىل
ئۆزىنى بۇغا بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ
ۋە پوتىسىنىڭ بىر ئۇچىدا بۇغا بالىسىنىڭ
بويىنىدىن باغلىۋاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ھوشىغا
كەلگەن بۇغا بالىسى ئۆزىنىڭ يامان
ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنسىز
يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېخىل كۈلۈپ
كېتىپتۇ.

— ھاي-ھاي ئۆلمەپسەندە جانىۋار،
ئۆلمىگىنىڭ ياخشى بولدى. ماڭا سېنىڭ
ئۆلۈكۈڭ ئەمەس، تىرىكىڭ كېرەك. بىلەم-
سەن بۇغىچاق، سەن ماڭا نۇرغۇن پۇل
تېپىپ بېرىسەن، — دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە بېخىل بۇغا بالىسىنى
قېچىپ كەتمىسۇن دەپ پۇل تۈگۈلگەن
پوتىسىنىڭ بىر ئۇچىنى ئىككى قولى بىلەن
چىڭ تۇتۇپ، پوتىنىڭ بىر ئۇچىدا بويىنى
باغلانغان بۇغىنى يېنىغا ئېلىپ يېتىپتۇ. ئۇ
بۈگۈنكى «قوش ئامەت» تىن سۆيۈنگەن
ھالدا ئاستا-ئاستا شېرىن چۈش دۇنياسىغا
كېتىپتۇ: بېخىل ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسى بولغان
ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ ھەيران قاپتۇ.
ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە خۇددى مىڭلاپ چىراغ
يېقىپ قويغاندەك يورۇپ كەتكەنمىش. ئۇ
بۇ كارامەتتىن ھەيران بولۇپ كۆزلىرى
پىيالىدەك يوغىناپ بىر گۆھەرنىڭ چاقناپ
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقات-
قىنىچە گۆھەرگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بىراق،
گۆھەر خۇددى پۇتى باردەك بېخىلدىن
ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر مېتىر نېرىراققا بېرىپ
توختاپتۇ. يەنە ئۆزىنى ئاتقانىكەن، يەنە
بىر مېتىر يىراقلىققا بېرىپ توختاپتۇ. يەنە
ئۆزىنى ئاتقانىكەن يەنە بىر مېتىر يىراقلىققا
بېرىپ توختاپتۇ... ئاشۇنداق قىلىپ گۆھەر
ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىپتۇ. بېخىل ئۆڭكۈردىن
چىقىپ تاغ ئىچىگە قاراپ ئاشۇ تەرىقىدە
قېچىپ كېتىپ بارغان گۆھەرنى جان-جەھلى
بىلەن قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ قانچە قوغلاپمۇ
گۆھەرگە يېتىشەلمەپتۇ. بېخىل خۇددى
پۇتىغا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئالغا ئىلگى-
رىلىيەلمەي قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ قوغلاشتىن
توختىماپتۇ. گۆھەر ئەنە شۇنداق قېچىپ
يۈرۈپ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر بوشلۇققا
كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بېخىل گۆھەرنى
قوغلاشنى توختىتىپ ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ.
چۈنكى، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بوشلۇققا
سانسىزلىغان ھايۋانلار توپلاشقان بولۇپ،
شىر بىلەن يولۋاس باشچىلىقىدا ئۇچۇق
سوت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىكەن. تاغقا يۆلەپ
سېلىنغان سەھنىدە يولۋاس بىلەن شىر
ئېيىق بىلەن تۈلكىنى سوتلاۋاتقان، مايمۇن
تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇۋاتقانىكەن:

— جىنايەتچى تۈلكە ئۇزۇندىن بېرى
قۇۋلۇق-شۇملۇق ئىشلىتىپ باشقىلارنى ئالداپ
ساختىپەزلىك بىلەن جان بېقىپ كەلگەن.
ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالتە قىرغاۋۇلنىڭ،
سەككىز ئۆردەكنىڭ جېنىغا زامىن بولغان.
شۇڭا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

شۇ چاغدا ھېلىقى گۆھەر تېزلىكنى
ئۆزگەرتمەي ماڭغىنىچە سەھنىگە چىقىپ
يولۋاسنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇرۇپتۇ. يولۋاس
ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندەك بەخىرامان
ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېخىلنىڭ قورقى-
نىدىن جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

مايمۇن داۋاملىق ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

— جىنايەتچى ئېيىق كۆپ يىللاردىن

بىرى ئۆزى ئەمگەك قىلماي، ھەسەل ھەرىسى مىگىبىر مۇشەققەتتە يىغقان ھەسەللەرنى ئوغرىلىغان. ئۇ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغاننى ئاز دەپ، داۋاملىق ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

شۇ چاغدا يولۋاس ئالدىدىكى ئۈستەلنى تاراقشىتىپ قويۇپ، سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— خالايىق، يېقىندىن بېرى بىر بېخىل قارا نىيەت بىزنىڭ مۇشۇ تاغقا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھەرخىل ئەسكىلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى تۇتۇپ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ-دە، بېخىل تەرەپكە قاراپ، — ئەنە ئاشۇ قوغلايلى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. پۈتۈن ھايۋانلار يولۋاس بىلەن شىرنىڭ باشچىلىقىدا بېخىلنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بېخىل ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ بەدەر قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنى قوغلاپ كەلگەن يولۋاس بىلەن شىر بېخىلنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بېخىل ئاللا-تۇۋا دېگىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

ئۆڭكۈر ئىچىگە يورۇق چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بېخىل خېلى ۋاقىتقىچە ئېسىگە كېلەلمەپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ بۇنىڭ چۈشى بولۇپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا بىردىنلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئەنسىز ۋارقىرىۋېتىپتۇ. چۈنكى بۇغا بالىسى ئۇ ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوتىنىڭ بىر ئۇچىغا تۈگۈلگەن نۇرغۇن پۇلنى چىشلىگىنىچە قېچىپ كەتكەنىكەن.

بېخىل مېنىڭ پۇلۇم، ئىسىت پۇلۇم... دېگىنىچە يىغلاپ، تاغ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ماموت زايىت

هاجى ئەخمەت كۆلتېكىن

# يۇمران گىياھلار

## ئاھ باللىق، باللىق

ئاھ باللىق، باللىق،
ئۈچۈپ كەتتىڭ قۇش بولۇپ.
ئۇزارغانچە ئارىلىق،
قالدىڭ شېرىن چۈش بولۇپ.

يۈتكەچ ئۆمرۈم باھارى،
دىل ئازابتا ئۆكۈنەر.
ئۇتسا ئىشقىڭ خۇمارى،
كۆزدىن يېشىم تۆكۈلەر.

ئاڭلىدىڭمۇ دادىمنى؟
سەندىن شۇنچە يىراقمەن.
ئاھ باللىق، يادىڭنى
ئۇنتالمىدىم بىراق مەن.

ئەستىن چىقماس توقايدا
توشقان قوغلاپ يۈرگىنىم.
ئالە، بويناق! دەپ سايدا
پادىلارنى سۈرگىنىم.

قۇشقاچ ئۇۋلاپ، تاملاردىن
قاتار تۆشۈك تەشكىنىم.
شورا ئاتلاپ، باغلاردىن
ئالما ئۈزۈپ قاچقىنىم.

ئويناپ «قارا قۇشلارىم»،
قارشى سەپنى بۆسكىنىم.
جان مومامدىن ھەردائىم
چۆچەك ئاڭلاپ ئۆسكىنىم...

قېنى ئەمدى نەدىسەن،
قۇتتىن قانات پۆتكەن چاغ؟
توسۇن تايدەك شوخ، لېۋەن،
غەمسىز ئويناپ ئۆسكەن چاغ؟!

«ئاتا»، «بوۋا» دەر مېنى
ئەمدى بالا نەۋرىلەر.
غەم باسسىمۇ گەر مېنى،
بەخش ئېتىپ سەبرىلەر.

سەبىلەرنىڭ چېھرىدىن
ئوبرازىڭنى كۆرىمەن.
باللىقنىڭ سېھرىدىن
مەجنۇن بولۇپ يۈرىمەن.

ئاھ باللىق، باللىق،
ئاڭلىدىڭمۇ دادىمنى؟
ئۇزارسىمۇ ئارىلىق،
ئۇنۇتمايمەن يارىڭنى!

## يامانلىدى ئاي ئاداش

گۈلدىن ئېپار چاچىدۇ
كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسى.
دىل بەھرىنى ئاچىدۇ
باغدا بۇلبۇل ناۋاسى.

ئۇلتۇرۇشتۇق تال باراڭ
سۇپىسىدىن ئېلىپ جاي.
ياپراق ئارا مارىلاپ
كۈمۈش تەڭگە تۆكتى ئاي.

سىڭىللىرىم خۇش بولۇپ،
ئاي ئاداش، دەپ ئويىندى.
بەگباش كۆڭلۈم مېنىمۇ
جىم تۇرۇشقا قويمىدى.

سوزمىقىمغا تاش سېلىپ،
سوقتۇم كۈمۈش تەڭگىنى.
رەنجىگەندەك بۇ ئىشتىن
تۈردى ئايقىز تەرىنى.

ئازار يېگەن بالىدەك
خاپىلىقتا تولدى ئۇ.
مۆكۈپ بۇلۇت كەينىگە،
كۆكتىن غايىب بولدى ئۇ.

دېدىم سىڭلىم:
— ھوي بەگباش،
نېمىشقىمۇ ئاتتىڭ تاش؟!

بەتقىلىقكەن بولار دەپ،
يامانلىدى ئاي ئاداش.

## كۆلكە — ھايات قىزىقى
(نەسىردىن ئەپەندى خاتىرىسىگە)

1

ئوبدان بوۋا، جان بوۋا،
بىللە ئويناپ-كۈلەيلى.
ئېيتىپ بېرىڭ لەتىپە،
تىڭشاپ ھۇزۇر سۈرەيلى.

قانچە ياشتا ئەپەندى،
ئۆزى تېخى ھاياتمۇ؟
ئۇ — خىيالىي ئوبرازمۇ،
ياشاپ ئۆتكەن بىر زاتمۇ؟

راستىنلا ئۇ شۇنچىلىك
ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەنمۇ؟
مەلىمىزدىن ئۆتكەندە،
ئۇنى سىزمۇ كۆرگەنمۇ؟

2

دېدى بوۋاي:
— ئەپەندى
ئاقىللارنىڭ ئۈلگىسى.
ئۇنى مىڭ يىل ياشاتقان
ساغلام ئەقىل كۈلكىسى.

قىزىقساڭلار ئەگەردە
نامى ئۆلمەس شۇزاتقا؛
كۈلكە بىلەن قىزىقلىق
بېغىشلاڭلار ھاياتقا.

## گۈلنى ئۈزمە، ھوي بالا

گۈلنى ئۈزمە، ھوي بالا،
نابۇت قىلىپ چىمەننى.
مېھنىتىنى خورلىما،
داغدا قويۇپ باغۋەننى.

گۈلنى ئۈزمە، ھوي بالا،
گۈل — تەبىئەت زىننىتى.
تۇرمۇشۇڭغا رەڭ-جۇلا
بېرەر كۆركى، قىممىتى.

گۈلنى ئۈزمە، ھوي بالا،
قوزغاپ كۆڭۈل دەردىنى.
گۈزەللىكنى خورلىما،
يەرگە ئۇرۇپ قەدرىنى.

گۈلنى ئۈزمە، ھوي بالا،
ئەل ئەيىبلەپ قارىشار.
گۈل ئۆستۈرگەن گۈل ئۈزسە،
گۈل شۇنىڭغا يارىشار.

## ئانا — دەريا، ئوغلۇڭمەن

قايىنىڭدا چۆمۈلدۈم،
قۇملىرىڭدا كۆمۈلدۈم.
بېلىق ئوخشاش پىلتىڭلاپ،
جېنىم يايراپ سۆيۈندۈم.

ساھىلىڭ ساپ ھاۋالىق،
سۆيۈڭ تەنگە داۋالىق.
قۇشقا قونداق قومۇشۇڭ،
بويۇڭ نەغمە - ناۋالىق.

ئانا — دەريا، ئوغلۇڭمەن،
چېچىكىڭمەن - گۈلۈڭمەن.
بۇزغۇن ئەمەس سۆيۈڭدە
تەكتىڭدىكى دۇرىڭمەن.

## يۇلتۇز بىدار ئۇيقۇدىن

سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار
ئاسماننىڭ ھۆر قىزلىرى.
كۈلۈپ باقار ئالەمگە،
چاقناپ نۇرلۇق كۆزلىرى.

چۈشەكەيدۇ تەبىئەت،
يۇلتۇز بىدار ئۇيقۇدىن.
كائىناتقا گۈزەللىك
بېغىشلار ئۇ تۇرقىدىن.

يۇلتۇزلارغا زوقلىنىپ
باقسام كۆزۈم قامشار.
ھېسابىنى ئالالماي
سانىقىدىن ئادىشار.

يۇلتۇزلارغا ياندىشىپ،
قاناتلىنار خىيالىم.
پەن - كەشپىيات چولپىنى
بولماق ئۇلۇغ ئارمانىم.

## بوۋاي بىلەن نەۋرە

سىزگە ئاتاپ، جان بوۋا،
چىقىپ كەلدىم مېغىزنى.
يەڭچۇ، قېنى ئېلىڭا،
تاتلىق ئېتىڭ ئېغىزنى.

— ئاپئاق قىزىم، سېنىڭدىن
كۆيۈمچانراق كىشىم يوق.
بۇ مېغىزنى ئۆزۈڭ يە،
مېنىڭ بىرمۇ چىشىم يوق.

— جېنىم بوۋا، قارىڭا،
چىش چىقتىمۇ بىزگىمۇ؟
كۆپ قايغۇرماڭ، يېڭى چىش
چىقىپ قالار سىزگىمۇ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت

مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى

# ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار

بەدىئىي ئىجادىيەت — بىر خىل ئېستېتىك ئىجادىيەت، ئۇ يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان ئېستېتىك تۇيغۇسى، ئېستېتىك تەسىراتى، ئېستېتىك غايىسى، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك، خۇنۇكلىكلەر بىلەن ئۇلار ھەققىدىكى توغرا ئېستېتىك باھاسىنى كونكرېت، تەسىرلىك، ھېسسىي بەدىئىي ئوبرازلارغا جەملەپ، شۇ ئارقىلىق يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئېستېتىكىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ رېئاللىققا بولغان ئېستېتىكلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ماددىيلاشقان ھالىتى، دەپ قارايدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئېستېتىك ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى ئېستېتىك قىممەت يارىتىش، ئېستېتىك ئىجادىيەت ھېسابلانغان بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر تۈرى ھېسابلانغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتىمۇ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئەسەر ئىجاد قىلىشتۇر. ئەدەبىي ئەسەر ئېستېتىك قىممەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ئېستېتىك قىممەت ئەدەبىي ئەسەرنى ئەدەبىي ئەسەر قىلىدىغان ھەم ئۇنى پەلسەپىۋى، سىياسىي-نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر ھەم پەننىي ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان بىردىنبىر ماھىيەتلىك بەلگە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل.

ئۇنداقتا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بەزىلەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئەسەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى گۈزەللىكى دەپ قارايدۇ. بۇ، ئېستېتىك قىممەتنى بەك تار مەنىدە چۈشىنىۋالغانلىق. شەكىل جەھەتتىكى گۈزەللىكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم بىر تەركىب بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

يەنە بەزىلەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن گۈزەل تۇرمۇش ۋە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بۇنداق چۈشەنچىلەر تۇرمۇش گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردە بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل بولىدىغانلىقىنى توغرا تونۇيالمىغان. لېكىن ئېستېتىك قىممەت ھەققىدىكى بۇنداق چۈشەنچىنىڭ كىشىلەردە ناھايىتى ئاسانلا گۈزەل تۇرمۇش، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت تەسۋىرلەنگەن ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى بولىدىكەن، خۇنۇك تۇرمۇش ۋە ناچار ئەخلاق تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى بولمايدىكەن، دەيدىغان تەسىرات پەيدا قىلىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. تۇرمۇش مۇرەككەپ، ئۇنىڭدا گۈزەللىكمۇ، خۇنۇكلۇكمۇ مەۋجۇت، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئۇنىڭ گۈزەل تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خۇنۇك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. دۇنياغا مەشھۇر بولغان «پېخسىق»، «ساختىپەز»، «رىۋىزور»، «ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ قايسى بىرىدە خۇنۇكلۇق يېزىلمىغان؟ ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەرنى تەسۋىرلەش ئەسەردە ئېستېتىك قىممەت يارىتىشنىڭ بىر يولى، ئەمما بىردىنبىر يولى ئەمەس.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئېستېتىك قىممەت ئەسەرنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن شەكىل گۈزەللىكىنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئېستېتىك قىممەتنى ئەسەردە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش گۈزەللىكى، يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئېستېتىك پوزىتسىيىسى، ئېستېتىك غايىسى، ئېستېتىك باھاسى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەردە ئىپادىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئېستېتىك قىممەت، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش جەھەتتىكى چىنلىقى ۋە ئوبرازچانلىقىدىن ھاسىل بولغان ئېستېتىك قىممەت، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ھەم ئەسەردىكى شەكىل گۈزەللىكى قاتارلىق ئامىللار بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش گۈزەللىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى.

بىزگە مەلۇم، ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ. تەبىئەت گۈزەللىكلىرى كۈيلەنگەن گۈزەل تەبىئەت لىرىكىلىرى بىلەن ھايات گۈزەللىكلىرى مەدھىيلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى گۈزەللىكلەر ۋە كىشىگە ئېستېتىك زوق بەخش ئەتكۈچى ئېستېتىك قىممەتنىڭ ئاساسىي قىسمى شۇ ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن كەلگەن. مەسىلەن:

تاغمۇ-تاغلاردىن ئېگىز
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

بۇ قوشاقتا باغداش تېغىنىڭ قار-مۇزلار ئارىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۈكسەكلىك گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ باغرىدا يېيىلىپ ياتقان گۈل-باغلىرىدىن ئىبارەت نەپىسلىك گۈزەللىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قوشاقنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكى ياكى مەزمۇن جەھەتتىكى ئېستېتىك قىممىتى دەل قوشاقتا سۈرەتلەنگەن باغداش تېغىنىڭ ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىسىدىن كەلگەن.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەركپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق ئالىيجاناپ روھ، گۈزەل پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەش، چىن دوستلۇق، مۇھەببەتنى كۈيلەش باش تېما قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىمۇ بۇ ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇنداق ھايات گۈزەللىكلىرىدىن كەلگەن بولىدۇ. قىسقىسى، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەرنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىنى مەدھىيىلەشنى باش تېما قىلغان ئەسەرلەردە تۇرمۇش گۈزەللىكلىرى شۇ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىل بولىدۇ.

يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن ھەرگىزمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر پەقەت تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىلا ئاندىن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. تۇرمۇشتىكى خۇنۈكلۈكلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىقمۇ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە نادىر بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش مۇمكىن.

2. يازغۇچى — شائىرلارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئېستېتىك غايىسى، ئېستېتىك پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئېستېتىك قىممەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى يەنە بىر مۇھىم تەركىب.

ئېستېتىك ھېسسىيات، ئېستېتىك غايە، ئېستېتىك پوزىتسىيە ئېستېتىك ئاڭ كاتېگورىيىسىدىكى سۇبيېكتىپ نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەلگىلىك ئوبيېكتىپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسى، غايىسى، ئېگى قاتارلىقلار ئەسەردە ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە مەزمۇنىغا ياكى بىر پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئادەتتە يازغۇچىنىڭ ساغلام ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئالىيجاناب ئېستېتىك غايىسى، توغرا ئېستېتىك پوزىتسىيىسى، باھاسى قاتارلىقلار ئەدەبىي ئەسەردە ئوبرازلىق ئىپادىلەنسە، شۇ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئېستېتىك ئامىلغا ئايلىنىدۇ. چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى

« ساختىپەز » ، « پىخسىق » (موللىر) ، « رىۋىزور » ، « ئۆلۈك جانلار » (گوگول) ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى « ئات ھەققىدە قىسسە » (ئەخمەتشاھ قارىقاش) ، « ۋالاقتەگكۆرۈپنىڭ ئۆلۈمى » (تېيىپجان ئېلىيېۋ) ، « مۇساپىرلار قاۋىقىدا » ، « ئالتۇن چىشلىق ئىت » (مەمتىمىن ھوشۇر) قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوخشاشلا خۇنۈكلۈك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، خۇنۈكلىكنى پاش قىلىپ، قامچىلاش ئاساس قىلىنغان. بىز تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى شۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن كېلىدۇ، دېگەنىدۇق، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكى ئېستېتىك قىممەتنى ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن خۇنۈكلۈكتىن كەلگەن دېيىشكە بولامدۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئېستېتىك قىممىتى نەدىن كەلگەن؟ ئۇ دەل يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئۆزلىرى تەسۋىرلەۋاتقان خۇنۈك، ئېپلاس، يىرگىنچلىك نەرسىلەرگە بولغان ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى، ئۇلارنى قامچىلاش، پاش قىلىش ۋە ئۇلاردىن يىرگىنىش ھېسسىياتىدىن كەلگەن.

شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئېستېتىك پوزىتسىيىسى ۋە ئېستېتىك غايىسى قاتارلىقلار خۇنۈكلۈك قامچىلانغان ئەسەرلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھايات گۈزەللىكلىرى مەدھىيىلەنگەن ئەسەرلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ لىرىك ئەسەرلەردە يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئوبرازلىق ئىزھار قىلىنغان ئېستېتىك ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىك غايە، ئېستېتىك ئېڭى بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ لىرىكىلىق گۈزەللىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. لىرىك ئەسەرلەر ھېسسىيات ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ئېستېتىك ھېس-تۇيغۇ ۋە ئېستېتىك تەسىراتتىن مۇستەسنا ھالدا ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

3. ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى چىنلىق ۋە ئوبرازچانلىق — ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئىككى مۇھىم ئامىل.

مەلۇمكى، گۈزەللىك چىنلىقنى ئاساس قىلىدۇ، چىنلىققا تايىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئېستېتىك قىممەتمۇ بىر خىل گۈزەللىك بولۇش سۈپىتى بىلەن چىنلىقنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەردىكى چىنلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى-شائىرلار يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ چىن بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

ئادەتتە رېئال تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەر بۇرمىلىنىپ، خۇنۈكلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خۇنۈكلىكلەر بولسا پەردازلىنىپ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى بولمايدۇ. ھەتتا كىچىككىنە بىرەر تەپسىلاتنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ساختىلىق تۇيغۇسىمۇ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئېستېتىكلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرى دەل، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش، ھەقىقىي خۇنۇك نەرسىلەرنى ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

چىنلىق بىلەن ئىپادىلەش يازغۇچى-شائىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىك ھېسسىياتىنى ئەسلىگە سادىق ھالدا ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يازغۇچى-شائىرلار ئۆز ھېس-تۇيغۇسىنى ئەسەردە ئەينى ھېس-تۇيغۇ ھالىتىدە چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرمەي ئۇقۇملاشتۇرۇپ قويسا، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئوبراز ۋە ئوبرازچانلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى باشقا ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر مۇھىم تەركىب. مەيلى تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەر مەدھىيلەنگەن ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى خۇنۇكلۇكلەر قامچىلانغان ئەسەرلەر بولسۇن ياكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان لىرىك ئەسەرلەر بولسۇن، ئۇلاردىكى گۈزەللىكنى مەدھىيلەش، خۇنۇكلۇكنى قامچىلاش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، خۇنۇكلۇكتىن يىرگىنىش ھېسسىياتى قاتارلىقلار كونكرېت، تەسىرلىك، ھېسسىي ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەندىلا، ئاندىن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسىرلىك ھېسسىي ئوبرازدىن ئايرىلغان ھەرقانداق گۈزەل غايە، ساغلام ھېسسىيات، ياخشى ئوي-پىكىرلەرنىڭ ھېچقانچە ئېستېتىك قىممىتى بولمايدۇ. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل نېمىنى يېزىشتا ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىشتا. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قانداق يېزىشنىڭ بىر مەنىسى دەل ئوبرازلىق يېزىش، ئوبرازلاشتۇرۇپ يېزىشتۇر. ئادەتتە ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەر، جەڭگىۋار سىياسىي مەزمۇن — سىياسىي ۋەزىپىلەر ئىپادىلەنگەن، ئەمما بۇ مەزمۇن ۋە ئىدىيىلەر بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىپادىلەنمەي، بەلكى ئۇقۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەردە ھېچقانچە ئېستېتىك تەسىرات قوزغىيالمايدىغان ئەسەرلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇ ئەسەرلەردىكى ئوبرازچانلىقنىڭ كەملىكىدە.

4. يازغۇچى-شائىرلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغۇچى ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. يازغۇچى ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق ئىجاد قىلغان ئېستېتىك قىممەت ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا نامايەن بولغان بەدىئىي ماھارىتى ۋە بەدىئىي خاسلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ھۆسن-جامالنى كېلىشتۈرۈپ سۈرەتلەش بىلەن كېلىشكەن ھۆسن-جامالنى سۈرەتلەش تامامەن باشقا-باشقا ئىككى ئىش»، بۇ سۆزدىكى «كېلىشتۈرۈپ سۈرەتلەش» دەل بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسىدۇر.

يازغۇچى-شائىرلارنىڭ تەسۋىرلەۋاتقىنى مەيلى گۈزەل نەرسىلەر ياكى خۇنۇك نەرسىلەر بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىشقان، ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئوتتۇقلۇق سۈرەتلەپ بېرەلىسىلا ئېستېتىك قىممەت يارىتالايدۇ. يازغۇچى-شائىرلارنىڭ تاللىۋالغىنى ھەرقانچە ياخشى تېما بولغىنى بىلەنمۇ، پىشقان بەدىئىي ماھارەت بولمىسا، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز، ئېستېتىك قىممەتسىز ئەسەر بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.

لۇناچارسكى چېخوپقا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ خۇنۇك ھادىسىلەرنى كۆرەلىگەن... ئەمما ئۇلارنى شۇنداق يۇقىرى ماھارەت بىلەن يازغانكى، ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتى تېمىنىڭ سىزگە بېرىدىغان تراگېدىيىلىك تۇسىنىمۇ يوشۇرۇپ قويغان.» لۇناچارسكى بۇ يەردە چېخوپنىڭ خۇنۇكلۇكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلىشىدا ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ يەنە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەيدۇ: بىر بۈيۈك رەسسام ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ قاتتىق ئازابلانغان. ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە چىرايىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەينەككە بىر قاراپلا قورقۇپ كەتكەن. كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە چىرايىنى سىزىپ چىققان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ بولغۇسى ئايالى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ «نېمە دېگەن پەيزى! نېمىدېگەن پەيزى!» دەپ ماختاپ كەتكەن. دېمەك بۇ رەسسامدىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بۇ رەسىمنى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز بەدىئىي ماھارەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىشتىكى رولىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

5. شەكىل گۈزەللىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى شەكىل گۈزەللىكى ئەسەردىكى ئوبرازلار ۋە ئوبرازلار سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەم ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەللىك گۈزەللىكى. ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى، ئەسەر سيۇژىتى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى كۆپ خىللىق-بىردەكلىك گۈزەللىكى، شېئىرىيەتتىكى رېتىم گۈزەللىكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئامىللار ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇلار كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزئارا بىرىكىپ، بىرلىكتە رول ئوينايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

www.uyghurkitap.com

# ئەدىبلەر سۆھبىتى

شۆيەن

## ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت خاتىرە ئەسەرلەردىكى توقۇلما ۋە ساختىلىقلار

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى زامان تارىخىي تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە مۇقامى يېڭى، تارىخىي پاكىتى كۈچلۈك ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، كىتابخانلارنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بەزى قەلەمكەشلەر پۇلپەرەسلىكنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۆزلىرى «تارىخىي خاراكتېرى مۇكەممەل» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمەلىيەتتە ساختىلىق بىلەن تولغان ئاتالمىش تارىخىي «خاتىرە»لەرنى كىتاب بازارلىرىغا سېلىپ، زور تارىخىي مەسىلىلەردە خالىغانچە ئويدۇرمىچىلىق قىلىپ، كىتابخانلارنى ساختا نەرسىلەر بىلەن ئالدىدى، ھەتتا ئۇلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلدى. خاتىرە ئەدەبىياتى ھەرگىزمۇ توقۇلما ئەدەبىيات ئەمەس.

ھازىرقى زامان تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەردە، نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىردەك ئەمەس، نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ راست-يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، ئىجادىيەتتە يەنى خاتالىقلار بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تەسادىپىي يۈز بېرىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ بۇ يەردە ئەيىبلىمەكچى بولغىنىمىز سۇبيېكتىپ جەھەتتە چىنلىققا ئېتىبار بېرىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ساقلىنىش تەس بولغان خاتالىقلار بولماستىن، بەلكى مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بىلەن ھېسابلاشماي، غەرەزلىك ھالدا ساختا تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان قىلمىشلاردىن ئىبارەت. جەمئىيەتتىكى بۇنداق ساختىلىقلار ھازىر بەزى ئاتالمىش «خاتىرە»لەر بىلەن «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى»دا مەركەزلىك ئىپادىلەنمەكتە.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى خېلى كۆپ تارقىتىلغان «چاۋشيەنگە ئەسكەر چىقىرىش خاتىرىسى» دېيىلگەن «قارا قار» دېگەن كىتابتا نۇرغۇن تەپسىلاتلار ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان بولسىمۇ، تارىخىي پاكىت نۇقتىسىدىن ئۇنىڭدا ئەمەلىي ئەھۋالغا يات نۇرغۇن توقۇلمىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كىتابتا تەسۋىرلەنگەن جوۋئېنلەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ستالىن بىلەن بولغان چاۋشىيەنگە ئەسكەر چىقىرىش ھەققىدىكى سۆھبىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا مەيلى سۆھبەت ئورنى، قاتناشقان كىشىلەر ياكى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى بولسۇن پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىرىلغان تورۇقلۇق يەنە « تارىخىي پاكىت ئاساسىغا ئىگە » دەۋېلىنىغان. نۇرغۇن ئوششاق گېزىتلەر بۇلارنى ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىيال، دەپ ئېلان قىلىغان ۋە پايدىلانغان. مەلۇم ئالىي مەكتەپ نەشرىياتى نەشر قىلغان « جوۋئېنلەينىڭ دېپلوماتىيە سەنئىتى » ناملىق كىتابتا بۇنداق توقۇلمىلار جوۋئېنلەينىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسى قىلىنغان، نەتىجىدە يەنە بەزى گېزىت-ژۇرناللار توقۇپ چىقىرىلغان بۇ نەرسىلەرنى تارىخىي پاكىت ھېسابىدا يەنە بىر قېتىم تارقاتقان.

« سوڭ مېيلىڭنىڭ تەرجىمھالى » ۋە « سوڭ مېيلىڭنىڭ چەت ئەلدىكى 40 يىلى » دېگەن كىتابلاردىكى تەسۋىرلەردە زامان ۋە ماكاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ ھالدا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن. كىتابتا 1950 - يىلى جوڭگونىڭ چاۋشىيەنگە ئەمدىلا ئەسكەر چىقارغانلىقى تەسۋىرلەنگەندە، نېكسون ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى سالاھىيىتى بىلەن تەيۋەننى زىيارەت قىلغان، دەپ تەسۋىرلەنگەن ھەمدە نېكسوننىڭ خانىمى بىلەن جياڭ جېيشىنىڭ خانىمىنىڭ سۆھبىتى بايان قىلىنغان. دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر نېكسوننىڭ 1953 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بولغانلىقىنى بىلىدۇ. يەنە ئالايلۇق، ئاۋىئاتسىيە تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چاۋشىيەن ئۇرۇشىدا تۇنجى قېتىم تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەپسۇسكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالغا ئەسكەر چىقارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن « شەرقتە. پاتقان قۇياش » ناملىق كىتابتا 1945 - يىلدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدىكى تەسۋىردە، ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ جوڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلغانلىقى تاغاردا بىر گەپلەر بىلەن بايان قىلىنغان. ئېلىمىز « ئىل 18 » تىپلىق پولۇچىلار ئايروپىلانىنى ئەڭ دەسلەپ 1959 - يىلى كىرگۈزگەن. جوۋئېنلەي زۇڭلى 1960 - يىلى تۇنجى قېتىم شۇ تىپتىكى ئايروپىلان بىلەن ھىندىستانغا زىيارەتكە بارغان، ۋەھالەنكى « ھىمالايا تېغىدىكى قار — جوڭگو-ھىندىستان ئۇرۇشى خاتىرىسى » ناملىق كىتابتا، جوۋئېنلەي زۇڭلى 1960 - يىلى « بوئېن » ماركىلىق ئايروپىلان بىلەن ھىندىستانغا زىيارەتكە بارغان (ئەمەلىيەتتە بوئېن ماركىلىق ئايروپىلان 70 - يىللاردا ئېلىمىزگە كىرگۈزۈلگەن) دەپ يېزىلغان.

داھىيلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىلەن ئۇلار بەلگىلىگەن سىياسەتلەر توغرىسىدا خالىغانچە توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە « ماۋزېدۇڭ قىزغىنلىقى » كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرى داھىيلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن كۆپ خەۋەردار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغان نۇرغۇن كىتابخانىلار بۇ ساھەگە قىزىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم «خاتىرە»لەردە ھەدەپ «يۇقىرى قاتلام» سورۇنلىرى تەسۋىرلىنىشكە باشلىدى. بۇنداق ئەسەرلەردە بەزى قەلەمكەشلەر چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتىنى ئويدۇرۇپ چىقارسا، يەنە بەزى قەلەمكەشلەر بەزى يالغان-ياۋداق نەرسىلەرنى ھەقىقىي تارىخ سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ھازىرقى زامان تارىخىدىن بىخەۋەر بەزى يازغۇچىلار ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق داھىيلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچىلا توقۇپ چىقىپ، داھىيلارنىڭ ئوبرازىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەت بەلگىلەش جەريانىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاپ، نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلدى. مەسىلەن، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «ھىمالايا تېغىدىكى قار» ناملىق كىتابتا، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەينىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى ۋە ئاتالمىش «مۇخبىرنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋاب»لىرى قاراپ تۇرۇپلا توقۇپ چىقىرىلغان ھەمدە تارىختا پەقەت ئېچىلىپ باقمىغان «بىشەن ھەربىي ئىشلار يىغىنى» ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. كىتابتا توقۇپ چىقىرىلغان «داھىيلار سۆزلىرى»دە ئېلىمىزنىڭ دىپلوماتىيە ۋە مىللىي سىياسىتىگە خىلاپ نۇرغۇن خاتالىقلار ۋە تارىخىي، جۇغراپىيە جەھەتتىكى ساۋات خاراكتېرلىك خاتالىقلار بار، ھەتتا ئېلىمىزنىڭ چېگرا يۆنىلىشىمۇ خاتا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ قارا قۇرۇم تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىغا بارىدىغان شىنجاڭ-شىزاڭ تاش يولى «چىڭخەي-شىزاڭ تاش يولى» دېيىلگەن، سىچۈەننىڭ شىمالىدىكى زاڭزۇلار كاڭبازۇلار دەپ ئاتالغان. كىتابتا يەنە داھىيلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى ھېچقانداق ئاساسسىزلا قالايمىقان بايان قىلىنغان. گەرچە بۇ كىتاب نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئاخبارات-نەشرىيات تارماقلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى توقۇنۇش تەسۋىرلەنگەن «مۇزلۇقتىكى تىركىشىش — 1962-1969-يىلدىكى جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا ئۇرۇشى خاتىرىسى» (ئەسكەرتىش: مەزكۇر كىتابنىڭ نامى بىلەن تارىخىي يىل تەرتىپىدىمۇ خاتالىق بار) دېگەن كىتابىدا، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ روھىي پائالىيەتلىرى ۋە سىياسەت بەلگىلەش جەريانىغا دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى ۋە شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيوروسى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى قالايمىقان توقۇپ چىققان. شۇنداقلا ماۋزېدۇڭنىڭ بەزى كىشىلەرنى سىياسىي بىيوروغا كىرگۈزگەنلىكى پۈتۈنلەي ئاق يەردىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. كىتابتا توقۇپ چىقىرىلغان جۇئېنلەي گەپ-سۆزلىرىدە شۇ چاغدىكى خەلقئارا ساۋاتقا خىلاپ نۇرغۇن گەپلەرگە يول قويۇلغان. مەسىلەن: رۇمىنىيە ھۆكۈمىتى 1968-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان، بۇ چاغدا جۇئېنلەي زۇڭلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن رۇمىنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان. ئەپسۇسكى،

بۇ كىتابتا توقۇپ چىقىرىلغان ئاتالمىش زۇڭگىلىنىڭ «دوكلات»ىدا رۇمىنىيمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەگىشىپ چېخسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشقا قاتناشقان، دېيىلگەن. «كۈنى پاتقان كۈنچىقىش» دېگەن كىتابتا ماۋزېدۇڭ قاتارلىق ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ شەرقىي شىمالغا يۈرۈش قىلىش تەدبىرىنى بەلگىلەش جەريانى توقۇپ چىقىلىپ، تارىخنىڭ ئاساسىي تارمىقى پۈتۈنلەي خاتا تەسۋىرلەنگەن. كىتابنىڭ يەنە نۇرغۇن جايلىرىدا ماۋزېدۇڭ بىلەن جياڭ چىڭنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەتتا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي پاراڭلىرى ھېچقانداق ئاساسسىزلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.

ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق داھىيلارنىڭ پائالىيەتلىرى بولۇپمۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بەلگىلىگەن زور سىياسەتلىرى ھازىرغا قەدەر تەسىرى بار بولغان سىياسىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، شۇڭا بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەندە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە، چوقۇم دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈش ھەمدە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇش كېرەك، ئۇلارنى نوقۇل ھالدا ئەسلىمىگە تايىنىپلا توغرا ئىپادىلەش ناھايىتى تەس. مەسىلەن ئالايلۇق، 1946-يىلى باھاردا ماۋزېدۇڭنىڭ خېبېينىڭ چېڭنەنجۇاڭ دېگەن يېرىدە دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە كىشى نەشر قىلدۇرغان ئەسلىمىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل قاراش بار. بۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي شاھىدلارنىڭ بايانلىرىدا ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس. ئۇلار بىر بولسا ئەينى چاغدىكى سالاھىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن تارىخنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، بىر بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق خاتىرىلەرنى رەتلىگۈچىلەر تارىخنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، پۇختا ئىش قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، مەلۇم بىر يازغۇچى يېقىنقى يىللاردا ماۋزېدۇڭ قاتارلىق داھىيلار ھەققىدە ئەسلىمە خاراكتېرلىك نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يېزىپ ۋە رەتلەپ، ماۋزېدۇڭنىڭ تارىختىكى ئەسلى ئوبرازىنى نامايەن قىلىپ بېرىشتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەردە تارىخىي چىنلىق يېتەرسىز بولغاچقا، پارتىيە تارىخى ۋە ئۇرۇش تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان يولداشلار، ئۇلاردىكى بەزى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر ۋاقىتنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى، ئۇرۇش مۇساپىسىنىڭ توغرا بايان قىلىنمىغانلىقى قاتارلىق روشەن يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىغان.

تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەردە ئاپتور تارىخنى سۇبيېكتىپ ھالدا خالىغانچە زورمۇ زور توقۇپ چىقىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىشى كېرەك. تارىخىي پاكىتتىن ئايرىلىپ تارىخنى زورمۇزور توقۇپ چىقىشنىڭ توپ يىلتىزى شۇ يەردىكى، بەزى ئىجادىيەتچىلەردە ھەم تارىخىي بىلىم جەھەتتىكى ئاساسىي ماھارەت كەمچىل، ھەم ئۇلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەندە نەشر قىلىنغان «لىن بياۋنىڭ تەرجىمىھالى» (ئاپتورى لىن چىڭشەن) نىڭ ئاپتورى ئەقەللىسى لىن بياۋنىڭ جياڭشى تايانچ بازىسىدا قىزىل 4-ئارمىيىنىڭ قوماندانى بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي

تۇرۇپ، ئۇنى خۇبېي، خېنەن، ئەنخۇي يەنى دابيېشەن رايونىدىكى قىزىل 4-ئارمىيىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. يەنە مىسالغا ئالساق، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «قارا قار» دېگەن كىتابتا چاۋشيەن داھىيسىنىڭ بىر ئابزاس سۆزى توقۇپ چىقىرىلغان. يالۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى جۇڭگېنخۇي تېغىنى تۇمېنجياڭ دەرياسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان دەپ يېزىپ، خاتالىققا يول قويغان. جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش تەسۋىرلەنگەن «مۇزلۇقتىكى تىركىشىش» دېگەن كىتابتا، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى، بىرژنېۋنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدىكى ئەمىلىنىڭ نامى، 60-يىللاردىكى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى باش سەنمۇجاڭىنىڭ ئىسمى پۈتۈنلەي خاتا ئېلىنغان. «ھىمالايا تېغىدىكى قار» دېگەن كىتابتا ئاپتور جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ قەيەرلەردە قىلىنغانلىقىنى بىلمىگەن، ھەتتا ئۇرۇش بولغان بەزى رايونلارنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنىمۇ خاتا بايان قىلغان تۇرۇپ، يەنە تەپتارتماستىن مەزكۇر كىتابنى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ «ئومۇمىي مەنزىرىسى» ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتاب، دەپ داۋراڭ سالغان. بۇنداق يېزىلغان «خاتىرە» ۋە «ھەقىقىي خاتىرە» لەر قانداقمۇ ھەقىقىي خاتىرىلەر بولسۇن؟

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەر بىلەن شياڭگاڭ، تەيۋەنلەرنىڭ بەزى تارىخىي كىتابلىرىمۇ چوڭ قۇرۇقلۇققا كىرىشكە باشلىدى. ئۇلاردىكى بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى بېيىتىش، ئەلۋەتتە، ئوبدان ئىش، لېكىن بۇ يەردە ئاشۇ تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ راست-يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش مەسىلىسى بار. بولۇپمۇ ئىلگىرى تەيۋەن تەرەپنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ۋە ئۆزىنى ماختاش يۈزىسىدىن يېزىلغان تارىخىي كىتابلىرىدىكى ۋە شياڭگاڭنىڭ پايدا ئۈچۈن ئاجايىپ-غارايىپ خەۋەرلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان سېپى ئۆزىدىن تاۋارلاشقان كىتابلىرىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلاردا تارىخ بۇرمىلىنىپ بايان قىلىنغان. خەلقئارادىكى بىلىملىك تارىخچىلار بۇنداق نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەيۋەندىكى بەزى ئالىملارمۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىلگىرىكى تارىخ كىتابلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرىنىڭ ساختىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئاز ساندىكى مۇناپىقلارنى ۋە باشقا غەرەزدىكىلەرنى سېتىۋېلىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ داھىيلىرىنى يامان نىيەت بىلەن خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بىر قىسىم ئاتالمىش خاتىرىلەرنى يازدۇرۇپ

چىقتى. بۇ كىتابلاردا توقۇپ چىقىلغان ساختا تارىخىي ۋە شەخسىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا نۇرغۇن نۇقسانلار بار بولۇپلا قالماستىن، سىياسىي نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ يامان غەرىزى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق نەرسىلەر ۋە ئۇلاردىن تارقالغان بىمەنە سەپسەتىلەرگە ئىشىنىشكە ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۇلارغا قەتئىي رەددىيە بېرىش كېرەك. بۇنداق ئەسەرلەردىكى ساختىلىق ۋە چاكىنىلىق ئاساسەن بەزى يازغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن كىتابخانلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئەسەرلىرىدە كىتابخانلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان «ئىچكى سىر»لارنى قەستەن توقۇپ چىقىشى، شۇنداقلا ئۆز ئەسەرلىرىگە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغان تايىنى يوق ناملارنى قويۇۋېلىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتور ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ چاكىنىلىقلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئانچە چۈشەنمىگەچكە، نۇرغۇن بابلارنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ توقۇپ چىقىدۇ-دە، نەتىجىدە چاكىنىلىق بىلەن ساختىلىق زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «لىن بياۋنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا، لىن بياۋ بىلەن يې چۈننىڭ «تۆشەك ئويۇنلىرى» خېلى كۆپ يەردە جانلىق توقۇپ چىقىرىلغان، زېرەك كىتابخان ئۇنىڭدىكى ئېتىقسىزلىق بىلەن ساختىلىقنى قاراپلا بىلىۋالايدۇ.

يېقىنقى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى بولۇپمۇ سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان تارىخىي شەخسلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ئاپتور چوقۇم توغرا سىياسىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قەلەم تەۋرىتىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ھازىرقى كاتتىۋاشلىرى تەسۋىرلەنگەن تەرجىمىھال ۋە خاتىرىلەردە خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە مەيدانغا يول قويۇلغان. جياڭ جېيشى، سۇڭ مېيلىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى مىسالغا ئالساق، ئۇلارنىڭ تارىختىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتە ئەكسىيەتچىل سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز ساندىكى يازغۇچىلار خاتا سىياسىي يۈنىلىشنى قوغلىشىش ئارقىلىق ئۆزگىچىلىك يارىتىپ، ئادالەتلىك ئىشلار بىلەن ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارغا قارشى مۇقام تۇۋلاۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق خاتا نۇقتىئىنەزەر بىلەن قەلەم تەۋرەتكەندە، تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ۋە تارىخنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇقەررەر تارىخنى بۇرمىلاش ۋە تارىخىي ساختىلىق كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئىنقىلابىي ئۇرۇشلاردا، ھەقىقەت بىلەن ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپنىمۇ بەزى كەمچىلىكلىرى ۋە قالاقلىق تەرەپلىرى بولىدۇ، ئەكسىيەتچىلىككە ۋە ئادالەتسىزلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپنىمۇ كىشىلەر قەلبىنى رام قىلىدىغان تەدبىرلىرى بولىدۇ. ناۋادا ئاپتور ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىمنى ئايرىماي، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرقلەندۈرمەي تۇرۇپ، ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپنىڭ قالاقلىق تەرەپلىرىنىلا توپلاپ ۋە تەسۋىرلەپ، ئەكسىيەتچىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپنىڭ بەزىبىر ئاتالمىش ياخشى تەرەپلىرىنى

مۇبالىغە قىلىپ ماختاپ تەسۋىرلىسە، ئۇنىڭ پايدىلانغان بەزى كونكرېت تارىخىي ماتېرىياللىرى چىن بولغان تەقدىردىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تارىخنى بۇرمىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە ساختىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلىش جېڭى تەسۋىرلەنگەن خاتىرە ئەدەبىياتى — «ئاق قاردىكى قىزىل قان» بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

شۇنى ئېنىكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئالدىنقى يىللاردا ساختىلىق بىلەن تولغان بەزى ئەسەرلەر جەمئىيەتتە خېلى كۆپ سېتىلدى، لېكىن ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان ھەقىقىي تارىخىي كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە سېتىلىشى تەسكە توختىدى. بۇنداق ساختا تارىخ ھەقىقىي تارىخقا زەربە بېرەلەيدىغان بازار بىلەن «لى شەيتان» ئەزۋەيلەپ، «لى كۆي مەردان» تەگقىسلىققا قالىدىغان غەلىتە ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب بەزى ناتوغرا ئۇسۇل ۋە يوللاردىن سىرت، يەنە ساختىپەز يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن كىتابخانلارنىڭ تارىخنى بولۇپمۇ «ئىچكى سىر» لارنى بىلىشكە ناھايىتى قىزىقىدىغان روھىي ھالىتىگە ماسلاشقانلىقىدا، شۇڭا بىز ساختا قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچۈن قانداق قىلىپ يېڭى يول ئېچىش ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

ماددىي تاۋارلار بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، ھازىر جەمئىيەتتە ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنداق پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ئاكتىپ ئۇنۇملۇك ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىتچىلىكىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت. دېمىسىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى قەلەمكەشلەر ئۆز مەيلىچە ساختا، سۈپەتسىز ئەسەرلەرنى توقۇپ چىقىپ، باشقىلارنى تەنقىت قىلغىلى قويماي ھەتتا تەنقىت قىلغۇچىلارغا تاپا-تەنە قىلىپ رەددىيە بەردى. ھەر خىل ئىلمىي پىكىرلەر ۋە نورمال ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىتچىلىكى بولمايدىكەن، ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دېموكراتىيىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھازىرقى زامان-تارىخنى تەسۋىرلەنگەن خاتىرىلەرنى ئىجاد قىلىشتا توغرا پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ھەقىقىي، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىشكە كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ.

(«ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1996 - يىللىق 17 - ماي سانىدىن)

**قاھار ئۇسمان** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر **ئۇسمانجان ساۋۇت**

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## كىتاب خەۋەرلىرى

يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان تۆۋەندىكى بىر قىسىم كىتابلارنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىدۇ:

«تۇرمۇش ۋە ئىلھام» (ئوبزورلار توپلىمى) ئابدۇۋەلى كېرىم؛ «ھايات شاماللىرى» (رومان) سەمەت دۇگايلى؛ «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» (ماقالىلەر) ئا. ئۆتكۈر؛ «ئەدەبىيات تەسۋىرلىرى لۇغىتى»؛ «قىزچاقنىڭ ھالاكىتى» (مىسىر) ئىھسان ئابدۇلقۇددۇس؛ «كەچكۈز چېچەكلىرى» (شېئىرلار توپلىمى) ئەركىن نىزامى؛ «قەھرىمان قاتىل» (قىسسە) ئابدۇقەييۇم تۇردى، ئابدۇللا ئابدۇرېشىت؛ «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» (ماقالىلەر) خوجا ئەخمەت يۇنۇس؛ «ياپراق» (شېئىرلار توپلىمى) مەھەممەت شاۋۇدۇن؛ «گۈل بەرگلىرى» (ھېكايە، شېئىرلار توپلىمى) رەيھان ئېلاجى؛ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ئىمىنجان ئەخمىدى تۆزگەن؛ «يېڭىچە ياڭرىغان ئاھاڭلار» (پوۋېست) ئېلاخۇن جەلىلوۋ؛

قايتا نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار: «مالاي تەلۋىسى» (چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن) (2)؛ «ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرى» تۇرسۇن ئەرشىدىن؛ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدچىلىك مەسىللىرى» (ئوبزورلار توپلىمى) كېرىمجان ئابدۇرېھىم؛ «كېچىدىكى ئادەم» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) ئەسئەت ئەمەت؛ «رەھىمسىز تەقدىر» (نەسرلەر توپلىمى) ئەمەت ياسىن؛ «جامئى ھېكايە» ئاقسۇئى؛ «ساداقەت زېمىندا ساقلىنىدۇ» (ئوبزورلار توپلىمى) مەھەممەت پولات؛ «جانان كېلىدۇ» (شېئىرلار توپلىمى) تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم؛ «قىسمەت» (ھېكايىلەر توپلىمى) مەريەم تۇردى؛ «لەۋدىن قەلبگىچە» (رومان) رېشات كونتىگىن؛ «سەھرا گۈزىلى» (ھېكايىلەر توپلىمى) ياسىن نىياز؛ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ھاجى قۇتلۇق قادىر؛ «قىساسنى ئۇنتۇغان ئادەم» (ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى) تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com




مۇھەممەت تۇمىن؛ «ئاشىق-مەشۇقلار ماجراسى» (رومان) جورجى زەيدان؛ «ئاجايىپ مەخپىيەت» (چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن).

«تارىم ۋە مەن»

بۇ توپلامغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقى ۋە «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىز نازىرى، تۇردى سامساق، قەييۇم تۇردى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھوشۇر، قاھار جېلىل قاتارلىق پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش ئەدىبلەر، مۇھەررىرلەر يازغان ماقالىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، بۇ ماقالىلەردە «تارىم» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىنى ئەسلەش ئارقىلىق، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن ھەمدە ژۇرنالچىلىق خىزمىتى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر مۇئەييەن تارىخىي، ئىلمىي قىممەتكە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ۋە ھەۋەسكارلار ھەم كەڭ كىتابخانلار ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان**






# تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　缉：《塔里木》编缉部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 11-سان (429-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号： ISSN 1002—9044
国内统一刊号： CN 65—1010/I
国外代号： M 4461
邮发代号： 58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码： 830000　:پوچتا نومۇرى

广告许可证： 新工商广字 00528139 号